‹‹جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى››دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
‹‹شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى››غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物



ھاياتلىق ئىلمى ئالىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى، ئىلىم-پەن تەشكىلاتچىسى،
مەرھۇم ئاباس بۇرھان ئەپەندى (2010.5.22 ـ 1932) نى ياد ئېتىمىز
ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

4
2010
新疆文化

ISSN 1008-6498
07>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، پېداگوگ
ئەنسەرىددىن مۇسا ئەپەندى تەۋەللۇتىنىڭ 75 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


دەۋر تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم ........ 2

**«ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»**

موڭغۇلىيەدىن ۋەتىنىگە قايتقان ئۇيغۇرلار ........ ئابدۇراخمان ئەبەي 3

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 14

**ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش**

كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ........ ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 20

**ئىلمگە خىيانەت ــ ئەلگە قىيامەت**

ئىلمگە خىيانەت ــ ئەلگە جاھالەت ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 41

ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسلىسى ........ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 43

**ھەق گەپ ــ نەق گەپ**

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ........ سۇلتانىي قاتارلىقلار تەرجىمىسى 67

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ تۇرسۇن قاسىم قاتارلىقلار 80


**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(59 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمىي 304 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىرى)

www.uyghurkitap.com



# دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 23 - ئىيۇل تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 2010 - يىل 23 - ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا 22 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ جىنتاۋ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانىغا يېتىشكە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بىز مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن چوڭقۇر تونۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەت مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى مۇھىم ئامىل، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم تايانچىسى. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەدبىر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسى بەرپا قىلىندى. ھازىرقى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى ئۇنىۋېرسال كۆزەتسەك، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتقا ۋە كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ قالدى.

خۇ جىنتاۋ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈشتە، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ماس تەرەققىياتىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، تەرەققىياتنى باش تېما، تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى مۇھىم نۇقتا، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قامداشنى مەۋقە ۋە مەقسەت قىلىپ، جۇشقۇن، ئۈنۈملۈك، ئېچىۋېتىلگەن، ئىلمىي تەرەققىياتقا پايدىلىق تۈزۈلمە - مېخانىزم بەرپا قىلىشقا كۈچەپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دېدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە مۇنداق بىر قانچە خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىرىنچى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، مېخانىزمى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش، بازارغا يۈزلىنىش، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش تەلىپى بويىچە، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھاتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرى، ئىگىزلىك خاراكتېرى، باراۋەرلىك خاراكتېرى، قولايلىق بولۇش خاراكتېرىنى نامايان قىلىش تەلىپى بويىچە، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مەدەنىيەتتە خەلقنى مەنپەئەتلەندۈرىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جامائەت مەدەنىيەت ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ تەكشى بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. مەدەنىيەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم مەدەنىيەت كەسپىي تۈرلىرىگە تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى كۆڭۈل قويۇپ يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى مەدەنىيەت كەسپلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ كۆلەملىشىش، تۈجىلىشىش، كەسپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۆزنەك مەھسۇلاتىنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىپ، ئېلىمىز مەدەنىيەت كەسپىنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۇنيادىكى پايدىلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆرنەك قىلىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان، ئىدىيەۋىلىك، بەدىئىيلىك ۋە ھۇزۇرلىنىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش كېرەك.

مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى سىستېمىسىغا ئاڭلىق ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، چاكىنىلىق، پەسكەشلىك، تەخسكەشلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.



# موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتقان ئۇيغۇرلار

**ئابدۇراخمان ئەبەي**

موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلار ياشىغان قەدىمىي ئەللەرنىڭ بىرى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئورخۇن ـ يېنسەي (ئاناساي) دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربىي جەنۇبقا ــ ھازىرقى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ئاخىرقى قېتىم كۆچكەندىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر دەسلەپتە موڭغۇل ـ شىرۋى قەبىلىسىگە، كېيىن موڭغۇللارنىڭ كەرەي قەبىلىسى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان نايمان، مەركىت قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى ياكى موڭغۇللارغا ئاسسىمىلياتسىيە بوپكەتتى. 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىدىكى بارلىق قەبىلىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇردى. ئۇ يەنە 1279 ـ يىلدىن 1368 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىختىكى بۈيۈك ئىمپېرىيە يۈەن سۇلالىسىنى بەرپا قىلدى. 1911 ـ يىلى يانۋاردا موڭغۇل خانى چاررۇسىيەنىڭ قوللىشى بىلەن «ئاپتونومىيە » ئېلان قىلدى. كېيىن موڭغۇل خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، 1921 ـ يىلى 11 ـ مارتتا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1945 ـ يىلى فېۋرالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشلىقلىرى يالتا يىغىنىدا سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتى بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. 1946 ـ يىلى 5 ـ يانۋاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى يەر كۆلىمى 1 مىليون 564 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 14 مىڭ (2009 ـ يىللىق ئىستاتىستىكا). ئارىدىن توپتوغرا مىڭ يىل ئۆتكەندە، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن، ئالتايدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سودا ـ سېتىق بىلەن (تاشقى) موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىگە قايتا كىرىشكە باشلىدى. ئاق كۆڭۈل موڭغۇل خەلقى ئۇيغۇرلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك قىزغىن، ئادىل مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە ھۆكۈمەت ئۇلارغا موڭغۇللار بىلەن تەڭ ـ باراۋەر ياشايدىغان ھوقۇق بەردى.

موڭغۇلىيەگە ئەڭ دەسلەپتە بارغان ئۇيغۇرلار ئالتايدىكى ھەمراجان، سەلەي باي، ھوشۇر ھاجىم قاتارلىق سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار مىلچىماللار، يەنى چاي، يىپ ـ يىڭنە، كىيىم ـ كېچەك، دورا ـ دەرمەك سودىسى قىلىدىغانلار ئىدى. ئۇ چاغدا (تاشقى) موڭغۇلىيە جۇڭگونىڭ زېمىنى بولغاچقا، ئارىدا چېگرا ۋە رەسمىيەت بېجىرىش مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ سودىگەرلەر ئاپارغان ماللىرىنى ئۇ يەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلار بىلەن تۈلكە تېرىسى، قۇندۇز تېرىسى، بۆكەن مۈڭگۈزىگە تېگىشىپ قايتاتتى. بۇ ماللارنى ئالتايدا ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ سودىگەرلەر يۇقىرى باھا بىلەن سېتىۋالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سودىسى نەچچە ئون ھەسسە پايدا قىلاتتى. ئەمما، بۇ سودا ئەتكەس مال سودىسى دەپ قارىلاتتى، شۇڭا بەزىدە يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىناتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ بىر مەزگىل تىنچ، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى بىرئاز ياخشىلىنىپ، سودا ـ سېتىق جانلىنىپ كەتتى. خوتەن تەرەپلەردە ھىندىستان، پاكىستان (ئۇ

## «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

چاغدا پاكىستان تېخى مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس ئىدى) چېگرا سودىسى؛ قەشقەر تەرەپتە (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوش، نەمەنگان، ئەنجان چېگرا سودىسى؛ ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردە تاشكەنت، ئالما ـ ئاتا چېگرا سودىسى جانلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئالتاي تەرەپتە موڭغۇلىيە چېگرا سودىسى تازا گۈللەنگەنىدى. ئاتۇش، قەشقەر، خوتەندىن ئالتايغا كەلگەن نۇرغۇن سودىگەر موڭغۇلىيەگە ملىچماللارنى يۆتكەپ سودا قىلاتتى ھەمدە كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۆپ بولدى، خەلق جان قايغۇسىدا پاراكەندە بوپكەتتى. قۇمۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، ئالتايدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ ۋە ياكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن قۇمۇل، جىمسار، ئالتاي چېگرالىرىدىن تۇركۈملەپ موڭغۇلىيەگە قېچىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى مۇساپىرلار قاتارىدا كۈتۈۋېلىپ خوبدا، ئۆلگەي ئۆلكىلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

دادامنىڭ بوۋىسى، يەنى مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام سوپاخۇن دېگەن كىشى ئەسلىي ئاتۇش ئازاقتىن بولۇپ، نەچچە ئەۋلاد موزدوزلۇق بىلەن ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەن. 1820 ـ يىللاردا ئاتۇش ئازاقتىن نۇرغۇن ئادەم يېڭى بوز يەر ئېچىش، چارۋا بېقىش ئۈچۈن ھازىرقى كاتايلاق (ئەسلىدە كاتتا يايلاق بولۇپ، قېلىن يۇلغۇن، توغراقلىق ئىكەندۇق)قا كۆچكەن. ئۇلۇغ بوۋام سوپاخۇنمۇ يۇرت بىلەن بىللە كاتايلاققا كۆچۈپ كېلىپ يەنە موزدوزلۇقنى قىلغان. بوۋام مەمتىلىمۇ كاتايلاقتا بىر ئۆمۈر موزدوزلۇق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن.

دادام ئەبەيدۇللا 1914 ـ يىلى ئاتۇش كاتايلاقتىن 18 يېشىدا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ ئۇرۇمچىگە چىققان. ئاۋۋال شىخو، چۆچەكلەردە، ئاندىن (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى شەمەي دېگەن شەھەرلەردە سودا قىلغان. 1924 ـ يىلى ئالتايغا كېلىپ، موڭغۇلىيەنىڭ خوبدا شەھىرى بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدا ملىچمال سودىسى قىلغان. 1928 ـ يىلى موڭغۇلىيەنىڭ زاپخۇن شەھىرىدە موڭغۇلىيە



مەرھۇم دادام ئەبەيدۇللا مەمتىلى

بويىچە تۇنجى قېتىم قوغۇن تېرىغان. دادامنىڭ ئەسلىي تولۇق ئىسىم فامىلىسى ئەبەيدۇللا مەتىلى ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيەدە قازاقلار ئەركىلەتمە ئىسىم بىلەن «ئەبەيلەم» دەپ چاقىرىپ ئەبەيلەم بوپقالغان، موڭغۇللار بولسا تېخىمۇ قىسقارتىپ ئەبەي دەپ ئىسىم قويۇۋالغان. ھازىر بۇ «ئەبەي» دېگەن نامنى مەن ۋە بالىلىرىم ئەۋلادلىرىمىزنىڭ فامىلىسى قىلىپ

قوللاندۇق. ئاپامنىڭ دادىسى يۇسۇپئاخۇن ياقۇپ كېرىيەلىك خۇمدانچى بولۇپ، 1918 ـ يىلى ئالتايغا چىقىپ بىناكار بولغان، ئالتايدا توي قىلغان. 1934 ـ يىلى نويابىردا ئالتايدا ئاق ئورۇسلار قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇلارنى بۇلاپ قىرغىن قىلدى. چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانام 13 ياشتىكى ئاپامنى ئېلىپ تاغقا قېچىپ كېتىۋاتقاندا چوڭ ئانامغا ئوق تېگىپ يولدا ئۆلۈپ كەتكەن. چوڭ دادام يۇسۇپئاخۇن ئاپامنى ئېلىپ موڭغۇلىيەگە قېچىپ بارغان. 1937 ـ يىلى دادام بىلەن ئاپام خوبدا شەھرىدە توي قىلغان ھەم بالىچاقىلىق بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇلىيەنىڭ خوبدا، ئۆلگەي، زاپخۇن، ئۇلانباتور، ئورخۇن شەھەرلىرىدە توپ ـ توپ ئۇيغۇر مەھەللىسى پەيدا بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ بازارلىرى شەكىللەندى. قىرلاردىن شەھەرگە كىرگەن چارۋىچى موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇ، مانتا، لەڭمىنىنى يېمەي قايتمايتتى. ئۇلار يەنە ئۆيدە قالغان خوتۇن ـ بالىلىرىغا گىردە، سامسىلارنى ئەكېتەتتى. بۇ بازاردا تۆمۈرچىخانا، ساتىراشخانا، سەيپۇڭخانا، موفاڭ (ئات تۇگمىنى)، ياغاچچىلىق دۇكانلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.



ئاقسۇلۇق بەكرى موللام

ئاقسۇلۇق بەكرى موللام 1930 ـ يىللاردا ئۆلگەي شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خوجلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەندە دەريادىن ئۆستەڭ ئېلىپ دەريا بويىدىكى تېرىلغۇ يەرگە سۇ ئېلىپ چىقىپ، موڭغۇلىيە بويىچە تۇنجى بولۇپ سەۋزە، ياڭيۇ، شوخلا، تەرخەمەك، كاللەكبەسەي تېرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتىكى 300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچى ئاشخانىسىنىڭ كۆكتات مەسىلىسى ھەل بولغان. بەكرى موللام ئۆلگەي شەھرىگە بىر مەسچىت سالدۇرغان. ئۇ، 1940 ـ يىللاردا خوبدا شەھرىگە كۆچۈپ كېلىپ چوڭ ئاشخانا ئاچقان، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ پولۇ، مانتا، لەڭمەن، ئۇگرىلىرى موڭغۇلىيەدە شۇنداق داڭ چىقارغانكى، موڭغۇل خېرىدارلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يەيدىغان بولغان. 1980 ـ يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۆلگەي شەھرىنىڭ تارىخىنى يازغاندا بەكرى موللامنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇ يىللاردا خوبدا، ئۆلگەي شەھەرلىرىدە (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىدارە ـ جەمئىيەت ئىشخانىلىرىدىن باشقا خىش ۋە كېسەكتە سېلىنغان ئۆيلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى، موڭغۇللار قىش ـ ياز كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرنى، ئاندىن سودا دۇكانلىرىنى كېسەك بىلەن سېلىپ بىناكارلىق كەسپىنى شەكىللەندۈردى. بارا ـ بارا ھۆكۈمەتنىڭ قەۋەتلىك خىزمەت بىنالىرىنىمۇ ئۇيغۇر ئۇستاملار كۆتۈرە ئېلىپ سېلىشقا باشلىدى. قەشقەرلىك ئۆمەر، داۋۇت دېگەن كىشىلەر ئۆلگەي شەھىرىدە خومدان قۇرۇپ كۆك خىش پىشۇرغان، ھاك كۆيدۈرۈپ پۈتكۈل شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. خوبدا شەھىرىنىڭ ھازىرقى كوچا بويلىرىدىكى بەھەيۋەت تېرەكلەرنى ئابدۇراخمان سابىت دېگەن كىشى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ پىلانلاپ قويدۇرغان. 70 يىلدىن بۇيان بۇ تېرەكلەر ناھايىتى باراقسان يوغناپ، خوبدا شەھىرىگە ھۆسن قوشتى. ھازىرقى خوبدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسىنى شۇ يىللاردا تۇرپان لۈكچۈنلۈك ياقۇپ ئۇستام دېگەن كىشى سالغانىدى.

ئۇ يىللاردا موڭغۇللار خاس چارۋىچى خەلق بولغاچقا، دېھقانچىلىقتا پەقەت ئاز دائىرىدە ئارپا، تېرىقتىن باشقىنى تېرىمايتتى. شىنجاڭدىن بارغان ئۇيغۇرلار دېھقان خەلق بولغاچقا، بۇ زېمىنى بىپايان، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك ئەلدە ئەركىن دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپكى يىللاردا موڭغۇللارنىڭ بىر قويغا بىر قوغۇن تېگىشكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. دائىم دېگۈدەك ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولۇپ تۇرىدىغان بۇ دۆلەتتە بىردىنلا نەچچە مىڭ مولاپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاردىن ناھايىتى رازى بولدى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچى قانچىلىك يەتسە شۇنچىلىك دېھقانچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، بارلىق دېھقانچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. كېيىنكى يىللاردا دېھقانچىلىق قىلغانلارغا ياردەم پۇلى بېرىش، يېغىم مەزگىللىرىدە ئەسكەرلەرنى ئەكىلىپ زىرائەتلەرنى ياردەملىشىپ يىغىپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇلىيەدىكى ئىجتىمائىي ئورنى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. شۇ يىللاردا موڭغۇلىيەدە نەچچە مىڭ مو يەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغان، نەچچە مىڭ تۇياق قوي، نەچچە يۈز تۇياق تۆگە، ئات، كالىسى بار ئۇيغۇر بايلار بارلىققا كەلدى. پىچان ناھىيەسىنىڭ چوقۇتام كارىزدىن بارغان باي ساۋۇت (لەقىمى تۇتۇر) دېگەن كىشىنىڭ 1937 ـ يىللاردا 3000 تۇياق قوي، 200 تۇياق ئات، 200 تۇياق سېغىن كالا، 60 تۇياق تۆگىسى، 1500 مو يېرى بولۇپ، بۇغداي، ئارپا تېرىيتتى. بۇنىڭدىن باشقا باي ئىبراي، يۈسۈپئاخۇن باي، ئەبەيلەم (دادام)، ياقۇپ تۆمۈرچى، تۇنىياز باي، ھوشۇراخۇن باي، قارا كېرەم، تۇردىئاخۇن، تىيىپئاخۇن دېگەن كىشىلەر موڭغۇلىيەدە خېلى چوڭ بايلاردىن بوپقالدى. دادام ئەبەيلەم خوبدا شەھىرىنىڭ نەمىن دېگەن يېزىسىدا 300 مو يەرگە بۇغداي، ئارپا، قوغۇن تېرىيتتى. دادامنىڭ قوغۇنى موڭغۇلىيە بويىچە ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ھەر يىلى پايتەخت ئۇلانباتور شەھىرىگىمۇ نەچچە ئون ماشىنا قوغۇن يۆتكەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا 500 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 100 نەچچە تۇياق ئات، 100 تۇياق نەچچە كالا، 50 نەچچە تۇياق تۆگىسى بار ئىدى. مەن 1953 ـ يىلى 5 ـ مارت سەھەردە ئاشۇ خوبدا شەھىرىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ـ نەمىن دېگەن يەردە ئائىلىمىزنىڭ تۆتىنچى پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمەن. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ھەدەمنىڭ ئالمىئاخۇننىڭ ئايىسى بورسقان مېنىڭ كىندىك ئاپام بولغانىكەن. ئۇدا ئۈچ قىزدىن كېيىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىگە خۇش بوپكەتكەن دادام يەرلىك قازاق ـ موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مەن تۇغۇلغان كۈنى كەچتە قوي سويۇپ قولۇم ـ قوشنا ۋە يىراق ـ يېقىندىكى دوستلىرىغا چىلداقان (ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈك تويىغا ئوخشايدۇ) قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. چۈشتىن كېيىن ئىككى قوينى سويۇپ قازانغا سالغان چاغدا سۇمۇنلۇق (ناھىيەلىك) ھۆكۈمەتتىن جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ: شۇ كۈنى ئەتىگەندە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى ستالىننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، پۈتكۈل موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ داھىي ستالىنغا 30 كۈن قارىلىق تۇتىدىغانلىقىنى، بۇ 30 كۈن ئىچىدە ھەرقانداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغانلىقىنى، كىمدە كىم كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام ئوغۇل پەرزەنت كۆردۈم دەپ يۇرتقا بېرىدىغان چىلداقان چايىنى بىرەلمەي بىر ئايدىن كېيىن بەرگەنىكەن.

1938 ـ يىلدىن باشلاپ موڭغۇلىيەدىمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ «چوڭ تازىلاش» سىياسىتى ھۆكۈم سۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئاتاقلىق زىيالىيلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت، جامائەت ئەربابلىرى، پۇلدار بايلارنى تۇتقۇن قىلىش (ھەپسىگە تاشلاش) باشلاندى. ئۇلارغا كوممۇنىزمغا قارشى، چەت ئەلگە باغلانغان دېگەن بەتنامالار چاپلانغانىدى. ئۇلار تۈرمىلەردە قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدى. دۆلەت بويىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 50 نەچچە مىڭ ئادەم ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر زىيالىيلار، ئۇيغۇر بايلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىنلا مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار ئىدى. پىچان چىقتىملىق سابىت ھامۇت دېگەن كىشى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ كاتتا باي ئىدى. 1938 ـ يىلى تۇتقۇن باشلانغاندا ئۇ قورقۇپ ئۆيىدىكى 20 كىلوگرام ئالتۇن ـ تىللانى يوشۇرماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ئىنىسى بىلەن بىر كالىنى سويۇپ بارلىق زىنچە ئالتۇن، تىللانى بىر پارچە كىگىزگە ئوراپ ياغاچ ساندۇققا سالىدۇ، ساندۇقنى كالا تېرىسىنىڭ تۈكى بار تەرىپىدە ئوراپ، ئاندىن كالا تېرىسىنىڭ ھۆل تەرىپىنى يۇمشاق تۇز بىلەن تۇزلاپ، قىل ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى تاغ باغرىغا كۆمۈپ قويغىلى ماڭىدۇ. سابىت ھامۇتنىڭ توققۇز

ياشلىق ئوغلى ئابدۇراخمان ئۇلارغا ئەگىشىپ تاغ باغرىغا ئاز قالغانـدا دادىـسى كـۆرۈپ قېلىـپ، ئـالتۇن كـۆمگەن يەرنـى يوشـۇرۇش ئۈچـۈن بالـىسنى تىلـلاپ ھەيدىۋېتـىدۇ. ئـۇلار ئالتۇنلىرىنى تاغنىڭ كەينىگە كۆمۈپ قويۇپ 3 ـ كۈنى كېچىسى ساقچىلار ئاكا ـ ئۇكا ھەر ئىككىسنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئۇلار شۇ كەتكەنـچە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلـىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئايالى ئايخان ئوغلى ئابدۇراخمان بىلەن ھېلىقى تاغ باغرىنى نەچچە ئـايغىچە تـولا كـولاپ ھەمـمە يەرنـى قىزىۋېتىدۇ، لېكىـن ئالتۇن ـ تىللالارنى تاپالمايدۇ. شۇ قېتىمقى «چوڭ تازىلاش» موڭغۇلىيەدە يېگىدىن گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە غايەت زور يوقىتىش ۋە پاجىئە بولدى.

موڭغـۇلىيەگە بارغـان ئۇيغۇرلارنـىڭ كۆپىنچـىسى ياشـلار بولغاچقا نىكاھ مەسىلىسى ئۇلارغا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئەكەلدى. كېيـن شـىنجاڭدىن ئـائىلە بـويىچە كۆچـۈپ بارغـان ئۇيغـۇرلار باللىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا قۇدىلاشتى. يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر قازاق قىز ـ ئايالار بىلەن تۇرمۇش قۇردى. بىر قىسىم ئۇيغـۇر موڭغـۇل ئايـاللار بىلەنمـۇ تۇرمـۇش قـۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەنـدە موڭغـۇلىيەدە يېڭـى بىـر ئەۋلاد ئۇيغـۇر بـالىلىرى ئۆسـۈپ يېتىلـدى. ئەپـسۇس، موڭغـۇلىيەدە ئۇيغـۇر مەكتىپى يـوق ئىدى. ئەۋلاد تەربىيەسى تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنـىڭ ئالـدىغا يەنە بىر يېڭـى قىيىنچىلىقنى تاشلىدى. كېرىيەدىن بارغان يۈسۈپئاخۇن ياقۇپ دېگەن خۇمدانچى (ئاپامنىڭ دادىسى، يەنى مېنىڭ چوڭ دادام بولىدۇ) 1940 ـ يىلى مەخسۇس خۇمدان قۇرۇپ كۆك خىش پىشۇرۇپ، خوبدا شەھەر مەركىزىدە ئالتە سىنىپلىق بىر ئۇيغۇر مەكـتەپ سـالدى. بـۇ مەكـتەپ هـازىرمۇ خوبـدا شـەھىرىدە هۆكـۈمەت تەرىپىدىـن قوغدىلـىدىغان مەدەنىـيەت ئابىدىسى قىلىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەمـما، بـۇ مەكـتەپ پۈتكەن بىلەن ئۇيغۇر باللىرى ئوقۇش باشـلىيالمىدى. چۈنكـى، ئۇيغـۇردىن ئوقۇتقۇچـى تېپىلمـىدى، بىـر ـ ئىككـى سـاۋاتلىق ئـادەم چىققـان بولـسىمۇ يېتـىشمەيتتى. ھەممـىدىن مۇھىمـى ئۇيغـۇر



كېرىيەلىك يۈسۈپئاخۇن ياقۇپ

تىلىدا دەرسلىك يوق ئىدى. ئاخىر بۇ مەكتەپنىڭ «ئۇيغۇر مەكتىپى» دېگەن نـامى سـاقلىنىپ قالغـان بولـسىمۇ، ئۇيغـۇر باللىرى يەنىلا موڭغۇل تىلىدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئەپسۇس، كېيىنكى يىللاردا بىزنىڭ ئائىلىدە شۇنداق بىر پاجىئە بولدىكى، چوڭ ئاچام تۇردىخان موڭغـۇلىيەدە موڭغۇل تىلـدا ئوقـۇدى، ئوتتۇرانچى ئاچام رەۋىخان ئاتۇشتا ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئوقۇدى، كىچىك ئاچام زورە بورتالا شەھىرىدە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا مەكتەپ پۈتكۈزدى. ئۈچ ئاچام ساۋاتلىق بولسىمۇ ئەمـما ئـۇلار بىـر ـ بىرىنىڭ يازغـان خەتلىرىنى ھەرگىـز ئوقۇيالمايتتى...

20 ـ ئەسـىرنىڭ 40 ـ يىللىرىـدا موڭغـۇلىيەدە كولخوزلىشىش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلار بۇ سوتسىيالىـستىك ئۆزگەرتـىشكە ناھـايىتى ئاكتىـپ قاتناشـتى. گۆچۈگلۈق ھېيتئاخون روزى موڭغـۇلىيە ئۆلكەي ئۆلكـىسىنىڭ ئاقچى دېگەن كولخوزىغا رەئىس بولۇپ سايلىنىپ، بۇ كولخوزنى ناھـايىتى تېـزلا ئەڭ ئىلغار كولخـوز قىلىـپ قـۇرۇپ چىققاچقـا، 1952 ـ يىلى موڭغـۇلىيە دۆلەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. كەنجىئاخۇن دېگەن ئاتۇشلۇق كىشى كۆپ يىل ئاشۇ ھېيتئاخۇن رەئىسكە مۇئاۋىن بولۇپ كولخوزنىڭ مالىيەسىنى باشقۇردى. ئاتۇشلۇق قارا كېرەم دېگەن كىشى خوبدا شەھىرىدە



رەئىس ھېيتئاخۇن روزى



مۇئاۋىن رەئىس كەنجىئاخۇن

بىر كولخوزنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى بولۇپ ئۇزۇن يىل ئىشلىدى. قـارا كېرەم يەنە تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ يىگىت بېشى ئىدى. ئـۇ بىـر ھەپتىـدە بىـر قېتىم مەشـرەپ ئۇيۇشـتۇراتتى. داپ، دۇتـار بىـلەن قاينـاپ كەتـكەن بـۇ مەشـرەپكە موڭغۇللارمـۇ كېلىـپ ئۇسـسۇلغا چۈشەتتى. تېيىپئاخۇن دېگەن كىشى خوبـدا بويۇنـسۇمۇل ئۇيغـۇر 16 ـ كولخوزىغا رەئىس بولغانىدى. ئۇيغۇر ياشـلار كـۆپلەپ ھەربـي ۋەزىـپە ئۆتەشكە قاتناشتى. خوبدا، ئۆلگەي شـەھەرلىرىدىكى ھۆكـۈمەت ئورگانلىرىـدىمۇ خېلى كـۆپ ئۇيغـۇر ھۆكۈمەت مەمۇرى بولۇپ ئىشلەيتتى. گۆچۈگـدىن بارغـان ياسـىن دېـگەن كىشى ئايالى خالدەم بىلەن خوبدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ناخشىچى، ئۇسسۇلچى بولۇپ كىردى، كېيـن ياسىن خوبـدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولدى. 1962 ـ يىلى «موڭغـۇلىيە خەلـق ئارتىـسى» دېـگەن ئەڭ ئـالىي شـەرەپكە



مۇئاۋىن رەئىس قارا كېرەم

ئېرىشتى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا ئىزچىل ھالدا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى. جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى مەزگىلىدە موڭغۇلىيە جۇڭگو خەلقىگە زور ياردەم بەردى. 1938 - يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو چاخار ئۆلكىسىگە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا 200 نەپەر ئەسكەر بىلەن تولۇق قورال - ياراغ ھەمدە ئاشلىق ئەۋەتتى. بۇ 200 نەپەر ئەسكەر ئارىسىدا 20 نەچچە ئۇيغۇر جەڭچى بار ئىدى. بۇ جەڭچىلەر ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن بولغان نەچچە قېتىملىق جەڭگە قاتناشقان، ھەممىسى جەڭدە قۇربان بولغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پىچانلىق ئابدۇل دېگەن يىگىت 1940 - يىلى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى بىر ئۇرۇش مەيدانىدا ياپونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن چاغدا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياپونلارنىڭ بىر پولكوۋنىكىنى ئېتىۋەتكەن. ياپونلار ئۇنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىنمۇ پۈتۈن بەدىنىنى نەيزىلەپ، قىيما - چىيما قىلىۋەتكەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بۇ قەھرىمان ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلانباتور شەھرىدە مەخسۇس خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇپ، ئىسىملىرىنى ئويغانىدى.

1939 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. 1941 - يىلى 22 - ئىيۇل ھىتلېر گېرمانىيەسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى. موڭغۇلىيە دەسلەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كۆپلەپ ماددىي ياردەم بەردى، كېيىن ئالدىنقى سەپكە نەچچە ئون مىڭ پىدائىي ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ پىدائىيلار ئىچىدە ئۇيغۇر جەڭچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. ئىسمائىل، تۇرسۇن دېگەن ئۇيغۇر يىگىتلەر ئۇرۇشتا پىداكارلىق بىلەن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ پولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. تۇرپان ئايدىڭكۆللۈك سەيدۇل دېگەن يىگىت 1939 - يىلى موڭغۇلىيە ھاۋا ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ ئۇچقۇچى بولغان. موڭغۇل ئۇچقۇچىلارنىڭ تىلى كەلمەي ئۇنى سەيسانوپ دەپ چاقىراتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىپ ئالدىنقى سەپكە بىر نەچچە كۈرەشچى ئايروپىلان ئەۋەتكەن. سەيسانوپ ئاشۇ كۈرەشچى ئايروپىلانلارنىڭ بىرىدە ئۇچقۇچى ئىدى. ئۇ، لېنىنگرادتىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا فاشىستلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر ئىستىھكامىنى پارتىلىتىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچقان. ئۇ، بۇ تۆھپىسى



ئۇرۇش قەھرىمانى سەيدۇل

ئۈچۈن ئالتۇن ئوردېنغا ئېرىشكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇلانباتور، موسكۋالاردا ئوقۇتۇپ ئالاھىدە تەربىيىلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدا ئىشلەتتى. ئىسمائىل دارغا (دارغا — موڭغۇل تىلىدا باشلىق دېگەن سۆز) موڭغۇلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا مەھكىمە باشلىقى دەرىجىلىك ۋەزىپە بىلەن مۇھىم خىزمەتلەردە بولدى. ئۇ 1947 - يىلى ماشىنا ۋەقەسىدە ئۇلانباتوردا قازا قىلدى. سەيسانوپ 1950 - يىلى خوبدا شەھرىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

تۇرسۇن دارغا ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلانباتور شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئورۇنباسار باشلىق بولۇپ ئۇزۇن يىل ئىشلىدى. ئاقسۇلۇق ھەسەنئاخۇن دېگەن ئۇيغۇر شوپۇر ئالدىنقى سەپتىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇۋاتقاندا ئۆپكىسىگە ئوق تەگسىمۇ، قەيسەرلىك بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ يارىدارلارنى ساق - سالامەت قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن موڭغۇلىيەدە «1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دېگەن شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار قورامىغا يەتكەن باللىرىنى ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ ئالدىنقى سەپكە جەڭگە ئەۋەتتى. ھەربىر ئائىلە تولۇق مال - مۈلكىنى ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى.



ئاقسۇلۇق شوپۇر ھەسەنئاخۇن

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيەنىڭ ئىقتىسادىي تېز



ҮНЭМЛЭХ

В № 1919

Тамга

Жолоочийн гарын үсэг

Улсын Цагдан Сэргийлэх газрын харъяа Хурын тэрэгний хэлтсийн мэргэжлийн комиссоос.

1955 он 2 сарын 19 өдөр гаргасан 6 тоот тогтоол ёсоор олгов.

Гуравдугаар зэргийн жолооч 1934 он 3 сарын 1 өдрөөс эхлэн жолоочийн ажил хийсэн.

Овог Осман

Нэр Асмахан

бол ...автобус ба эмчээтэг, г... комлид болон 5 тонн ба түүнээс дээш ачаа даац бүхий машинаас бусад машинуудыг жолоодох эрхтэй болно.

Мэргэжлийн комиссын дарга

Тамга.

1955 он 2 сарын 19 өдөр

ھەسەنئاخۇننىڭ 1934 - يىلى موڭغۇلىيەدە ئالغان شوپۇرلۇق كىنىشكىسى

تەرەققىي قىلدى. كولخوزلىشىشمۇ ناھايىتى تېزلەشتى. ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، كەڭ قورساقلىقى، مېھرىبانلىقى بىلەن ئاشۇ مۇ ساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ يارقىن ھەم ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. مەن كىچىكمدىن باشلاپ موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتقان چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ ھەقتە ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ ھېكايىلەردىن ئىككىنى سۆزلەپ بېرىشنى ھەممىگە كۆپايە قىلدۇ:

گۇچۇڭلۇق تۆمۈر نىياز دېگەن كىشى 1926 ـ يىلى موڭغۇلىيەگە بارغانىدى. ئۇ، خۇشپېئىل، كۆپكە قابىل، قولى گۈل سودىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ خوبدا شەھرىدە سودا قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تولىمۇ كۆپ موڭغۇل بىلەن تونۇشۇپ، بۇرادەرلىشىپ كەتتى. خوبدا چېگرا شەھەر بولغاچقا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر تۇراتتى. تۆمۈر نىياز بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۈچ ۋاق تاماقنى كۆتۈرە ئالدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەر كۈنى نەچچە يۈز لىس بولكا پىشۇرەتتى، نەچچە ئون داش قازاندا تاماق قىلاتتى، ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ ئوتۇنىنىمۇ تەمىنلەيتتى. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت بىنالىرىنى سالدىغان خىشمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ماشىنا ئارقىلىق توشۇلاتتى. تۆمۈر نىياز بىر چوڭ خۇمدان سېلىپ، يىلىغا مىليوندىن ئارتۇق خىش پىشۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ ياتاق، ئىشخانىلىرىنىمۇ سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوبدا شەھرىدە داڭلىق ئادەم بوپقالدى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى موڭغۇل چېگراسىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنى ئەڭ ئالدى بىلەن «نېمە ھۈنىرىڭ بار» دەپ سورايتتى، ئەگەر تۆمۈرچى، ياغاچچى، سەيپۇڭلۇق ھۈنىرىم بار دېسە ئۇز ئالدىڭغا تىجارەت قىل دەيتتى. ئەگەر «ھۈنىرىم يوق» دېسە «تۆمۈر نىيازنىڭ يېنىغا بار» دەپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. 1930 ـ يىللاردا تۆمۈر نىيازنىڭ قولىدا كۆكتات تېرىيدىغان، ئوتۇن توشۇيدىغان، خىش قۇيۇپ خۇمداندا پىشۇرىدىغان، تامچىلىق، ئاشپەزلىك قىلىدىغان 300 دەك ئۇيغۇر يىتىمچى بار ئىدى.

شۇ يىللاردا تۆمۈر نىياز ناھايىتى چىرايلىق بىر موڭغۇل قىز بىلەن تونۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇلار توي قىلىدىغان چاغدا موڭغۇل قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇلار «بۇ ئۇيغۇر قىزىمىزنى مۇسۇلمان قىلىۋېتىدۇ، بەرمەيمىز» دېدى. بۇ ماجىرا ئىككى ـ ئۈچ ئايغا سوزۇلدى. تۆمۈر نىياز ئاخىر خوبدا شەھرىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ھېلىقى شەھەر باشلىقى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «ھەممىمىز بىر خۇدانىڭ بەندىسى، بۈيۈك بۇزرۇكۋار پادىشاھىمىز چىڭگىزخانمۇ يالغۇز قىزى ئەلئالتۇننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىنگە ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ 5 ـ ئوغلى قىلىۋالغان. تۆمۈر نىيازمۇ ئۇيغۇر يىگىت. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، قولى گۈل، پاراسەتلىك يىگىتتىن بىر قىزىڭنى ئايىماڭلار، بۇگۈنلا توي قىلىپ بېر، قىزىڭنىڭ بەختى كەتمەپتۇ» دېدى.

ئۇلار ئاخىر توي قىلدى، تۆمۈر نىياز ئۇ موڭغۇل قىزغا مەريەمخان دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدى، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتتى. ئۇلار بەش باللىق بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھايىتى بەختلىك ياشىدى. ھەتتا تۆمۈر نىياز موڭغۇلىيە بويىچە ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئادەمگە ئايلاندى.

1936 ـ يىلى ئىيۇندا كولخوز رەئىسى ھېيتئاخۇن روزى بىرنەچچە خىزمەتچىسى بىلەن خوبدىدىن ئۇلانقۇم ئايمىقىغا بېرىپ موڭغۇللاردىن 300 تۇياق ئات سېتىۋالىدۇ. ئۇ، ئاتلارنى ھەيدەپ قايتىش سەپىرىدە بىر كۆل بويىغا كەلگەندە قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ. بەدىنى چېقىپ ئاغرىيدۇ، قىزىيدۇ، تىترەيدۇ. ھەرخىل سەۋەبنى قىلىپ باقسىمۇ زادى بولالماي يېتىپ قالىدۇ، كېچىسى نەپىسى قىسىلىپ ھاسىراشقا باشلايدۇ. ھېيتئاخۇن ئاخىر شۇ يەرلىك بىرنەچچە موڭغۇلنى چاقىرتىپ تۆگىدىن بىرنى سېتىپ بېرىشنى، 300 ئاتقا ئون كۈن قاراپ تۇرۇشنى تاپىلايدۇ. ئاندىن ھەمراھلىرىغا يەنە: «مېنى تۆگە بىلەن تېز ئېلىپ مېڭىڭلار، يولدا ئۆلۈپ قالسام ئۆلۈكمنى يولدا يەرلىككە قويۇۋەتمەي چوقۇم خوبدىغا ـــ ئۆيگە يەتكۈزۈڭلار» دەيدۇ.

ھېلىقى موڭغۇللار ھېيتئاخۇننىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ بىر لامايىمىز بار، ئۇ كېسەل كۆرەلەيدۇ، ئەكىلەيلى» دەيدۇ ـ دە، ئات بىلەن تېز بېرىپ بىر سېمىز لامانى باشلاپ ئەكىلىدۇ.

لاما تېۋىپ ھېيتئاخۇننى كۆرۈپ: «تېزدىن سېمىز قويدىن بىرنى سويۇڭلار» دەيدۇ. ئاندىن ئۈچ قاپ چۆپ دورىنى قاينىتىپ تولۇق ئىچكۈزىدۇ ـ دە، قېلىن ئوراپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ، ئارقىدىنلا يېڭى قاينىغان شورپىدىن بىر داس ئېلىپ سورۇپ ـ سورۇپ ئېغىز كۆيمىگۈدەك بولغان چاغدا ھەممىنى ئىچكۈزىدۇ. ئاندىن يېڭى سويغان قوينىڭ تېرىسىگە يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ. ھېيتئاخۇن ئەتىسى چۈشتە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا بۇرۇنقىدەكلا ساقىيىپ قوپىدۇ، تاماق يەيدۇ، تالاغا چىقىدۇ. چۈشتىن كېيىن ھېلىقى لاما ئۇنىڭ تولۇق ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ كەتمەكچى بولىدۇ.

ھېيتئاخۇن ناھايىتى مىننەتدار بولغان ھالدا خىزمەتچىلىرىگە تېۋىپ لاماغا ئېسىل ئاتتىن بىرنى كۆركەم ئىگەر بىلەن جابدۇپ يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە ھېلىقى لاماغا: «ئەگەر سەن بولمىساڭ مەن ئۆلۈپ قالاتتىم، مېنى سەن قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ، مەن ساڭا بىر ئېسىل ئات تەقدىم قىلىمەن، مىنىپ قايت» دەيدۇ. ھېلىقى لاما: «مەن ساڭا ئۈچ قاپ چۆپ دورا بەردىم، سەن ماڭا ئۈچ سوم بەرسەڭ بولىدۇ، ئات ئالسام بولمايدۇ» دەيدۇ. ھېيتئاخۇن: «ئۆز رازىلىقىم بىلەن بېرىمەن، ئال» دەيدۇ. لاما: «ئۇنداق كۆپ نەرسە ئالسام ھارام بولىدۇ، خۇدا ئالدىدا يۈزۈم قارا بولىدۇ، ئالمايمەن» دەيدۇ. ھېيتئاخۇن: «ئۇنداق بولسا 100 سوم بەردىم، ئال» دەيدۇ. لاما: «ئۈچ سوم ئالسام بولدى، ئوشۇق ئالمايمەن، گۇناھكار

www.uygurkitap.com

بولمايمەن» دەيدۇ. ھېيتاخۇن 100 سومنى زورلاپ لامانىڭ قويىنىغا سېلىپ قويىدۇ. لاما پۇلنى يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە: «ئۈچ سوم ئالىمەن، بىر تىيىن ئارتۇق ئالمايمەن، ئەمما ئات بىلەن ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويساڭ ياق دېمەيمەن» دەيدۇ. ھېيتاخۇن ئاخىر ئۈچ سوم پۇل بېرىپ، ئۆز ئېتى بىلەن لامانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ...

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە ھۆكۈمەتلىرى ناھايىتى تېزدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى ئەڭ يېقىن سەپداشلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ خوش خەۋەر موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق خۇشال قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇزاق يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنىڭ ئاخىرى تۈگىگەنلىكىنى، شىنجاڭدىمۇ موڭغۇلىيەگە ئوخشاش كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ۋەتەننى سېغىنىش، ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى قايتىدىن ئۇرغۇدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 20 ~ 30 يىلدىن بۇيان ھامان بىر كۈنى ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى بىلەن موڭغۇلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتمەي يەنىلا جۇڭگو گراژدانى سالاھىيىتى بىلەن تۇرۇۋاتقانىدى.

موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار 1952 - يىلدىن باشلاپ رادىيو ئارقىلىق شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ھەر قېتىملىق خەۋەردىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى ئاجايىپ خۇشال قىلاتتى. بەزىلەر ئۆز يۇرتىدىكى بىرەر يېڭى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالسا شۇ كۈنى قوي سويۇپ مېھمان چاقىراتتى. بولۇپمۇ رادىيودىن پاتەم قۇربان، پاشا ئىشانلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا ھاياجانلىق ياشلىرىنى توختىتالماي قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

1952 - يىلى كۈزدە خوبدا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىرنەچچە قېتىم كېڭەشكەندىن كېيىن يۈزنەچچە ئادەم ئىمزا قويۇپ شەھەر باشلىقى لويسىن بالدىنغا «جۇڭگوغا قايتىپ كېتىمىز» دەپ ئىلتىماس سۇندى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس سۇنغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ «ئىلتىماسىڭلارنى مەركەزگە يوللىدۇق، تېخى جاۋاب كەلمىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردى. 1954 - يىلىنىڭ بېشىدا موڭغۇلىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن خوبدا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى چۈشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىپ، ئۇلاردىن «نېمە ئۈچۈن كېتىسلەر؟ يەرلىك ھۆكۈمەت چەتكە قاقتىمۇ؟ كەمستتىمۇ ياكى موڭغۇللار بىلەن باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدىڭلارمۇ؟ كۆڭلۈڭلار رەنجىگەن يەرلەر بارمۇ؟» دېگەن مەزمۇنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلار: موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى، پەقەت ۋەتەننى سېغىنغانلىقىنى، شۇڭا قايتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۆمەك يەنە يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا رۇخسەت بېرىلسە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە قايتا - قايتا پىكىر ئالدى.

1954 - يىلى كۈزدە موڭغۇلىيىنىڭ رەئىسى سېدىنبال خىزمەت تەكشۈرۈپ خوبدا شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە كەلگەندە يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەر - ئايال رەئىس سېدىنبالغا كوللېكتىپ ئىمزا قويغان ۋەتىنى جۇڭگوغا قايتىش ئىلتىماسىنى سۇندى. رەئىس سېدىنبال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر شىنجاڭغا كېتىمىز دەيسىلەر، تەلىپىڭلار توغرا، ئادەم بالىسى ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىدۇ. بىراق، جۇڭگو ئازاد بولغىلى ئاران تۆت - بەش يىل بولدى، تېخى قىيىنچىلىق تۈگەپ كەتكىنى يوق. موڭغۇلىيە ئازاد بولغىلى 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ بىز تېخى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. ھازىر شىنجاڭغا بارساڭلار قىينىلىپ قالىسىلەر، يەنە 10 يىلدىن كېيىن بارساڭلار بولىدۇ. مەن ھەربىر ئادەمگە 3000 سومدىن پۇل بېرەي، ئالاھىدە خەت بېرەي، سىلەرنى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي. سىلەر ھازىر بالىچاقا، ئۆي - مۈلكۈڭلارنى قوزغىماڭلار. ئۆزۈڭلار بىر يىل تۇرۇپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنى، ۋەتىنىڭلارنى كۆرۈپ كېلىڭلار. كۆرۈپ كېلىپ ئاندىن كۆچۈپ كېتەيلى دېسەڭلار بىز يارىشىقىدا يولغا سېلىپ قويايلى. خوتۇن - بالىلىرىڭلار موڭغۇلىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شىنجاڭنى كۆرگىنى يوق، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆنەلمىسە قىينىلىپ قالىسىلەر. سىلەر شىنجاڭغا بېرىپ كەلگىچە ئائىلەڭلەرگە، مال - چارۋاڭلارغا ھۆكۈمەت ياردەملىشىپ قاراپ تۇرسۇن» دېدى.

شۇ ھامان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى: «بۇ موڭغۇللار بىزنى ئالداۋاتىدۇ. بىزنى چېگرادىن چىقىرىۋېتىپ بالىلىرىمىزنى ئېلىپ قالماقچى. بىز بىراقلا كۆچۈپ كېتىمىز، بالىلىرىمىزنى تۇغقانلارغا كۆرسىتىمىز» دېيىشتى.

رەئىس سېدىنبال ئامالسىز قالدى - دە: «بولىدۇ، ئۈچ يىللىق پاسپورت بېرەيلى، كۆنەلمەي، ئۈچ يىل ئىچىدە يېنىپ كەلسەڭلار بىز يەنە قارشى ئالىمىز. رەسمىيەتلەرنى مەن ئۇلانباتورغا بارغاندىن كېيىن بېجىرىپ بېرىمەن» دېدى.

1955 - يىلى يانۋاردا رەئىس سېدىنبالنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقى ۋە بۇ ئىلتىماسنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يوللىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.

1955 - يىلى مارتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشنى قارشى ئالىدىغانلىقى، ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر كەلدى. ئارقىدىنلا موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى جۇڭگوغا قايتۇرۇشنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشى يېتىپ كەلدى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇھاجىر ئۇيغۇرلار بىرنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈپ يۆتكىلىدىغانلىقى، بىرىنچى تۈركۈمدە ئەر - ئايال ھەر ئىككىسى جۇڭگودىن كەلگەنلەر ھەمدە ھازىرغا قەدەر جۇڭگو گراژدانى

www.uyghurkitap.com

سالاھىيتى بىلەن تۇرۇۋاتقانلار پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قايتسا بولىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ سەپەر يولى خوبدا ــ ئۇلانباتور ــ بېيجىڭ ــ ئۈرۈمچى ئارقىلىق بولىدىغانلىقى، ھازىردىن باشلاپ ئىككى ئاي ئىچىدە سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈشى، قورۇ ـ جايلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرىنى ھۆكۈمەتكە ساتسىمۇ، شەخسلەرگە ساتسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. شۇ كۈنلا تۈنجى تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەر بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى، بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيىدە يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى.

1955 ـ يىلى 5 ـ مايدا خوبدا شەھىرىدىن 24 ئائىلىلىك ئۇيغۇر 10 دانە گاز ماشىنا بىلەن ئۇلانباتورغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنى كېيىنكى قېتىمغا قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى، موڭغۇل، قازاق دوست ـ بۇرادەرلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ مىڭغا يېقىن ئادەم ئۇزىتىپ چىققانىدى. دادام، ئاپام ھەر ئىككىسى جۇڭگودىن بارغان ھەمدە موڭغۇلىيەدە جۇڭگو گىراژدانى سالاھىيتى بىلەن تۇرغاچقا، ئۈچ ھەدەم بىلەن مېنى ئېلىپ ئالتە جان كىشى تۇنجى تۈركۈمدە بېيجىڭ ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئۇلار خوبدا شەھىرىدىن پايتەخت ئۇلانباتورغا يەتتە كۈندە يېتىپ باردى. ئۇلانباتوردىمۇ ئۇلارغا جۇڭگوغا قايتىدىغان ئۈچ ئۆيلۈك ئۇيغۇر قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى تۈركۈمدە جۇڭگوغا قايتىدىغان ئۇيغۇرلار 27 ئائىلە، 94 ئادەم بولدى. ئۇلار ئۇلانباتوردا رەسمىيەت بېجىردى، سودا ـ سېتىق قىلدى، ئايروپىلان كۈتتى. بۇ مەزگىلدە موڭغۇلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئۇلارغا ئۇزىتىش چېيى بەردى.

ئۇ چاغدىكى ئايروپىلانلار ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئاران 24 ئادەم سىغاتتى. شۇڭا، ئۇلار تۆت قېتىمغا بۆلۈنۈپ ماڭىدىغان بولدى. بىرىنچى قېتىملىق ئايروپىلاندا ماڭغانلار 1955 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن ئەتىگەندە ئۇلانباتوردىن ئۇچۇپ، چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ئايرودرومىغا قوندى. بىزنىڭ ئائىلە ئاشۇ بىرىنچى قېتىملىق ئايروپىلاندا كەلگەنىدى.

موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى تۈركۈمىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇش پىلانى موڭغۇلىيەدىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسى ئارقىلىق جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى گوۋۇيۈەنگە يوللىغانىدى. گوۋۇيۈەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا تاپشۇردى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە (ئۇ چاغدا ئاپتونوم رايون تېخى قۇرۇلمىغانىدى) ئۇقتۇرۇش قىلىپ بۇ مۇھاجىرلارنى بېيجىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋېلىشنى، شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئامىلە باشقارمىسىغا (ھازىرقى ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى خوجىلىق ئىدارىسى) ئۇقتۇرۇپ، 24 ياشلىق خىزمەتچى مۇھەممەت سامساقنى بېيجىڭغا بېرىپ موڭغۇلىيەدىن كەلگەن مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى.

تۇنجى تۈركۈم مۇھاجىرلار بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندە مۇھەممەت سامساق تېخى بېيجىڭغا كېلىپ بولالمىغانىدى. مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئايرودرومدا ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. ئۇ چاغدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ دۇڭسى (东四) دېگەن يېرىدە ئىدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانا بىناسىنىڭ كەينىدىكى بىر چوڭ قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ، ھەربىر ئائىلىگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇيغۇر مۇھاجىرلار بېيجىڭغا كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇھەممەت سامساقمۇ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دەرھال يىغىن ئېچىپ موڭغۇلىيەدىن كەلگەن مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ تاكى ئۆز يۇرتلىرىغا بېرىپ بولغانغا قەدەر بارلىق ياتاق، تاماق، قاتناش، داۋالىنىش خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ مېھمانلارنى يەنە بېيجىڭدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مەزگىلدە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىددىن ئەزىزىي ئۆزى يېتىشەلمىگەچكە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەئىدۇللا سەيپۇللايوفنى مېھمانلارنى يوقلاشقا ئەۋەتتى. سەيپۇللايوف ھەربىر ياتاققا كىرىپ مېھمانلارنى يوقلىدى، رەھبەرلەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ، قايتىدىغان چاغدا مۇھەممەت سامساققا مۇئاۋىن رەئىس سەيپىددىن ئەزىزىينىڭ «ۋەتەنگە قايتقان قېرىنداشلارنى ساق ـ سالامەت ئۈرۈمچىگە يەتكۈزسۇن» دېگەن يوليورۇقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ھەر ئۈچ كۈندە ئۇلانباتوردىن بېيجىڭغا بىر قېتىم ئايروپىلان قاتنايتتى. شۇنداق قىلىپ تۇنجى تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئون نەچچە كۈندە بېيجىڭغا كېلىپ بولدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇھاجىرلارنى مەخسۇس ئاپتوبۇسلار بىلەن بېيجىڭدىكى تيەنتيەن باغچىسى، گۇگۇڭ خان سارىيى، ھايۋاناتلار باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. 7 ـ ئاي مەزگىلى بېيجىڭ ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، موڭغۇلىيەنىڭ سالقىن تاغلىرىدىن كەلگەن بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ياشقا چوڭلىرى ئاغرىپ كەتتى. چوڭلاردىن بىر نەچچىسى دوختۇرخانىدا بىرنەچچە كۈن



ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن كۈتۈۋېلىشقا بارغان بىزمەتچى مۇمەھەممەت سامساق

داۋالىنىپ ئاران ساقايدى. شۇنىڭ بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان باشقا ئورۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار شىئەندە ئالتە كۈن تۇرۇپ يەنە بىر قىسىم يەرنى ساياھەت قىلدى. 9 ـ ئاۋغۇست پويىز بىلەن لەنجۇغا يېتىپ كەلدى.

ئۇ چاغدا تۆمۈر يول تېخى لەنجۇدىن ئۆتمىگەنىدى. لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى ناھايىتى قىس بولغاچقا، مۇھاجىرلار لەنجۇدا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. چوڭلار ئىسسىققا چىدىماي يەنە ئاغرىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە سەيپىدىن ئەزىزى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئېلىپ بېيجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. (ئۇ چاغدا بېيجىڭدىن ئۇچقان ئايروپىلان شىئەندە بىر، لەنجۇدا بىر قونۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلەتتى). مۇھەممەت سامساق بىر قىسىم مۇھاجىر ۋەكىل بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان قاتناشنىڭ ھەل بولمىغانلىقى، چوڭلارنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئاغرىپ قالغانلارنى ئەتە ۋەكىللەر ئولتۇرغان ئايروپىلاندا ئۆزى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شىنجاڭنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن جىددىي سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن ئولجا قالغان «دوتكى» ماركىلىق ئۈچ چوڭ ماشىنىدىكى شىنجاڭغا ئېلىپ ماڭغان يۈكلەرنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، قالغانلارنى يۈك ـ تاقلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئۇيغۇرلار 1955 ـ يىلى 5 ـ مايدا موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى خوبدا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، 21 ـ ئاۋغۇست، يەنى 109 كۈندە ساق ـ سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئۈرۈمچىدە بۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى كۈتۈۋېلىش ھەم ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇزىتىش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى مەسئۇل بولدى ھەمدە پالتاخۇنباي سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ بىر قەۋەتلىك مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

خەلق ئىشلار نازارىتى ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ شەھەرنى كۆرۈشكە ھەمدە يۇرتلىرىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا قويۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ھەربىر چوڭ ئادەمگە كۈنىگە ئىككى يۈەن، باللارغا بىر يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى تارقاتتى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە بىر گىرام ئالتۇن 2.68 يۈەن ئىدى. بىر ئادەم بىر كۈندە ئاشپۇزۇلدىن ئۈچ ۋاخ تاماق يېسىمۇ بىر يۈەننى خەجلەپ بولالمايتتى.

شۇ كۈنلەردە يەنە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار نازارىتى موڭغۇلىيەدىن كەلگەن مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى تىزىملاپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە ياكى ئۆز يۇرتلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. كورلىلىق ئابدۇراخمان سابىت دېگەن كىشى ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيەسىدىكى ئادەم بولغاچقا، كورلىدىكى موڭغۇل مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلدى. باي ئىبراي دېگەن كىشىنىڭ تىللا، سارا دېگەن ئىككى قىزى موڭغۇلچە ئوقۇغان، موڭغۇلىيەدە خوبدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس بولغان بولغاچقا يۇرتى كورلىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇردى.



ئابدۇراخمان سابىت

ئىككىنچى تۈركۈمدە ئالتاي ئارقىلىق كەلگەن مۇھاجىرلاردىن ھېيتاخۇن روزىنى ئالتاي شەھەرلىك سودا كوپېراتىپىغا مۇئاۋىن دىرېكتورلۇققا، غاپپار دېگەن كىشىنى ئۆلكىلىك موڭغۇل مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا، بۇسارە بەكرىنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلدى.

مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتلىرىغا يولغا سالدى ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى تەلەپ قىلىندى. بۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئاساسەن قۇمۇل، تۇرپان، گۈچۈڭ، غۇلجا، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەنلىك ئادەملەر ئىدى.

دادامنىڭ ئەسلى يۇرتى ئاتۇش كاتايلاق بولغاچقا، 1955 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھۆكۈمەت كىرا قىلىپ بەرگەن بىر گاز ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ 12 كۈندە كاتايلاققا يېتىپ بارغانىدۇق.

موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئىككىنچى تۈركۈم ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى ئالتاي چېگراسىدىن بىۋاسىتە شىنجاڭغا ئۇزىتىپ قويدى. 1956 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردە تاشقى موڭغۇلىيە خوبدا شەھىرىدىن 50 ئائىلە، 357 شى يولغا چىقىپ ئالتاي ۋىلايىتى چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ بۇلغۇن (تايكەسكەن) دېگەن ئېغىزدىن شىنجاڭغا كىردى. بۇلار ئىچىدە بەش نەپەر خەنزۇ مۇھاجىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى موڭغۇل ئىدى. بۇ مۇھاجىرلارغا موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىر نوپۇسقا ئۆزىنىڭ بىر ئات، بىر تۆگىسى بىلەن چىقىپ كېتىشكە يول قويغان. قالغان قورۇ ـ جاي، مال ـ ۋارانلىرىنى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى باھالاپ ئالغان ياكى ئۆزلىرى ساتقان. ئۇلار ئېلىپ مېڭىشقا بولىدىغان بارلىق مۈلكىنى ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ يېنىپ چىققانىدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدە موڭغۇلىيە ئۆلگەي شەھىرىدىن يولغا چىققان يەتتە مۇھاجىر ئائىلە ماشىنا بىلەن ئالتاي شەھىرىگە ئۆتتى. 1957 ـ يىلى ئۇلانباتور، خوبدا شەھەرلىرىدىن تۇرسۇن دارغا، ياسىن ئارتىس دېگەن كىشىلەرمۇ گۈچۈڭ ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تۇرسۇن دارغىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى خىزمەت دەرىجىسىنى ئۇققاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

ئۈنى لىۋداۋان كۆمۈر كانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەمما تۇرسۇن دارغا، ياسىن ئارتىس، قەشقەر بەشكېرەمگە قايتقان لىتىپئاخۇن، خوتەنگە كەتكەن ياقۇپ، بايلىق مۇھەممەت قوشماق قاتارلىق ئادەملەر 1958 ـ يىلى چىڭگىل ناھىيەسى ئارقىلىق يەنە موڭغۇلىيەگە قايتىپ كەتتى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يەنە قىزغىن قارشى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى.


موڭغۇلىيە دۆلەتلىك خەلق ئارتىسى ياسىن

موڭغۇلىيەدە قالغان مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى 1962 ـ يىلى ئۆزبېكىستانغا، يەنە بىر قىسمى 1998 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغا قەدەر قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتتى. موڭغۇلىيەدە ھازىر يەنە بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئەۋلادى ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاساسەن خوبدا، ئۆلگەي، ئۇلانباتور قاتارلىق شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقان.


ئۇلانباتور شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن دارغا

مەن 1991 ـ يىلى مايدا تۇغقان يوقلاپ، تۇغۇلغان يۇرتۇم موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىگە باردىم. بۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ 36 يىلدىن بۇيان ئىككى ئارىدا مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، مەن جۇڭگودىن تۇنجى بولۇپ موڭغۇلىيەگە بارغان ئۇيغۇر ئىدىم. مېنى ئۇلانباتوردا ئۈچ ئۆيلۈك ئۇيغۇر پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلانباتوردىن خوبدا شەھىرىگە بارغان چېغىمدا ئايرودرومغا مېنى قارشى ئالغىلى 100 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇيغۇرلار ئىدى. تاغام (ئاپامنىڭ ئىنىسى) بوينۇمغا چىڭ ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلاپ كەتتى. قالغانلارمۇ ماڭا ئېسىلاتتى، سۆيەتتى. ئەمما مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار مېنى ئەمەس ۋەتەننى، ئۇيغۇرلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. مەن بېرىپ ئەتىسى تاغام مېنى كەلدى دەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، دوستلىرىغا چوڭ چاي بەردى. تاغامنىڭ خوبدا دەرياسى بويىدىكى كەڭرى قورۇسى ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. چوڭ بىر قازاندا پولۇ ئېتىلدى، بىر قازانغا لىق گۆش سېلىندى. داستىخانغا بولكا، بوغۇرساق، قورۇت، سۆزمە، سېرىق مايدىن باشقا، مەن ئۈرۈمچىدىن ئاپارغان ھەرخىل كەمپۈت، پېچىنە ـــ پىرەنىك تىزىلغانىدى. مېھمانلار ئۈرۈمچىنىڭ كەمپۈت ـ پىرەنىكلىرىنى ئاجايىپ مەززە بىلەن يەپ، مەندىن توختىماي گەپ سورايتتى. ئۇلار دادامنى (دادام 1981 ـ يىلى بورتالادا ۋاپات بولغانىدى)، ئاپامنى، ئۈچ ھەدەمنى، ئۇلارنىڭ قانچە بالىسى بارلىقىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورايتتى. ئۇلار يەنە موڭغۇلىيەدىن جۇڭگوغا قايتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقانلىقى، بالىلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، جۇڭگودا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى، مائارىپى، ئۆرپ ـــ ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەققىدە توختىماي سوئال سورايتتى. بىر چاغدا ئۆيگە ئاپئاق كەيمەلىك چەك ـ چىلاۋۇش كىيگەن ئىككى قازاق موماي كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئۇلار: «قوناق قايسى؟» دەپ سورىۋىدى، تاغام مېنى كۆرسەتتى. مەنمۇ ئالدىغا ئىتتىك باردىم. ئۇلار مېنى نۆۋەت بىلەن باغرىغا چىڭ بېسىپ: «ئورپاغىم... ئورپاغىم» (پەرزەنتىم... پەرزەنتىم) دەپ سۆيدى، پۇرىدى. ئاندىن: «تۇقانىڭ (ئاپامنى دەيدۇ) يىئىسى چىقىپتۇر (تۇخانىڭ ھىدى پۇراۋاتىدۇ)» دېيىشتى، ئۇزاق كۆز يېشى قىلىشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن ئۇقسام، ئاپام بىلەن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى ئىكەن. مەن ئۇلارغا ئاپامنىڭ نامىدا سوۋغات تەقدىم قىلدىم... يەنە بىر كۈنى تاغامنىڭ ئۆيىگە ئىككى موڭغۇل بوۋاي كىرىپ كەلدى. تاغام ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇردى ھەم بىزگە تەرجىمانلىق قىلدى. بۇ بوۋايلار دادامنىڭ دوستلىرى ئىكەندۇق. دادامنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار ماڭا دادامنىڭ موڭغۇل تىلىغا ناھايىتى ئۇستىلىقىنى، مېھماندوست، ئەمگەكچان، جاپاكەش ئادەم ئىكەنلىكىنى، موڭغۇلىيەدە تۇنجى بولۇپ قوغۇن تېرىپ موڭغۇللارنى بەك خۇش قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېكايە ئېيتقاندەك سۆزلەپ بەردى. ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مانتا، پولۇ، سامسا، لەغمەن، نان دېگەن تاماقلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ ماختاپ، ھاياجانلىنىپ كەتتى بولغاي: «قېنى شۇ ئۇيغۇرلار؟ نېمىشقا كەتتى شۇ ئۇيغۇرلار؟ ئۇيغۇرلار كەتتى، ئۇلارنىڭ مەززىلىك پولۇ، مانتا، لەغمەن، سامسىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى...» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. مەن تاغامدىن موڭغۇلىيەدە ھازىر بار ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىشقا ئاشخانا ئاچمايدىغانلىقىنى سورىسام، تاغام تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ساپ ئۇيغۇرلار ئىكەندۇق. ئۇلار ھەرقانداق يەرگە بارسا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى تاشلىمايدىكەندۇق، ئۇنتۇمايدىكەندۇق، ھەرقانداق جاپاغىمۇ چىدايدىكەندۇق. بۇ يەردىكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار 3 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇرلار، باشقىلار بىلەن چاتلاشقان شالغۇت ئۇيغۇرلار، ئۇلار رۇسلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كەتتى، ئېتىقادىمۇ شالغۇتلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى بىر قېتىم بوتكىلاردىن بولكا، بوغۇرساق، تەرخەمەك، سېرىق ماي، ۋودكا سېتىۋېلىپ ئۈچ ۋاق يەيدۇ، ئىچىدۇ ـ يۇ، ئۇنداق پولۇ، لەغمەن، مانتا دېگەنلەرنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ ھەم ئېتەلمەيدۇ، ھورۇنلىشىپ كەتتى...» دېدى ھەسرەتلىنىپ.

مەن موڭغۇلىيەدە تۇرغان 30 كۈن ئىچىدە خوبدا شەھىرىدىن باشقا ئۆلگەي، زاپخون، دارخىن، ئۇلانباتور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ دادام تۇرغان، تىجارەت قىلغان، دېھقانچىلىق قىلغان ھەممە يەرنى زىيارەت قىلدىم. ھەيران قالدىمكى، موڭغۇلىيەدىكى بارلىق چوڭ- كىچىك شەھەردە ناھايىتى مۇكەممەل مۇزېي بار ئىكەن. ھەربىر شەھەردىكى مۇزېيدا تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ- ئادەتلىرى، مەشھۇر شەخسلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپتۇ. ئۇلانباتور ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇزېيىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپتۇ. ئاخىرقى كۈنلەردە ئورخۇن- يېنسەي بويىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى تاش ئابىدىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردۈم.

مەن موڭغۇلىيەدىكى ئاخىرقى كۈنلەردە خوبدا شەھىرىدە بولغان بىر ئىش ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ: بىر كۈنى تۇغقانلىرىم دادام، ئاپام ئۇزاق يىل ئولتۇرغان قەدىمكى مەھەللە— نەمنىگە كونا ئۆيىمىزنى زىيارەت قىلغىلى ئاپاردى. خوبدا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ماي ئايلىرىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق بوپكەتكەنىدى. بەش— ئالتە مىڭ مو تېرىقچىلىق مەيدانىدا ھازىرمۇ ئون نەچچە ئائىلىلىك ئولتۇرىدىكەن. تۇغقانلار مېنى باشلاپ يۈرۈپ بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن دادام بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن خوبدا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ چاپقان بىر كىلومېتىردىن ئۇزۇن ئېرىقنى كۆرسەتتى. بۇ يەرلەر ھازىرمۇ ئاشۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىكەن. مەھەللىدىكى دادام تىككەن تېرەكلەرنى، قوغۇن تېرىغان يەرلەرنى زىيارەت قىلدىم. بۇ يەرلەر ھازىرمۇ تاغامنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەن، تاغام بۇ يەرلەرگە قوغۇن، بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۇلار ئاخىرىدا مېنى بۇرۇن بىز ئولتۇرغان يوغان بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان ئىككى تۈگمەن تېشى تۇرۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇن تارتىدىغان موفاڭ (ئات تۈگمىنى)نىڭ تېشى ئىكەن. مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئۇن تارتىدىكەندۇق. بىزنىڭ ئەسلىي ئۆيىمىز ئۆرۈلۈپ كېتىپ تاغام يان تەرەپكە ئايرىم ئۆي سېپتۇ. تاغام ماڭا كونا ئۆينىڭ ئورنىدا بىر يەرنى كۆرسىتىپ: «مانا، سەن تۇغۇلغان يەر مۇشۇ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەر مۇشۇ! بالام سەن 36 يىلدا— بىر قەرنەدە تۇغۇلغان يېرىڭگە ئاران بىر كەلدىڭ...» دېدى. شۇ ئارىدا ئەتراپىمىزغا بىر توپ ئادەم ئولاشتى. ئۇلار بىزنىڭ بۇرۇنقى قوشنىلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بىر ئۆيدە قوي سويۇپ تاماق تەييارلاپ قويۇپتۇ، ھەممىمىز شۇ ئۆيدە ناھايىتى خۇشال- خورام مېھمان بولدۇق...

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتلىرىدا ھەرقايسى ساھەدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھاجىرلار سىياسىتىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى. كورلىدىن ئىبراھىمئاخۇن 1956- يىلىدىن باشلاپ تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قەدەر مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ھەر يىلى بىر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا بېرىپ تۇردى، گۈچۈڭدىن مەريەم، بۇرتالادىن غاپپار، سەيدۇللا ھەسەن، ياسىن كېرەملەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئۇزاق يىل خىزمەت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيەلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىدە خىزمەت قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، تېخنىك، دوكتور، سەنئەتچى، داڭلىق تەنتەربىيەچى بولۇپ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن


كورلىلىق ئىبراھىمئاخۇن

خىزمەت كۆرسەتتى. موڭغۇلىيەدىن كېلىپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيەسىگە ئورۇنلاشقان ھەنىپە ئالىمئاخۇن ئەڭ قىيىنچىلىق يىللار —1960- ، 1970- ، 1980- يىللاردا ھەر مىللەتتىن بولغان توققۇز نەپەر يېتىم بالىنى ئۆز بالىسىدەكمۇ چارى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقاچقا، 2009- يىلى ئەڭ زور شەرەپ — «مەملىكەت بويىچە جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 10 شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ھازىر موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈم پەرزەنتى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئىختىساس ئىگىلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى بولۇپ ئىشلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

ئاخىرىدا، مېنى مۇشۇ ئۇنتۇلماس تارىخىي ئەسلىمە ۋە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن مەرھۇم دادامغا، بىزنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بېيجىڭغا ئالدىمىزغا ئالغىلى بارغاندا ھەر كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ، ماڭا شۇ قىممەتلىك خاتىرىسىنى تەقدىم قىلغان مۇھەممەت سامساق ئاكىغا، موڭغۇلىيەدە 30 يىل كۈندىلىك خاتىرە يازغان مەرھۇم ھېيتئاخۇن روزى ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن؛ مېنى يەنە نۇرغۇن ئەسلىمە بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇراخمان سابىت ئاكا، غاپپار ئاكا، بۇسارە ھەدىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

---

ئاپتور: يازغۇچى، ئالىي مۇھەررىر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى




# مائارىپنىڭ مەقسىتى
# تۇغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئابدۇقادىر جالالىددىن

— كىشىلەر توكاللاتقۇ، ماشىنا ۋە ئۆي دەپ جىېسپ يۈرىدۇ، مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى. لېكىن، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار بۇنداق ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى غايە ۋە ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىچكى ئەركىنلىك ۋە ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ.

— ئېينىشتېين

بىر قانچە مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن ياش ئەۋلادلارغا نىشانسىز ۋە مەقسەتسىز ئوقۇشنىڭ خەتىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندىم. سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ئاساسىي روھىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە تەقدىم قىلاي دەيمەن.

— ئاپتور

دەرستىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام، بىر قىز ماڭا سالام قىلىپ قالدى، مەنمۇ سالىمىنى ئىلىك ئالدىم. ئۇ قىز مەن ئىشلىگەن شۇ مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. قىزنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ بىر قىسىم يازمىلىرىم بىلەن ئوبدان تونۇش ئىكەن، شۇڭا ئازراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. پاراڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ قىز مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ماگىستىرلىقىنى تاماملىغانىكەن. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىل تەلەپلىرىگە لايىق بولۇش بىلەن بىرگە، نەتىجىسىمۇ خېلى ياخشى ئىكەن. تۈركچىنىمۇ يامان ئەمەس چۈشىنىدىكەن. بىر يىلدىن بېرى تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتۈپ كەپتۇ. خىزمىتى تەلەپلەرگە لايىق بولغاچقا، ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ داۋاملىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكۈسى بار ئىكەن. قىز بۇ ئورۇننىڭ مۇقىم ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، ئىشتات يوق دېگەن جاۋابنى ئاپتۇ. دېمەك، قىزنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياج بار ئىكەن، ئۆزىگە ئېھتىياج يوق ئىكەن. مەن ئۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى، قىز خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىكەن، خېلى كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىپتۇ، يەنە داۋاملىق ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن. جان بېقىپلا توختاپ قالماي، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدىكەن. قىز خىزمەت ئىزدەپ جىق ئورۇنغا قاتراپ بېقىپتۇ، نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپتۇ. قىز سۆھبەت داۋامىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. مەن جىم تۇردۇم. قىزلار ئادەتتە روھىي گادىرماچلارنى يىغلاپ تۈرۈپ ئېرىتىدۇ. لېكىن، ئويلاندىم، قىزنىڭ گەپ - سۆزىدە بىر نەرسە ئۆگەنگەن ئادەمگە خاس سالاھىيەت بار، پاراسەت بار، ھاياتىي كۈچ بار، مېنىڭ خىزمەت مۇھىمدىكى، ياكى مەن ئۇچراتقان باشقا خىزمەت مۇھىتىدىكى كىشىلەر بىلەن باراۋەر ساپا بار، بەزى تەرەپلەردە ئۇلاردىن ئۈستۈن. جەمئىيەتتە ئۇنچىلىك ئوقۇغان ئادەملەرمۇ ئاز، لېكىن، ئۇنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىدىغان خېرىدار يوق. قىز خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان تەلەپلەرگە يولۇقۇپتۇ، بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىپتۇ.

—ھېچقىسى يوق، — دېدىم ئۇ قىزغا، — ئېرىنچەكلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يەم بوپكەتمىسىڭىزلا ھېچقىسى يوق. بىر قىزنىڭ كۈچى يەنىلا ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرى ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەللىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىدە بولىدۇ. ئۆزىڭىز ساغلام ئىكەنسىز، ئايال ۋە ئانا بولغۇدەك سالاھىيەت سىزدە بار ئىكەن. سىزگە ئەر ۋە پەرزەنتلىرىڭىزگە ئاتا بولالىغۇدەك ئادەم ھامان تېپىلىدۇ. بىر قىز ئۈچۈن بۇ بەك مۇھىم.

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

— مەن ئاللىبۇرۇن ئۇ خىل ئائىلىنىڭ ئىگىسى، — دېدى قىز، — رولۇمنى ئائىلىدە ھەم جەمئىيەتتە تەڭ ئۆتىسەم دەيمەن.

— ئەسلىدە، بىر ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئورۇندالغان ئەھۋال ئاستىدا كاتتا خىزمەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلەشنى ئويلاپسىز، غەيرەتلىك ئىكەنسىز.

بۇ، جەمئىيەتتە مەن يولۇقتۇرغان نۇرغۇن مىسالنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە. مەسىلىلەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، تىپىمۇ كۆپ. ئوقۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۆرىدىگەن نۇرغۇن توقۇناقىقا نىسبەتەن يۇقىرىقى ئەمەلىيەت نورمال بىر مىسال بولالايدۇ.

بىر ھېسابتا قىزنىڭ چوقۇم ئىش ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھامىيلىق قىلالايدىغان بىر تىرەكنى شەرت قىلىدۇ. يەنە بىر ھېسابتا قىزنىڭ بىلىمدىن پايدىلىنىدىغان بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇشى كېرەككى، بۇ قۇرۇلمىدا مەلۇم بىر ھوقۇق گۇرۇھى مونوپوللۇقىنىڭ ئورنىنى قانۇن ۋە پۇرسەت ئالدىدا باراۋەرلىك ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

«سۇمۇرغ ئازنىسى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى بىر ساندىن كۆرۈشۈمچە، 2003 - يىلى 24 - ئۆكتەبىردە ۋېن جىباۋ زۇڭلى چۇڭچىڭدىكى سەنشيا سۇ ئامبىرى كۆچمەنلەر رايونىغا زىيارەت قىلىپ بېرىپتۇ. بىر ئايال كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي: «زۇڭلى، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى» دەپ توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئېرى سىرتتا ئىشلەپ، 2000 يۈەن ئەتراپىدىكى ئىش ھەققىنى ئالالماي، بىر يىل ئۈچ ئاي مابەينىدە دەۋا قىلىپ ئاقتۇرالماي كەلگەنىكەن. نەتىجىدە، ئىش ھەققى شۇ كۈنى ئاخشىملا ئايالنىڭ قولىغا تېگىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بىر توپ دېھقان ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ، ئالالمىغان پۇلنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال: «مەندە ئۇنداق كۈچ يوق، پۇلۇمنى زۇڭلى ئېلىپ بەردى» دەپتۇ. بىر دېھقاننىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق قاتراپ سورالمىغان دەۋاسى، زۇڭلىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ھەل بولغان. مانا بۇ خاتا ھالدا يامراپ كەتكەن قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ھوقۇقنىڭ رولى. زۇڭلى ۋېن جىباۋ تەكىتلىگەن «قەدىر - قىممەت» قانداق بولغاندا تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ بۇ يەنىلا جۇڭگودىكى كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ساداسى.

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش بىزنىڭ ھازىرقى تېمىمىز ئەمەس، لېكىن، ئادەمدىكى قەدىر - قىممەت مەسىلىسى بىرلا قانۇن ساھەسىگە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ساھەسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەمما قەدىر - قىممەت تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىدە بولۇشى، شەخستە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى قوغدايدىغان ئاڭ بولۇشى، قەدىر - قىممەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى قوغدايدىغان قانۇنىي يوللار ھەر ۋاقىت ئوچۇق بولۇشى، ئايرىم ھوقۇق سەرخىللىرىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلغان بولۇشى كېرەك. قانۇن بەرگەن قەدىر - قىممەت ھەر بىر شەخسنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى دەرىجىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلماي، قانداقتۇر مەلۇم كىشىلەرنىڭ «دىيانىتى» گە بېقىندۇرۇپ قويۇلسا، جەمئىيەت قەدىر - قىممەت ۋە قابىلىيەتنىڭ دەپىنگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي مەنزىرىگە تەبىئىي بىر كۆنۈكۈش بىلەن قاراپ تۇرۇشى نەدىن كەلگەن؟ ئەلۋەتتە، مەدەنىيەتتىن كەلگەن دېمەي تۇرالمايمىز.

ئادەتتە، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە ھەممىمىز ئوخشاش پاتپاراق بوپكېتىمىز، مەن ئىمتىھان نەتىجىسى تېخى ئېنىق بولمىغان بىر تۈركۈم بالىنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش مەسلىھەتچىسى بوپقالىمەن. يۇرتداشلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، تونۇشلار، دوست - بۇرادەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىدۇ، تەكرار داستىخانلار زومۇ - زو سېلىنىدۇ. پىرىنسىپ پىرىنسىپ بولمىغاچقا، ئارزۇسى ياكى نەتىجىسى ئۇدۇل كەلمىگەن پەرزەنتلەرنىڭ يۈز خاتىرە، ئادەمگەرچىلىك، مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشىنىڭ قىڭغىر يوللىرى ھاۋالە قىلىنىدۇ. جاۋابەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

— ئۇنى-بۇنى يېزىپ، جامائەتكە يۈزلەندۈرۈپ تۇرغاچقا بەزىلەر مېنى ئاز - تولا ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن مەن ئەمەلىي ھۆرمەتنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بەك بولسا بىر قېتىملىق داستىخانغا ئەرزىيمەن. مەن نان قايغۇسىدىكى ئادەملەرگە گەپ بېرەلىدىم، نەپ بېرەلمىدىم. ئىشخانىلاردىكى ئورۇندۇق ساھىبلىرىغا ھېچقانداق ئەمەلىي پايدا بەرگىنىم يوق. شۇڭا، كىشىلەر گەپ بىلەن يۈزۈمنى قىلىدۇ. مېنىڭ يۈزۈم بىرەر ئادەمنى بىرەر ئورۇنغا تىقىشقا يەتمەيدۇ. سىلەرگە قىلىپ بەرگۈدەك بۇغداي سۆزۈم بار، لېكىن بۇغداي نېنىم يوق. شۇڭا مەندىن قورسىقىڭلار تويمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا بوسۇغىلاردا قاتراپ يۈرۈشى، بۇ يەردىكى پۇقرالىقنىڭ تۈزۈك تەربىيە ئاساسى ۋە تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپ ياكى قائىدە - تۈزۈمدىن چەتنىگەن غەيرىي يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى، يۈز ۋە ئادەمگەرچىلىكنى دەستەك قىلىشنى يوللۇق بىلىشتەك غەيرىي قانۇنىي ئىجتىمائىي سىستېمىنى ئەسلىتىپ قويىدى.

مائاشلىق بولۇش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ خاتىرجەم، بەختەر يولى بوپكەلدى. بۇ يەنىلا ئۇزۇن داۋام قىلىپ كەلگەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. پۈتكۈل ئەقىدىسى، زېھنى، جىسمانىي كۈچى، ۋاقتى، ئادىمىلىك مىزانى قاتارلىقلارنى مائاشقا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئادەملەرنىڭ بايلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بولمىسىمۇ ماددىي مۇنقەرزلىكنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش

www.uyghurkitap.com

سىزىقىغا دەسسىمەي كېلىشى، ئۇلارنى مەۋجۇد تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بىخەتەر پايدىلانغان تەلەيلىكلەر قاتارىدا كۆرسەتتى. ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىلىك تىكلەش، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۆلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تەشەببۇسلىرى دائىم ياڭراپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ مائاش دەپتىرىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئەڭ قىينالماي ياشاش ئۇسۇلى دەپ قاراشتى. ئىمتىھان ئەنە شۇ «ئىمتىياز» غا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى بوپقالدى.

بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە باغلىق بوپقالدى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيەدىكى نەتىجىسى قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى بىلەن ئۆلچەندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ مەسئۇللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ساندىكى كۆپلۈككە بولغان مەسئۇلىيەت بولۇپ، گويا توخۇ فېرمىسىنىڭ خوجايىنى چۈجىلەرنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۆپ ئەي قىلسا جىق نەپكە ئېرىشكەندەك بىر ھالەتنى يادىمىزغا سالىدۇ. مائارىپ ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، نان ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە باللىرىغا ئىمكانقەدەر يۇمشاق نان يەيدىغان پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ بېرىش، ھېچبولمىغاندا، قاتتىق ـ قۇرۇق ناننى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بوپقالدى. باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلىپ، ئەنە شۇ ئىرادىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ «ياخشى» بولۇشتىن ئىبارەت بوپقالدى. مانا بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا سۈيئىستېمالچىلىق (پايدىلىنىش ۋە نەپ ئېلىش) مائارىپى بولۇپ، سۈيئىستېمالچىلىقنىڭ ئىنتايىن چاكىنا بىر تۈرى ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالىيجاناب مەقسەت يوق، تۈزۈك غايىۋى مەزمۇن يوق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت يوق، پەقەت جان بېقىشقا بولغان ئەسەبىي بىپىشقاقلىق روھىي ھالىتى بار. بەزىلەر بۇ مائارىپنى «ئىمتىھان مائارىپى» دېدى. بۇ بىر قەدەر سىپايە تۇسكە ئىگە سۈپەت بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئاۋام ئۈچۈن جان بېقىش مائارىپى بوپقالغان. بەزىلەرنىڭ «جان بېقىش ياخشى»، «جان بېقىش سۈپەت»، «جان بېقىش مۇۋەپپەقىيەت»، «جان بېقىش مەسئۇلىيەت» دېيىشى، كونكرېت شارائىتتىكى تەخىرسىزلىك ۋە رېئاللىقنى چىقىش قىلغان. بىر قارىسا ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىنى چاكىنىلاشتۇرۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بىر قارىسا ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىدىكى يەرلىك ئەمەلىيلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، جان بېقىش ئالىيجاناب تۆھپە يارىتىشتىن مۇھىم. جان بېقىش تەقەززاسىدىن ھالقىغاندىلا نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشنى ئويلىغىلى بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر سەردانە ئوقۇغۇچى (一流学生) نېمە بىلەن ئۆلچەندى؟ ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچى سەردانە ئوقۇغۇچى بولۇپ ھېسابلاندى. بۇلار مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىشتىكى كوزىرى بولدى، ئۇلار ھەر خىل ئېتىبار ۋە بەھرىمەنلىككە ئېرىشتى، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىندى. كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن سەردانە ئوقۇغۇچىنى نوقۇل پەن ۋە ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن ئۆلچەپ قويماسلىقنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەشەببۇسقا ئەمەل قىلىنمىدى.

«ئامېرىكىدىكى ساپا مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئويۇن مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى تىرىكچىلىك مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» دېگەندەك كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، مائارىپشۇناس خۇاڭ چۈەنيۇ (黄全愈) ئەپەندى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئەليۇئەلالارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تاللىماي قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەلىيۇئەلالارنىڭ چوقۇم سۈپەتلىك ئوقۇغۇچى بوپكېتىشى ناتايىن ئىكەن. خۇاڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە سەردانە ئوقۇغۇچىلار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ سەردانە ئوقۇغۇچى بوپكېتىشى ناتايىن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باشقا، بىر قانچە نۇقتا بويىچە كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىكەن:

بىرى، مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالى قاتارلىقلار.

يەنە بىرى، دەرستىن سىرتقى ئەھۋال. بۇنىڭ دائىرىسى:

1. ئىلمىي پائالىيەت: ئىلمىي ۋەكىللەر ئەترىتى، ماتېماتىكا ئەترىتى، مۇنازىرە ئەترىتى، ھەر خىل ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئەترىتى، تەتقىقات ئەترىتى، ماقالە يېزىش كۇرژۇكى، ئىختىرا كۇرژۇكى... قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقانمۇ ـ يوق؟

بۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش قۇرتلىرى ئايرىپ چىقىلىدىكەن. دەرس بىلەنلا بولۇپ، قالغان ئىشلار بىلەن كارى يوقلار «كىچىك قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. دەرس بىلەن كارى بولماي، ھە دېسىلا پائالىيەت بىلەن بوپكەتكەنلەر «چوڭ قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. ھەر ئىككى «قۇرت» تاللىنىش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلىدىكەن.

2. دەرستىن سىرتقى پائالىيەت: بۇنىڭدا ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدىكەن؛ بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپلار ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنىدىكەن.

3. ئىجتىمائىي پائالىيەت: ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ساخاۋەت، پىدائىيلىق كەبىي ھەر خىل پائالىيەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

4. ئىشلەش تەجرىبىسى: جەمئىيەتتە بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىشلەپ ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم خىراجىتىنى قامدىيالىغانمۇ ـ يوق؟ بۇ يەردىكى ئىش ھەقسىز بولغان بولسا نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن.

خارۋاردنىڭ يوقىرىقىدىن باشقا كۆزىتىش جەدۋەللىرىمۇ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىنى ئۇنىۋېرسال نۇقتىدىن ئوبيېكتىپ ئىگىلەشكە، ھەقىقىي ياخشى ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقىشقا

كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن. ھاللىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچى بىلەن نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى باراۋەر كېلىدىغان شەرت ئاستىدا، نامرات ئائىلىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن تاللىنىدىكەن. چۈنكى، نامرات شارائىتتا تۇرۇپ ياخشى نەتىجە قازانغان بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار تېخىمۇ زور بولىدىكەن.

زادى ئىمتىھان بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا مۇتلەق دىئاگنوز قويالامدۇ؟ ئىمتىھان سوئالىنى چىقارغانلارنىڭ پاراسەت ئۆلچىمى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلسا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولامدۇ؟ ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى ئادەم تەربىيەلەشمۇ ياكى ئادەم شاللاشمۇ؟ خۇاڭ چۈەنيۇ ئەپەندى جۇڭگودىكى ئىمتىھانلار بىلەن ئامېرىكىدىكى ئىمتىھانلارنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭگو مەكتەپلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشىدىكى مەقسىتى مەسىلە بايقاپ ئادەم شاللاش، ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى مەسىلە بايقاپ، مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىش». («ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003) خۇاڭ ئەپەندى جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىمتىھانلارنى مۇنداق بىر ھېكايە ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتلەيدۇ:

پادىشاھ ئوردىغا ساھىبجامال تاللىماقچى بوپتۇ. بىر ئائىلىنىڭ بەش قىزى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئوردىغا تاللىنىپ كىرگۈسى بار ئىكەن. لېكىن بىر ئائىلىدىن پەقەت بىرلا نامزات تاللىنىشى كېرەك ئىكەن.

قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، بەش قىزىغا ئادىل — باراۋەر پۇرسەت بەرمەكچى بوپتۇ ۋە قىزلىرىغا ئوخشاشلا ئۈچ يىل تەييارلىق ۋاقتى ۋە مىڭ تەڭگىدىن پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن قىزلارنىڭ ھاما ۋە يەڭگىلىرىدىن ساھىبجامال تاللاش كومىسسىيەسى قۇرۇلۇپتۇ. ئىمتىھاننىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن نومۇرنى نەق مەيداندا ئاشكارا كۆرسىتىشنى بېكىتىپتۇ. كىمنىڭ نومۇرى يۇقىرى بولسا، شۇ ئوردىنىڭ ساھىبجامال تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشسا بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بەش قىز ھاما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئېپىگە چۈشۈپتۇ.

ھەممە ئايال ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ئويلايدۇ، ئەلۋەتتە. ھاما ۋە يەڭگىلەرمۇ مۇشۇنداق.

قىزلاردىن بىرى چوڭ ھامىسىغا تەقلىد قىلىپ پۇتىنى كىچىك قىلىپ بوغۇپتۇ، يەنە بىرى ئىككىنچى ھامىسىنى دوراپ بېلىنى قورۇپتۇ. بىرى قاش چەكسە، يەنە بىرى كۆكسىنى يوغىنىتىپتۇ، يەنە بىرى بولسا ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن لازېر نۇرلۇق ماشىنىدا قوش قاپاق قىلدۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا، ئۈچىنچى قىز غەلىبە قىپتۇ.چۈنكى، ئۇ ھاما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە شۇنداق مۇجەسسەم قىپتۇكى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇ قىزىنى تونىيالماي قاپتۇ. قىزدا كىچىك پۇت، ئىنچىكە بەل، تولغان مەيدە، قىلمىقاش، بىراق، لازېر نۇرلۇق ئاپپارات قاپاقنى بۇزۇپ قويغانىكەن.

بۇغۇ بىر ئويدۇرما ھېكايە، ئەمما ئۇنىڭدا ئىمتىھاننىڭ ماھىيىتىگە ياتىدىغان چىنلىق بار. مۇشۇ چىنلىق مەزكۇر ھېكايىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. بۇ يەردىكى «ئادىل» ئىمتىھان نېمىنى تەلەپ قىلغان؟

ئادەم ئىمتىھاننى دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئوخشىماي قالغان، ئۆز قابىلىيىتىنى يوشۇرۇپ دورامچى بوپقالغان ۋە دورامچى (تەقلىدچى) بولغانسېرى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. بۇ ھېكايە كۆز ئالدىمىزدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىيات ئاسپىرانتىنى ئېسىمگە سالىدۇ: ئۇلار ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ۋە كەسپىي ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەن، لېكىن ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. يۈرىكى بىلەن ئەدەبىيات ئىككى يەردە.

ھەر قانداق مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئىمتىھان بىر ۋاستە، ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. لېكىن ئىمتىھان بىزدە مائارىپ ۋە مەمۇرىيەت بيۇروكراتلىرىنىڭ ئادەم باشقۇرۇشتىكى سېھىربازلىقىغا ئوخشاپ قالدى. مەلۇم مەنىدە، ئىمتىھان نەپسانىيەتنىڭ سىپايە يېپىلغان تورىغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. تۆرلۈك ئايغى چىقماس تەلەپلەرنىڭ بېسىمىدا نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ئۈن - تىنسىز ماسلىشىش، ھەرىكەت ۋە پىكىردىكى ئىجادىيلىق، خاسلىقتىن ۋاز كېچىشنى ئاقىلانە يول سۈپىتىدە تاللىۋالدى. مۇستەقىل پىكىر ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلسە ۋە بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلسە، جىم تۇرۇش ئىككىنچى خىل تاللاشقا ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق جىم تۇرۇش ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تارتىپ يۈرىكىگىچە ھەممە نېمىسىنى چىرىتىۋېتىدۇ.

ئەنگلىيەلىك ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپ ۋايتخېد (A. N. Whitehead) «مائارىپ بىلىمنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش سەنئىتىدۇر» دەيدۇ. ئېينىشتېين: «مەكتەپلەرنىڭ مەقسىتى مۇستەقىل پائالىيەت قىلالايدىغان ۋە مۇستەقىل ئويلىيالايدىغان ئادەملەرنى تەربىيەلەش» دەيدۇ. بىلىم ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولالايدىغان يۇقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق بىر پىكىرنى قۇراشتۇرالايمىز:

نوقۇل تەييار بىلىمنى ئۆگىتىپ، ئىشلىتىشنى ئۆگەتمىگەن مائارىپ بىلىمدىن ئىبارەت سۈپىتى چىرايلىق نەرسە ئارقىلىق تەپەككۇرنى كىشەنلەيدۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ بىلىمنى ئۆگىنىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىق كىشىنى دۆتلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەئپۈكلۈكى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىنى قولدىن بېرىش بەدىلىگە باشقىلاردىن ئۆگىنىش ساق چىشنى قومۇرۇۋېتىپ، ئالتۇن چىش سالغاندەك بىر ئىش. شۇڭا، يېڭى ئۆگەنگەن بىلىملەر شەخسنىڭ خاسلىقى، ئەجدادلار ياراتقان بىلىملەر بىلەن بىردەك بولۇشى، ئىنساننىڭ غۇرۇر - ئىززىتىنى شەرت قىلغان ئەركىن تاللاش ۋە بەخت قارىشىغا زىت بولماسلىقى

www.uyghurkitap.com

كېرەك.

ئامېرىكا مائارىپ روھىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى جون دېۋېي (John Dewey) مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «بىر ئادەمنىڭ دۆت، ھاماقەت ۋە كەم ئەقىل بوپقېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ۋە كېيىنكى نەتىجىسىنى بىلمىگەن». «زورلاپ تېڭىلغان مەقسەتنىڭ چاتىقى چوڭقۇر سەۋەبلەرگە ئىگە،ــ دەيدۇ دېۋېي يەنە بىر يەردە،ــ ئوقۇتقۇچى مەقسەتنى يۇقىرىدىن قوبۇل قىلىدۇ، يۇقىرى بۇ مەقسەتنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئورگاندىن قوبۇل قىلغان. ئوقۇتقۇچى ئۇ مەقسەتنى ئوقۇغۇچىلارغا تاڭىدۇ. نەتىجىدە، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ پاراستى تورمۇزلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇپەتتىشلەر، دەرسلىك كىتاب، مېتود ۋە ئالدىنئالا بېكىتىلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە دەرسلىك بىلەن باغلاشقا ئامالسىز قالىدۇ». (دېۋېي: «دېموكراتىيە، تەجرىبە، مائارىپ»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 2009)

تۇرمۇشتىكى خوجايىنلىقنىڭ بىر شەرتى، بىر ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك، ئاندىن ئۇ ئادەم شۇ مەقسەت يولىدا ئاكتىپ ۋە قىزغىن بولىدۇ. مائارىپتىن ئىبارەت ئىستىقبال ئىشىدا مەقسەتنى بەلگىلەش تېخىمۇ ئەمەلىي ۋە ئاقىلانە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. مەقسىتىنى ئۆزى بېكىتەلمىگەن مائارىپ تۇيۇق يولغا ماڭغان مائارىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇشىدىكى مەقسىتىنى بىلمىگەن ئوقۇغۇچى گالۋاڭ ئوقۇغۇچى، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ئوقۇتقۇچى كىتاب قالاپ ئۇماچ ئەتكەن قورساق بەندىسىدۇر.

ئارىدا مەن ئۈرۈمچى شەھىرى 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەپ قالدىم ۋە نۇتقۇمنى مۇنداق بىر ھېكايىدىن باشلىدىم:

بىر ئامېرىكىلىق، بىر فىرانسىيەلىك ۋە بىر يەھۇدىي ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. تۈرمە دائىرىلىرى بۇ ئۈچ جىنايەتچىگە: «ھەر بىرىڭلارنىڭ بىردىن تەلىپىڭلارنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ» دەپتۇ. ئامېرىكىلىق تاماكىغا ئامراق ئىكەن؛ تاماكا تەلەپ قىپتۇ، ئۇنىڭغا ئۈچ يەشىك تاماكا بېرىلىپتۇ. فىرانسىيەلىك رومانتىك بولغاچقا، چىرايلىق بىر ئايالنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. يەھۇدىي بولسا تېلېفون تەلەپ قىپتۇ.

ئۈچ يىلدىن كېيىن ئامېرىكىلىق تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ «چاقماق، چاقماق!» دەپ توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ چاقماقنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

كەينىدىن فىرانسىيەلىك تۈرمىدىن چىقىپتۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر بالا، گۈزەل ئايالنىڭ قۇچىقىدا بىر بالا بولۇپ، ئايالى ئۈچىنچى بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ بولغانىكەن. فىرانسىيەلىك ئۈچ بالىنى چوڭ قىلىشنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئاخىرىدا يەھۇدىي تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، تۈرمە باشلىقىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: «تېلېفون بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. ئۈچ يىلدىن بېرى سىرت بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالمىغاچقا، تىجارىتىممۇ توختاپ قالمىدى، پايدام %200 ئۆستى. سىز ماڭا ئالىي پىكاپتىن بىرنى تەقدىم قىلغان بولدىڭىز.»

ھېكايە ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلاردىن: «سىلەرچە كىم توغرا قىلغان؟» دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىينىڭ قىلغىنىنى توغرا دېدى.

مەن ئېيتتىمكى، بۇ بىر قىممەت قاراش مەسىلىسى. ھەر قانداق بىر قىممەت قاراشنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىزى بولىدۇ. ئامېرىكىلىق پاراۋان جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى بولغاچقا، ھاياتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئارتۇق تەشۋىشتە بولمىغان، شۇڭا، بۈگۈننى چوڭ بىلگەن. فىرانسىيەلىكمۇ شۇنداق، ئۇمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ياشىغان.

مەن باللاردىن سورىدىم: «پەرزەنتلىك بولۇش فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟» باللار فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. يەھۇدىي ئۇزۇن يىللىق ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەرىدىدە سودىغا تايانمىسا بولمايدىغان بولغان.

مەن باللارغا ئېيتتىمكى، ئۆمۈردىكى نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆلچىمى سان ـ ساناقسىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ ئۆلچىمى يەنە بىرسىگە ئۆلچەم بولالمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتتە ھۆكۈمران ئۆلچەم يوق. مۇبادا بىرىڭلار ئالىم، بىرىڭلار ئادۋوكات، بىرىڭلار دېھقان، بىرىڭلار ھۈنەرۋەن، بىرىڭلار كارخانىچى بولمەن؛ بىرىڭلار بىر ياخشى ئائىلە ئايالى بولىمەن دېسەڭلارمۇ پىكرىم يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايە، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھالال ياشىغلى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. مەن پەقەت بىر نەرسىگە قوشۇلمايمەن: ئەقلىڭلار ۋە تېنىڭلار ساق تۇرۇپ خەقتىن تىلەپ يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بوپقېلىش.

ئارىدا بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى، سۆزلىشىگە ئىجازەت بەردىم:

ــ كەلگۈسىدە بىر خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپ ئاچقۇم بار، سىزنىڭچە قانداق بولار؟

ــ سىز ئۆزىڭىز دىلغۇل بولمىسىڭىزلا، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس دېدىم مەن.

بىر ئوغۇل بالا قول كۆتۈردى:

ــ مەن سىياسىيون بولالامدىم؟

ــ سىياسىيون سىياسىيون بولۇشنى باشقىلاردىن سوراپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۆز غايىسى ۋە ئىرادىسى بويىچە كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ.

يەنە بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى:

ــ سىزنىڭچە، ئائىلە ئايالى بولۇش يارامسىزلىقمۇ؟

ــ ئېرىگە ئانىدەك مېھرىبان، پەرزەنتلىرىگە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىدەك مەسئۇلىيەتچان ئائىلە ئايالى بولۇش شۇ قەدەر شەرەپلىككى، ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەر قانداق ئۇلۇغ ئىنساننىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چالدى. ئۇلار قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەركىن ۋە سەممىي پاراڭلىشىشنىڭ لەززىتىنى تېتىغانىدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بەختىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالغانلىق بىلەن تەڭ ئەمەس. مېنىڭ نۇرغۇن سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەن دوستۇم بار، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى مەندىن كۆپ ئۈستۈن. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆز ئېتىقادى، غايىسى ۋە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ھالال ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۆيىدە ئولتۇرغان ئاياللىرىنىڭ كۆڭۈل يارىسى خىزمەتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈل يارىسىدىن ئېغىر ئەمەس. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئىگىلىك يارىتىش، مۇكەممەل بىر ئائىلىنى نورمال باشقۇرۇش، ھەتتا جەمئىيەتكە ساخاۋەت قولىنى سۇنۇش لاياقىتىنى ھازىرلىغان. ئۇلار بىر قانچە بالىسىنى نورمال ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى بالىلىرىنى ئالاھىدە ئارزۇ - ئارمان بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىرىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىن ئېيىراق، ئادەم كولدۇرلىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ دەبدەبىلىك دىپلوم ئالغاندىن كۆرە بىر - ئىككى ھۈنەرنى پۇختا ئۆگەنگەن ياخشىراق. ھۈنەر ئۆگىنىش ھېلىقى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ بولغان پۇل بىلەن ھەل بولىدۇ. بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى رېمونتچىسى بىر ئىجتىمائىي پەن دىپلومى ئىگىسىگە قارىغاندا يەر شارىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە مۇستەقىل ياشىيالايدۇ. مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەۋاتقىنىم يوق. مۇستەقىل دۇنيا قارىشى يوق ئىجتىمائىي پەنچى شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن يالتىراق (سۇلياۋ) خالتىكى، مۇقىم بىر ھۈنەرنىڭ ئىگىسى بولۇش يالتىراق خالتا بوپقېلىشتىن كۆپ ئەۋزەل.

ھازىر بىزدىكى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە مەكتەپلەرگە تايىنىش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان بولدى. بۇنى مەلۇم مەنىدە تەلىم - تەربىيەنى ھۆددىگە بېرىش دېسەكمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەرنى مەكتەپلەرگە ياكى يەسلىلەرگە بېرىپ قويۇش بالىلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش بولامدۇ؟ مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تۇغۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا چوڭ بوپقالىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتتى. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا باغرىڭغا پاتقان پىچاق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. «كارل ۋېتىرنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دېگەن كىتابتا «قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيەسى دەل ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى تەربىيەلىمىگەنلىكى تۈپەيلى ھالاك بولغان» دېگەن بىر گەپ بار. ئەنگلىيەلىك ئەدىب خاربورت «بىر ئاتا مىڭ مەكتەپ مۇدىرىدىن ئەۋزەل» دېگەن بىر گەپنى قىلىدۇ. مانا بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالىدا كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان تەربىيەچىلىك رولىنى تەكىتلەپ تۇرۇپتۇ.

كورلا شەھىرى 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىمدا «باشقىلارغا يۆلەنمەي ياشاشنى ئۆگىنىش نۆۋەتتىكى مائارىپ يۆنىلىشىمىز بولۇشى كېرەك. ھازىردىن باشلاپ سىلەردە ئېنىق ئوقۇش نىشانى شەكىللەنمىسە، دەۋرنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالىسىلەر» دېدىم ۋە ئۇلارغا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردىم:

ئۈچ نەپەر قورۇلۇش ئىشچىسى بار ئىكەن، ئۇلار كۈن بويى جاپالىق ئىشلەپ، تام قوپۇرىدىكەن. بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

— تام قوپۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ بىر ئىشچى.

— بىر سائەت ئىشلىسەم بەش يۈەن تاپىمەن، — دەپتۇ ئىككىنچى بىرى.

يولۇچى ئازراق مېڭىپ ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئوخشاشلا يۇقىرىقى سوئالنى سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئۈچىنچى ئىشچى يىراقلارغا تىكىلىپ، نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ:

— كۇتۇپخانا سېلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئادەمگە روھىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشىم مەڭگۈلۈك ئىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، ئاۋۋالقى ئىككى ئىشچى ئىشچى پېتى قېلىپ، تامچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ. ئۈچىنچى ئىشچى بولسا ئىنتايىن داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى — ئىنژېنېرغا ئايلىنىپتۇ.

مەن ئوقۇغۇچىلاردىن «يۇقىرىقى ئۈچ ئىشچىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ كەلگۈسى نېمە ئۈچۈن باشقىچە بولدى؟» دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا دېگۈدەك «ئۈچىنچى ئىشچى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ» دېيىشتى.

ئېسىل ناۋاي بىلەن چۈپەي ناۋاينىڭ پەرقى شۇكى، چۈپەي ناۋاي پۇل ئۈچۈنلا نان ياقىدۇ، ئېسىل ناۋاي نان يېقىشقا دائىر ياخشى - يامان، پاسكىنا - پاكىز، ھالال - ھارام، خېرىدار ۋە بازار قاتارلىق بىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق چۈپقەتلىرىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنداق ناۋاي پۇل ئۈچۈن تەتقىقات تۈرى ئىشلەيدىغان ئالىمدىن ئادىمىلىك جەھەتتە خېلىلا ئۇلۇغ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرىمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، گۈلشەن نىياز (تەكلىپلىك)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



# كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

*«خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىش ھەرگىزمۇ كەينىگە قايتىش، بوشىشىپ ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىش ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ئالدىغا مېڭىش، ساغلام ھايات ئىمكانىيەتلىرىنى، جىنايەتسىز ئەقىل يورۇقلۇقلىرىنى، ئەندىشىلەرنىڭ مۇۋازىنەتلىك ئۆتمۈشلىرىنى چەكسىزلىك بىلىمىگە يەتكۈزۈشتۇر.»[1]*

*— ئابدۇقادىر جالالىددىن*

## مۇقەددىمە: مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات

*«ئۇلۇغ مىللەتلەر مەدەنىيەتنى ئەمەس، ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەر مىللەتنى يارىتىدۇ.»[2]*

*— ۋىل دۇرانت (ئامېرىكا، Will Durant، 1885-1981)*

مەدەنىيەت — ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن باشقىلار، ئۆزى بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئەركىن تەسەۋۋۇرنى جارى ئەتتۈرۈپ ياراتقان شەيئىدۇر. ئۇ، بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى. ئۇ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، تەكرارلانغان تەركىب. ئىرسىي نەرسىلەر بۇ دائىرىگە كىرمەيدۇ. ئەنگىلىيەلىك تارىخ ئالىمى ئارنولد توينبى (1889 — 1975) تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتتىن قۇتۇلغان كەسپىي ئەسكەرلەر، مەمۇرىي باشقۇرغۇچىلار، كاھىن - روھانىيلار قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ ئارقىسىدا بىر «دېكوراتسىيە» — ئاڭ ئامىللىرى بولىدۇ. ھەرقانداق مەدەنىيەت ئىقتىسادىي ھىمات، سىياسىي تەشكىلات، ئەخلاق ئەنئەنىسى، بىلىم ۋە سەنئەتكە بولغان ئىنتىلىش قاتارلىق تۆت چوڭ ئامىل ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىسا، سىياسىي دېموكراتىيەلەشمىسە، گۈزەل ئەخلاق ئومۇملاشمىسا، بىلىم ۋە سەنئەتكە بولغان ئىنتىلىش بولمىسا، بۇنداق جەمئىيەت تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

كىلاسسىكلار خېلى بۇرۇنلا كەشپىيات - ئىختىرالار، ئىقتىساد، سىياسىي تەشكىلات ۋە ھۆكۈمەت، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەلسەپە، دىن، ئېتىكا قاتارلىقلارنى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى بىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىجادىيەت مېۋىلىرى بولمىغان، ئىقتىسادى تۆۋەن، سىياسىي تەشكىلاتلىرى دېموكراتىيەدىن يىراقلاشقان، ھۆكۈمەتلىرى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان، ئىلىم - پېنى روناق تاپمىغان، ئەدەبىيات - سەنئىتى دۇنياۋى سەۋىيەدىن يىراق تۇرۇۋاتقان، پەلسەپەسى ئىلمىي دەلىللەشتىن شاللانغان، دىنىي ئېگى قالايمىقانلاشقان، ئەخلاقى پۇچەكلەشكەن جەمئىيەتنى مەدەنىيەتسىز جەمئىيەت دېسەك خاتالاشمايمىز.

ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، سىياسىي تەشكىلات تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى. دۆلەت ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايدىغان بىر خىل سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادنى نورمال تەرتىپتە تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىياسىينى ئادىمىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇش، گۈزەل ئەخلاقىي ئەنئەنىلەرنى قوغداش ھەتتا يېڭى تەركىبلەرنى

## ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

قوشۇش، كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە سەنئەتكە بولغان مايىللىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەرلىك ئىقتىدارى، مۇئەييەن سالاھىيىتى ۋە زۆرۈر مەجبۇرىيىتى بار. ئەگەر بىر قوۋمنىڭ ئاڭ سىستېمىسىدا ئىقتىسادنىڭ نورمال تەرتىپتە تەرەققىي قىلىشى، سىياسىينىڭ ئادىمىي رەۋىشتە راۋاجلىنىشى، ئەخلاقنىڭ گۈزەل، كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە سەنئەتكە بولغان مايىللىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى قوغلىشىدىغان خۇرۇچلار لايىقىدا بولمىسا، تەرەققىيات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم مەنىۋى تەركىبلەر ھازىرلانمىغان بولىدۇ. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا قوۋمنىڭ ھۆكۈمىتى بۇ جەھەتتىكى كەملىكلەرنى تولۇقلاشقا، يوقنى بار قىلىشقا تىرىشمىسا بولمايدۇ. ئەگەر سىياسىي تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاز ساندىكى مۇستەبىتلەرنىڭ ئەلگە زۇلۇم سېلىپ، ئۆزلىرى ياپرايدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالسا، كەشپىياتلار بارلىققا كەلمەيدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا سەل قارىلىدۇ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، دىن، ئېتىكا دېگەنلەر تەرەققىي تاپالمايدۇ.

## 1. شەرقتىكى قۇياش

«جۇڭگو مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئەقىل ـ پاراسەت، سىياسىي ۋە پەلسەپە قاتارلىق تەرەپلەردە ئاسيادىكى باشقا قوۋملاردىن ئىلغار ئىدى.»[3]

ـ دېنىس دىدېرو (فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، 1713 ـ 1784)

دەسلەپكى ئىنسانلار دەريا ـ ئېقىن بويلىرىنى مەۋجۇدلۇق ماكانى قىلغان بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق ياشاش داۋامىدا مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى شەكىللىرى بىخ ئۇردى. ئاقىۋەتتە تىگرىت، موغرات، نىل، ھىندى، گانگې، سېرىق دەريالىرى بويلىرىدا قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى، بابىلون مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى.

تارىخىي مەنبەلەردە مىلادىيەدىن ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىللار بۇرۇن تىگرىت، موغرات دەريالىرى ئارىلىقىدا ياشىغان سۇمېرلارنىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ شەھەرلەرنى قۇرغانلىقى، شىنا ـ مىخ شەكىللىك يېزىقنى ياراتقانلىقى، دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ دۆلەت قۇرغانلىقى، قانۇن تۈزگەنلىكى، ئەلئېھرام ياسىغانلىقى، مۆھۈر(مەتبەئەنىڭ دەسلەپكى شەكلى)نى ئىشلەتكەنلىكى...قەيت قىلىنىدۇ. ھازىر مۇستەقىل تىپ دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مەدەنىيەتلەر قەدىمكى سۇمېر مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن بابىلون مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردا شەكىللىنىشكە باشلىغان. قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى (خاراپپا مەدەنىيىتى) مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2300 ـ يىللاردىن باشلانغان.

جۇڭگودا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2697 ـ ، 2597 ـ يىللىرى ئەتراپىدا پادىشاھ بارلىققا كەلگەن. چېغىناق ـ تاغاق(رەسىملىك) يېزىقى جۇڭگونىڭ شاڭ سۇلالىسى(م ب 1600 ـ م ب 1046 ـ يىللار) دەۋرىدە كۆرۈلگەن. مۇشۇ ۋاقىت بويىچە قارىغاندا، سېرىق دەريا ۋادىسىدا ياشىغان خەنزۇ خەلقى ياراتقان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن ئەمەس. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. مۇستەقىل مەدەنىيەت تىپىنى ياراتقان جۇڭگو خەلقى دۇنيا تارىخىدا كۈچلۈك ئىمپېرىيە ھاسىل قىلالىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگىچە ئارىدا شۇ دەۋرگە نىسبەتەن تېررىتورىيىسى ئەڭ كەڭ، تەشكىلىي سىستېمىسى ئەڭ مۇكەممەل، سىياسىي سىستېمىسى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ھالىتىگە يەتكەن. بۇ مەزگىللەردە دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتناش تەرەققىياتى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، زېمىن ۋە نوپۇس جەھەتتىن يۈكسەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بۇ ئىمپېرىيە بىلەن شۇ دەۋردىكى تەرەققىي تاپقان رىم ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا بىۋاسىتە توقۇنۇش يۈز بەرمىگەندى.

جۇڭگودا پەلسەپە رىم، يۇنانلارغا ئوخشاش ناھايىتى بۇرۇنلا گۈللەنگەن بولۇپ، تەرىقەتچىلەر پەلسەپىسى رەسمىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن. لاۋزى(م ب 604 ـ م ب 531)نىڭ قاراشلىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق مەدەنىيەتشۇناس ئالىم ۋىل دۇرانت: «لاۋزى بىلەن روسسۇ (1712 ـ 1778)نىڭ ئىدىيەسى بەكمۇ ماس كېلىدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرىلا ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ئۇلار بىر قېلىپتىن چىققانلاردۇر»[4] دەيدۇ. جۇڭگودا مىلادىيەدىن بۇرۇنلا كومپاس كەشىپ ئېتىلگەن، ئوردا پۈتۈكچىلىك ۋەزىپىسى تەسىس قىلىنغان، خىش ـ تاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنغان، ئاسترولوگىيەلىك كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان رەسەتخانىلار ياسالغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە دۆلەت رەسمىي گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى 12 ـ ، 13 ـ ئەسىرلەر كەلگىچە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان. ماركس «ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمى ۋە پۈتكۈل ھازىرقى زامان تەجرىبە ئىلمىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى» دەپ تەرىپلىگەن فرانسىس بېكون(1561 ـ 1626) «يېڭى قورال» دېگەن كىتابىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەتبەئە تېخنىكىسى، پورۇخ ۋە كومپاسنى تىلغا ئېلىپ، «بۇ ئۈچ نەرسە پۈتكۈل دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ قىياپىتى ۋە ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى» دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەتبەئە ئەدەبىياتتا، پورۇخ ئۇرۇشتا، كومپاس دېڭىز سەپىرىدە قوللىنىلىپ، زور ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغانىدى. «بۇ خىل ئۆزگىرىش شۇنچىلىك زور ئىدىكى، بىرەر ئىمپېرىيە، بىرەر دىن ياكى بىرەر داڭلىق شەخس ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بۇ ئۈچ چوڭ كەشپىياتتەك زور تەسىر قوزغىيالمىغانىدى.»[5]

«جۇڭگونى بايقاش» ئويغىنىش ھەرىكىتى جەريانىدىكى غەرب بىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئەقىل ـ پاراسەت، سىياسىي ۋە پەلسەپە تەرەپلەردە ياۋروپالىقلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى.

ئەنگلىيەلىك ئالىم جوسېپ نىدھام(Joseph Needham، 1900 ـ 1995) مەشھۇر ئەسىرى «جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابىدا، جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا، ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرىغا ئوبيېكتىپ، يۇقىرى باھا بېرىپ، «جۇڭگولۇقلار كۆپ تەرەپتىن يۇناننىڭ مۆجىزىكار شەخسلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگىچە ئارىدا،

www.uyghurkitap.com

غەربلىكلەر يېتىشەلمەيدىغان پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ساقلاپ قالغان... بىز غەربلىكلەر جۇڭگونى پەقەت يېزا ئىگىلىكى ۋە سەنئەت جەھەتتىنلا مەدەنىيەتلىك دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۇنيا پەن بىلىملىرىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان...»[6] دەپ قارىغان. «ياۋروپانىڭ 17 ـ ئەسىرلەردىكى ئىلىم ـ پەن گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بايقاش ۋە كەشپىياتلىرى نۇرغۇن جەھەتتىن ئالدىنقى نەچچە ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە تېبابەت ئۇتۇقلىرىغا تايانغان.»[7]

نېدھام دوكتورنىڭ قارىشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ تېخنىكا كەشپىياتلىرى، ئىجادىيەتلىرى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە ئارىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ زور مىقداردا ياۋروپا ۋە باشقا رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، بۇلار سۇ چىغرىقى، تاش يارغۇنچاق ۋە سۇ كۈچىنىڭ تاش يارغۇنچاقتا قوللىنىلىشى، پورشىن، شامال ساندۇقى، شامال چاقپەلىكى ۋە شامالچى، تەكشى قويۇلغان توقۇش دەستگاھى، مەشۇت ئايرىش، مەشۇت(يىپەك) توقۇش ۋە يىپەك توقۇش دەستگاھى، غالتەك، لەگلەك، يەر تېشىش تېخنىكىسى، چويۇننى ئىشلىتىش، يايسىمان ئەگمە كۆۋرۈك، زەنجىر كۆۋرۈك، ئۆستەڭ، تۇغان قاپقىسى، كېمە ياساش ۋە دېڭىزچىلىق كەشپىياتلىرى، پوروخ، كومپاس، قەغەز، مەتبەئە تېخنىكىسى ۋە تىزما مەتبەئە تېخنىكىسى، فارفور بۇيۇملار...قاتارلىقلار.

ئامېرىكىلىق مۇخبىر تەنپۇر جوسېپ نېدھام يىغقان زور مىقداردىكى ماتېرىيال ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ، 1986 ـ يىلى «جۇڭگو: كەشپىيات ۋە بايقاش دۆلىتى ـ جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تارىخىدىن جەۋھەرلەر» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ، كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە: «تىزما مەتبەئەنى يوھان گۇتېنبېرگ ئەمەس، جۇڭگو كەشىپ قىلغان. ئادەم تېنىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ۋىللىيام هارۋېي ئەمەس، جۇڭگو بايقىغان. ‹بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى›نى ئۇنجى قېتىم ئىساك نيۇتون ئەمەس، جۇڭگولۇقلار بايقىغان»[8] دەپ يازغان.

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ياپونىيەلىكلەر ئۇنى «لەشكىري ئىلىم سۇتراسى» دەپ تەرىپلىگەن. فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سىياسىيون، دۆلەت ئەربابلىرى بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا بېرىشكەن.

## 2. «نېدھام مەسىلىسى»

«جۇڭگونىڭ كەشپىياتلىرى ئۆزى بارلىققا كەلگەن تۇپراقتا تۇرۇلمۇ ھالىتىدە توختاپ قېلىپ، ھېچقانداق ئىشقا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.»[9]

ــ ۋىكتور ھيۇگو(فرانسىيە)

ھازىر دۇنيانىڭ پەن تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا چىغىناق ـ تاغاق يېزىقى، سىمۇۋۇ كاتتا داڭقىنى، تۆت چوڭ كەشپىيات، دەۋرداش ياشىغان خۇا تۇ(؟ ــ 208)، جاڭ جۇڭجىڭ(؟)، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەردىكى لى شىجېن(1518 ــ 1593)نىڭ تېبابەت نەتىجىلىرى، ليۇ ۋېي(250 ــ ؟)نىڭ «توققۇز بابلىق ھېساب»ى، چىن جيۇشاۋ (1202 ــ 1261)، لى جى (1192 ــ 1279)، ياڭ خۇي(13 ـ ئەسىر)، جۇ شىجيې(13 ـ ، 14 ـ ئەسىر)لارنىڭ ماتېماتىكا ئۇتۇقلىرى، سەددىچىن سېپىلى، گۇگۇڭ خان سارىيى، ساپال ۋە فارفورلار... تىلغا ئېلىنىدۇ. جۇڭگوغا دائىر ئوقۇشلۇقلاردا چاسا تاش، گۇگۇڭ خان سارىيى، چاڭچېلە، تىزما قوڭغۇراق، زۇڭزى قاتارلىقلار پارلاق، ئېسىل جۇڭخۇا مەدەنىيىتى سانىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان گۈزەل ئەخلاق مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:

باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، باشقىلارنى دەپ ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى؛

«جاھاننىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىدا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەندىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى؛

خەلقنىڭ يىغىسىغا تەڭ يىغلاپ، كۈلكىسىگە تەڭ كۈلۈشتەك ئالىيجاناب خىسلەت؛

توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپالىق كۈرەش قىلىشتەك غەيرەت ـ شىجائەت، مال ـ دۇنياغا قىزىقماسلىق، نامراتلىق ۋە موھتاجلىقتىمۇ ئۆز ئىززىتىنى يوقاتماسلىق، زوراۋانلىق ئالدىدا تەسلىم بولماسلىقتەك ئۇلۇغۋار ھەققانىي روھ؛

مەنسەپ تۇتقاندا خەلق ئۈچۈن بارلىق كۈچى ۋە پۈتكۈل ھاياتىنى ئايىماسلىقتەك ئۈلگىلىك روھ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، پەزىلەتلىك ئىش كۆرۈپ، خەلققە مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش روھى؛

ھايات ـ ماماتىغا قارىماي ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى، پارلاق يولدا مېڭىپ، ئومۇم ئۈچۈن ياشاشتەك ئىجتىمائىي غايە؛

...

بۇلار ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلەر. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىراق، جۇڭگو تارىخى ھەققىدە كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان مەسىلە شۇكى، مۇبادا جۇڭگو ئىلىم ـ پېنى ھەقىقەتەن كاتتا ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەخلاق ئېڭى يۇقىرىقىدەك راۋاجلانغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىن كېيىن قالمىغان بولاتتى. غەربتە تولېمى (85 ــ 165)نىڭ ئىزىدىن كوپېرنىك (1473 ــ 1543)، كېپلېر (1571 ــ 1630)، گالىلېي(1564 ــ 1642)، نيۇتون (1642 ــ 1727)، ئېينىشتېين (1879 ــ 1955)، ھۇببلې (1889 ــ 1953)، رېبېر(1911 ــ ؟)لار مېڭىپ، كىشىلەرنىڭ ئالەم ھەققىدىكى بىلىشىنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشقان. جۇڭگودا خېلى ئۇزاققىچە جاڭ خېڭ(78 ــ 139)نىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئادەم چىقمىغان. پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدىغان تۆت چوڭ كەشپىياتىمىزمۇ پوروخ تېخنىكىسى پوجاڭزا ياساشقا، كومپاس بىلىق تۇتۇشقا، مەتبەئە ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسى پەقەت قەدىمىي كىتابلارنى بېسىشقا ئىشلىتىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق رولىنى ئانچە جارى قىلدۇرالمىغان. «16 ـ ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىردە دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن نەچچە يۈزلىگەن زور پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى ۋە كەشپىياتىدىن بىرىمۇ جۇڭگوغا تەۋە

ئەمەس.»[10] ھەتتا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دۆلەت نامرات، قالاق، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ ھەقتە ئىجادىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى گاۋچۇنمېي ئەپەندى ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق يازىدۇ: «جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن تۆت چوڭ كەشپىيات، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تېخنىكا كەشپىياتى ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتى ۋە پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ تۆھپىلەر بولمىغان بولسا غەربنىڭ يېقىنقى زامان تېخنىكىسى بۇگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالىشى ناتايىن ئىدى. غەربنىڭ كېيىنكى گۈللىنىشىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئېشىشىنىمۇ بىلمەك تەس ئىدى. بىراق، كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغىنى شۇكى، جۇڭگودىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلار ئۆزى بارلىققا كەلگەن ئانا ماكاندا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى ئەتتۈرەلمىگەن. تۆت چوڭ كەشپىياتمۇ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلالمىغان... بۇ كەشپىياتلار ئەكسىچە غەرب ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلىنىپ، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە زېمىن بوپقېلىپ كېيىن قالغان ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئايان بولغان...»[11] بۇ ھال بىزنى يىلنامىلىك تارىخ دۆۋىسىدىن چىقىپ، ئۆتمۈشنى كۆپرەك چۈشىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. بۇ شۇنداقلا يەنە جۇڭگونىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بولغان توغرا دىئاگنوزنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى بولغان. نېمە سەۋەبتىن يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنىدە جۇڭگو ئەمەس، بەلكى غەرب باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟

بۇ، مەشھۇر «جوسېپ نېدھام قىيىن مەسىلىسى»دۇر. بەزىلەر بۇنى «مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور سىر»، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى «گولدباخ قىياسى» دېيىشىدۇ.

## 3. قۇياشتىكى «داغ»

***ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ يولباشچىلىرى ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالىغاندىلا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلالايدۇ. شۇڭا، ھازىر ئالدىن ئىلگىرلىگەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. [12]***

— ماكس ۋېبېر (گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى، 1864 — 1920)

«جوسېپ نېدھام قىيىن مەسىلىسى» جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى زور بىر تۈركۈم ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسنى جەلپ قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىش بولدى. جۇڭگونىڭ «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا بۇ قىيىن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ھەتتا جۇڭگودا 1982 - يىلى «جوسېپ نېدھام قىيىن مەسىلىسى» خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندىن كېيىن«ئىلىم - پەن ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت — جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم - پەندە كېيىن قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى» دېگەن ماقالىلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئىجاد قىلىش ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي تەبىئىي ئېقتىدارى. ئۇنداقتا نېمىشقا تارىختىكى ئوخشاش ۋاقىتتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى پەرقلىق بولىدۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى يەنە نېمىشقا ئوخشىمايدۇ؟

بۇ دەل «نېدھام قىيىن مەسىلىسى»نىڭ جاۋابى بولۇپ، كەڭ بىر سەھىپە تەلەپ قىلىدۇ. قىسقىچە ئىزاھلىغاندا، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا كېيىن قېلىشى، ئاساسلىقى ئۇزۇن ئىجتىمائىي توسالغۇنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ پەن - تېخنىكىغا دائىر يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بوغۇشى سەۋەبىدىن بولغانىدى.

تارىختا، ئىجادىيەت تالانتىغا ئىگە شەخسلەر مەلۇم ئىجتىمائىي توپتىكى ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئانچە كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىمەيدۇ. ھەتتا، بەزىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن شەخسلەر بىر ئەسىردە بىرەر - ئىككىدىن بارلىققا كېلىدىغان ئەھۋاللار بولغان. ئەمما، بۇنداق كىشىلەر سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان. ئارنولد توينبىنىڭ قارىشىچە، «يوشۇرۇن بولغان ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىش ھەرقانداق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. ئەگەر جەمئىيەت ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈم يارىتىشقا ئىمكانىيەت بەرمىسە، ئۇ ئۆز ئەزالىرىغا نىسبەتەن زۆرۈر مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ...»[13] ئومۇمەن ئالغاندا، «ئىجادچانلىق گېنى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە يوشۇرۇن ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە شەخسلەرنىڭ بىرىكمىسى ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈم باسقۇچىغا كىرىشىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئالىمى سىلۋانو ئارىئېت (Silvano.Arieti)نىڭ قارىشىچە، «ئىجادىي گېن»غا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇنداق بولىدۇ:

1. مەدەنىيەت ۋاستىلىرى(ماددىي ۋاستىلەر) قولاي بولىدۇ؛

2. مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىنىشى — ئۇچرىشىشى ئوچۇق بولىدۇ؛

3. ئىلگىرى مەۋجۇدلىرىغا ئەمەس، يېڭىدىن شەكىللىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. (بىۋاستە قانائەتكە، سەزگۈ ئەزالار ھۇزۇرىغا، خاتىرجەملىككە، ئەينى پەيتتىكى شاد - خۇراملىققىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەدەنىيەت ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. باشقىلىرىنى ئەمەس، ھازىر مەۋجۇدلىرىنىلا تەشەببۇس قىلىدىغان جەمئىيەت توختاپ قېلىش، يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ)؛

4. مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدىن ھەممە ئادەم پەرقسىز، ئەركىن پايدىلىنالايدۇ؛

5. قاتتىق زۇلۇم ياكى ئىستىبداتلارچە يەكلەشتىن كېيىن ئېرىشىلگەن ئەركىنلىك مۇۋاپىق پەرقىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ، ئىجادىيەتكە نىسبەتەن بىر خىل غىدىقلاش ئامىلىدۇر؛

6. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر، ھەتتا قارىمۇقارشى مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ؛

7. ئوخشىمىغان قاراشلارنى سىغدۇرالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ؛

8. مۇھىم شەخسلەر بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛

9. رىغبەت ۋە مۇكاپاتلار تەشەببۇس قىلىنىدۇ. [14]

www.uyghurkitap.com

ئارىئېت گەرچە غەرب جەمئىيىتى ئاساسىدا تەھلىل يۇرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنى جۇڭگو تارىخى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاساسىي روھى بىردەك. بۇ يەردە كارل ماركسنىڭ: «ئادەم مۇھىتنى يارىتىدۇ، ئوخشاشلا، مۇھىتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ» دېگەن سۆزى يادىمىزغا كېلىدۇ. بۇ، تارىخ تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ ماركسىزملىق تارىخ قارىشى ئاساسىدىكى ئەڭ ئىخچام تەسۋىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇلار كېيىن ياراتقان تەشكىلىي سىستېمىسى كەشپىيات ـ ئىختىرالارنىڭ داۋاملىق بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سىياسىي تەشكىلات ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ دېموكراتىيەلىشىشى، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، دىن، ئېتىكا قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

## ئەجداد = خۇدا

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە خەنزۇلار بىلەن دۇنيادىكى باشقا قوۋم كىشىلىرىدە ئوخشاشلا روھقا نىسبەتەن كۈچلۈك قورقۇش تۇيغۇسى بار ئىدى. كىشىلەر مەۋھۇم روھ ـ ئەرۋاھلارغا تېۋىناتتى. زېمىندىكى كەڭ دائىرىلىك شەكىللەر ۋە قايتا تىرىلىش قۇدرىتىنى مەدھىيىلەيتتى. ئەمما، جۇڭگودا ھىندى دىنى، شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، زارائاستېر دىنىغا ئوخشاش قەدىمكى دىنلار شەكىللەنمىگەن ياكى بۇ دىنلار ماس رەۋىشتە تارقالمىغانىدى. بىر خۇدالىق ئېتىقاد مەنبەسىگە تەرەققىي قىلالمىغان بۇنداق قورقۇش ۋە ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىشىنىش تۇيغۇسىدىن كېيىنچە ئىككى ئامىل كۆكلەپ چىققانىدى: بىرى، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، يەنە بىرى، ئەرش(天) ۋە ئەۋلىيالارغا بولغان ھۆرمەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ قورقۇش ئوبيېكتى چوڭلار، مەنىۋى تىرىكى ـ تېۋىنىش ئوبيېكتى ئەجدادلار بولغانىدى.

ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ تىپىك ئىپادىسى ئەجدادلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە تۆھپىسىنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئۇلارنى تەڭرى دەپ بىلىپ نەزىر ـ چىراغ قىلىش، ئۇلاردىن پاناھ ـ ياردەم تىلەش بولۇپ، كىشىلەر ئائىلە، ئۇرۇق، قەبىلىلا ئەمەس، ھەتتا بىر پۈتۈن مىللەتكىچە ئۆز ئەجدادلىرىغا چوقۇنغان، «ئەجداد ـ ئىلاھ دېمەكتۇر» دەپ تونۇلغانىدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالەمنى خۇدا ياراتمىغانىدى. جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە پەنگۇ ئەڭ بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن گىگانت ئادەم ئىدى. ئۇ، ئون سەككىز مىڭ يىل جاپالىق ئىشلەپ، مىلادىيەدىن ئىككى مىليون 229 مىڭ يىل بۇرۇن دەسلەپكى دۇنيانى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى تىنىقىدىن شامال ۋە بۇلۇتلار شەكىللەنگەن، ئاۋازى گۈلدۈرمامىغا ئۆزگەرگەن، قېنىدىن دەريا ـ ئېقىنلار بارلىققا كەلگەن، مۇسكۇلى زېمىنغا، چېچى ئۆسۈملۈك ۋە دەل ـ دەرەخكە، ئۇستىخىنى مېتالغا ئۆزگەرگەنىدى. تەرىدىن يامغۇر پەيدا بولغان، بەدىنىدىكى قۇرت، پىت ـ بۈرگىلەر دەل ئادەملەر ئىدى.

شۇنداق تونۇش تەسىرىدىن، كىشىلەر ئۆلگەنلەرنى ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى ئىخلاس بىلەن نەزىرلىك بېرەتتى. ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، پاناھلىق تىلەيتتى. كەڭ ئاۋام ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شەكىل ـ ھالىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان مەلۇم بىر جايدا يەنىلا ياشاۋاتقىنىغا، ئۆزلىرىگە بەخت ۋە شۇملۇق ئەكىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەجدادلارغا نەزىر ـ چىراغ قىلىش غەربىي جۇ دەۋرى (م ب 1046 ـ م ب 771)دىن باشلاپ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيىتىگە ئايلانغان بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلەتتى. قاتتىق مۇراسىم تەرتىپى بولۇپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىناتتى.

ئەسلىدە قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادى ئوخشىمىغاچقا، چوقۇنۇش ئوبيېكتىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇنداق ئەھۋال مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياكى بۆلۈنۈپ كېتىشىدە يوشۇرۇن خەۋپ ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى (م ب 475 ـ م ب 221)گە كەلگەندە خۇاگدى، يەندىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، بۇنداق خەۋپ تۈگىتىلگەنىدى.

ئەجدادلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش يامان ئىش ئەمەس. بۇ خىل روھ بۈگۈنكى فىرانسۇزلاردىمۇ بەك كۈچلۈك. چۈنكى، بۇ خىل روھ يوقالسا، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بىراق، جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەجدادلارنى سۆيۈش ئىنسانلارنى، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى سۆيۈش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلمەي، ئەكسىچە، ئۇرۇق ـ قەبىلىنى، قانداشلارنى سۆيۈش باسقۇچىدا توختاپ قالغانىدى.

## ئىلاھمۇ، ئۇستازمۇ

جۇڭگودا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە داۋ دىنى (道教) شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، داۋ ئەقىدىسى بويىچە، تەڭرى قۇدرىتى چەكسىز مەۋجۇدلۇق ئىدى. تەڭرى بارلىق تەرتىپنى باشقۇراتتى. ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، ھۆكۈمدار بىلەن خەلق، خان بىلەن قۇل... ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قېلىپقا سالاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەقىدە ـ داۋ(道) ياكى تەڭرى(天) ئۇقۇملىرى تۇتۇق بولسىمۇ، ئۇنى قەدىرلەيتتى. بۇ ئۇقۇملار شەخس (人格) بىلەن شەخسسىز(非人格)لىك ئارىسىدا تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ دۇئا ـ تىلاۋىتىدە ئۇنىڭ شەخسلەشكەن تەرىپى بار بولاتتى. پەيلاسوپلارنىڭ پىكىر ـ تەلقىنلىرىدە ئۇ ئادالەتلىك ۋە مېھرىبان دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ شەخسسىزلەشكەن تەرىپى ئايان بولاتتى. يەنى، دەسلەپكى مەزگىللەردە بىلىم ئەھلىلىرى شەخسسىزلەشكەن ـ مەۋھۇم «تەڭرى»(داۋ دىنى ئەقىدىسى)نى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ يەنە ھۆكۈمدارلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىگىمۇ ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئەمما كۇڭزى(م ب 551 ـ م ب 479) داۋ دىنىدىن پايدىلىنىپ مۇكەممەل بولغان دەرىجىلىك ئەخلاق پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىققانىدى. خاتىرىلىنىشىچە، كۇڭزى دەسلەپ لۇ بەگلىكىدىكى بىر شەھەردە بىر مەزگىل شەھەر بېگى بولغان بولۇپ، ئۇ بارلىق ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدى. ئۇ

ھەر بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بەلگىلىك قائىدىگە سېلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بارلىق يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-پائالىيەتنىڭ قائىدە-يوسۇنى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ بۇ پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشنىڭ قاتتىق پىرىنسىپى بولۇپ، ھەتتا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئادەتتىكى پۇقرانىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلىمىسى بار ئىدى. ئەر-ئاياللار كوچىدا بىللە ماڭسا بولمايتتى. جەسەت ساندۇقىنىڭ قېلىن-نېپىزلىكىنىمۇ، قەبرىنىڭ شەكلى ۋە تەرەپ-يۆنىلىشىنىمۇ قاتتىق بەلگىلىمىسى بار ئىدى.

كۇڭزى قائىدە-يوسۇن ئارقىلىق يامان تەسىرلەرنى تۈگەتمەكچى بولغانىدى. ئۇ بىر پېداگوگ ۋە پەيلاسوپ ئىدىكى، مۇقەددەس ئەۋلىيا-پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى. بىراق، كۇڭزىنىڭ ئېتىكىسىدا ئومۇمەن چوڭلارنىڭ تۆرلۈك كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتىكى رولى ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، مەۋھۇم «تەڭرى»گە ئورۇن قالمىغانىدى. بۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئىدىيەسى بىلەنمۇ ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ھەرقايسى سۇلالە ۋە دەۋردە خانلىق كۇڭزىنىڭ كۈچلۈك دەرىجە خاھىشىدىكى ئەخلاق قارىشى مىزانىنى كېڭەيتكەنىدى. نەتىجىدە، كۇڭزىچىلىق دۆلەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا تايىنىپ، پەقەت تەڭرىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان دىن ئورنىغا چىقىپ، كۇڭزىمۇ قالتىس ئۇلۇغلانغانىدى. تارىختا ھەر بىر مەكتەپكە كۇڭزىنىڭ ھەيكىلى ۋە تەزىيە تاختىسى قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال بۇ «دەسلەپكى ئۇستاز»غا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئاندىن ساۋاق بېرىدىغان ئۇستازىغا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەر بىر شەھەردە كۇڭزى ئىبادەتخانىسى سېلىنغان بولۇپ، خان ۋە بەگ-تۆرىلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۇڭزىغا باش ئۇرۇپ-سەجدە قىلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ، كۇڭزىنى ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك تەسىرگە ئىگە شەخس دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئەسەرلىرىگە ئەڭ كاتتا ھۆرمەتلەر بىلدۈرگەنىدى. نەتىجىدە، مەۋھۇم خۇدانىڭ ئوبرازى ھۆكۈمدارلارنىڭ قەلبىدە بارا-بارا سۇسلىشىپ، يوقىلىپ بارغانىدى. كۇڭزىچى ئەربابلار نەزىرىدە كۇڭزى بىر ئىلاھ ئەمەس ئىدى. ئەمما، كۆپ سانلىق جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ئىلاھ ئىدى. گەرچە، كۇڭزىغا باش ئۇرغۇچىلار ئىچىدە ھېچقانداق دىنىي ئېتىقادى يوق ئاتېئىستلارمۇ بولسىمۇ، ئۇلار كۇڭزىغا ياكى ئەجدادلىرىغا سەجدە قىلاتتى. كەڭ يېزا-قىشلاقلاردىكى كىشىلەر نەزىرىدە ئۇلار ئىخلاسمەن مۇرتلار ئىدى. ئاقىۋەتتە، كەڭ ئاۋامۇ ئۇزاققىچە مەنسەپدار بولۇش تىلىكىگە يېتەلمىگەن كۈڭ ھەزرەتنىڭ قارىشىدىكى شەخسلەشكەن «تەڭرى»نى قوبۇل قىلغانىدى.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، 2000 يىلدىن بېرى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش روھى بىلەن كۇڭزىچىلىق ئېتىكىسى تەنقىدكە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇشىنى تۇتۇپ تۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەخلاق ئەنئەنىسى بولۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ «شەكىلسىز ھۆكۈمىتى»گە ئايلانغانىدى. ئارنولد تويىنبى ئىنسانلارنىڭ ئالتە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدىكى 26 خىل مەدەنىيەت تىپىنى ئايرىپ چىققان. پەقەت جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىلا ئۇزاق مەزگىل، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ۋە پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمىغان. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ قېلىشىدا، تارقالغان زېمىنىنىڭ كەڭلىكى بىر سەۋەب بولسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەجدادلار ۋە كۇڭزىغا چوقۇنۇش روھى تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب ئىدى. ئەجدادلارغا چوقۇنۇش بىلەن ماس ھالدا ئائىلە ۋە ئۇرۇقنى بىرلىك قىلغان جەمئىيەت ئىندىزىسىدە ئائىلە، ئۇرۇق ۋە دۆلەت ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇرۇق دۆلەت بىلەن ئائىلىنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغداش، ئائىلارنى كېڭەيتىش، تارىخنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. كۆپلىگەن كىشى روھقا ئىشەنمىسىمۇ، داۋ دىنى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا كۇڭزىچىلىق ئېتىكىسىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى بولغاچقا، دىنىي ئۇرۇشلار يۈز بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان قوۋملارنىڭ مەدەنىيىتىگە يېيىلىپ كەتمىگەنىدى.

ئەمما، بۇ خىل روھ سىياسىينىڭ دېموكراتىيەلىشىشى، يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى.

## قورقۇنچلۇق ئىلاھىي ھوقۇق

نۆۋەتتە كۆپىنچە خەنزۇ تەتقىقاتچى جۇڭگونىڭ كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ خەلقچىللىققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. دەرۋەقە كۇڭزى مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلغان. مۇتەپەككۇر مېڭزى(م ب 372 ـ م ب 289) كۇڭزىنىڭ مېھرىبانلىق قارىشىنى «خەيرىخاھ سىياسەت تەلىماتى»(仁政学说)غا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمدارلارغا پۇقرانى مۇھىم بىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان، شەپقەتسىز-ۋەھشىي خانلارنى «مۇستەبىت-زالىم» قاتارىدا ئەيىبلەپ، خەلق ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتسە بولىدۇ، دەپ قارىغان. قانۇننىڭ پادىشاھتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئىش-ھەرىكەتتە مېھرىبان بولۇش كېرەكلىكىنى قەيت قىلغان. چۇنچيۇ دەۋرى(م ب 770 ـ م ب 476)دە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، تەرىقەتچىلەر پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى لاۋزى كىچىك بەگلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى، كىچىك بەگلىكلەردىكى خەلققە ئەركىنلىك بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى سىياسىي ئىدىيەسى كۇڭفۇزى ئىدىيەسىدىن كەلگەن. كۇڭزىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيەسى پەلسەپەنى ھەرىكەت ۋە سىياسىي ئەمەلىيەتتە قوللىنىشتا ئىپادىلىنەتتى. ئۇ، بەگلىكنى مەنسەپدار-تۆرىلەر ئىدارە قىلىدىغان، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمگە مايىل ئىدى. كۇڭزىنىڭ قارىشىچە، پەقەت ھۆكۈمدار بولغاندىلا ئائىلە ئېتىكىسىنى ياخشى قۇرۇپ، دۆلەتنى قۇتقۇزغىلى بولاتتى. جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكى چوڭ-كىچىكلەر ئارىسىدىكى تەرتىپكە تايىناتتى. كۇڭزى ئىنقىلابچىلارنى قوللاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى جۇڭگونىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت چۈشەنچىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى

www.uyghurkitap.com

تۈزگەندى.

سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا، كۇڭزى تەلىماتىدا خەلقنىڭ ئېتىقادىنى قوغداش ھەتتا خەلقنى تويۇندۇرۇشتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغانلىقى مەلۇم. گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ئالىم ماكس ۋېبېر بۇنىڭغا كۇڭفۇزى بىلەن شاگىرتى زىگوڭنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»دا خاتىرىلەنگەن «زىگوڭنىڭ سىياسىي ھەققىدە سورىغانلىرى» دېگەن سۆھبىتىنى مىسال قىلىدۇ:

*كۇڭفۇزىنىڭ تالىبى زىگوڭ سورىدىلەر:*

*— خانلىقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن نېمىلەر كېرەكتۇر؟*

*كۇڭزى جاۋاب بېرىدىلەر:*

*— پەقەت ئۈچ نەرسە كېرەكتۇر. ئۇلار: يېتەرلىك لەشكەر، يېتەرلىك ئاشلىق ۋە ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدۇر. يېتەرلىك لەشكەر بىلەن خانلىققا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكتۇر؛ يېتەرلىك ئاشلىق بولغاندىلا، ئاۋام غەمسىز ياشايدۇلەر؛ ئاۋامنىڭ ئېتىقادى بولمىسا، ئەمىنلىك بولمايدۇلەر.*

*بۇ تالىب يولسىزلىق بىلەن سورىدىلەر:*

*— بۇ ئۈچ نەرسە بەك كۆپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىرسىنى قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلسە، سىلىنىڭچە ئاۋۋال قايسىسىنى قالدۇرۇش كېرەكتۇر؟*

*كۇڭفۇزى دېدىلەر:*

*— لەشكەرنى قالدۇرۇۋېتىش كېرەكتۇر. بۇنىڭسىزمۇ ئەمىنلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇلەر.*

*زىگوڭ يەنە سورىدىلەر:*

*— مۇبادا يەنە بىرسىنى قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قايسىسىنى قالدۇرسىلا؟*

*كۇڭفۇزى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن دېدىلەر:*

*— ئاشلىقنى قالدۇرۇۋېتىمەن. بىز ئاش يېمەسلىككە رازى. ئۆلۈم-يېتىم قەدىمدىن بېرى بار نەرسە. ئەمما ئاۋامنىڭ ئېتىقاد-ئىشەنچىسى بولمىسا بولمايدۇلەر.[15]*

دىن رىۋايەت ۋە پەرھىز ۋاستىسى ئارقىلىق ئەخلاقنى قوغدايدۇ. كۆك ھەزرەت مۇشۇ تەرەپىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭىمۇ، جۇڭگودا ھەر خىل دىن تۈپتىن يوقىتىلىشقا يۈزلەنمىگەن.

ئىراق، كۇڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى بايان قىلىنغان «جۇ يىلنامىسى»(周礼，周官，周官经) ناملىق كىتابتا كۇڭزىنىڭ: «پادىشاھلار ئىلاھنىڭ ۋەكىل ئادىمى ۋە تەڭرىقۇتلۇق سالاھىيىتىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەي. ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ھەققانىيلىقلىقى(合法性) ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ساداقىتىنى مەنبە قىلغاي؛ ئاقسۆڭەكلەر تەربىيىلىنىپ ئاندىن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى تۇتقاي؛ پۇقرالار تىرىقچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئاتا ھوقۇقچىلىقى تۈزۈمىدىكى ئائىلىدە ياشىغاي. پۇقرالاردا ھوقۇق باردۇر، بىراق، ئۇلار مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمىغاي...» [16] دېگەن سۆزى بار. ئېنىقكى، بۇ، ئامىمنىڭ نازارىتىنى تۈپتىن يامان كۆرىدىغان «مۇتلەق ھوقۇقچىلىق» خاھىشىدۇر. غەربتە ئەپلاتون(م ب 427- م ب 347)نىڭ سىياسىي ئىدىيەسى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە، «قانۇن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ» دەپ قارىغان. ئاياللار، قۇللارنى پۇقرا قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە، تەڭرى كىشىلەرنى ياراتقاندا ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ جىسمىغا ئوخشىمىغان مىتال ئېلېمېنتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بەزىلىرىنىڭ تېنىگە ئالتۇن قوشقان. شۇڭا، ئۇلار قىممەتلىك، ئەتىۋار، ھۆكۈمدارلاردۇر. بەزىلىرىنىڭ تېنىگە كۈمۈش قوشقان، شۇڭا، ئۇلار ھۆكۈمدارلارنىڭ نائىبى — سىياسىي ياردەمچىسىگە ئايلانغان. دېھقانلارنىڭ تېنىگە تۆمۈر ئېلېمېنتى، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار تېنىگە بولسا مىس ئېلېمېنتى قوشۇلغان. ھۆكۈمدارلار بىلەن دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئورنى ئالمىشىپ قالسا ھەرگىز بولمايتتى. ئومۇمەن، ئەپلاتوننىڭ سىياسىي پروگراممىسى ئىنتايىن ھاكىممۇتلەق قاراش ئىدى... ئالىم ۋىل دۇرانتنىڭ قارىشىچە، ‹‹جۇ يىلنامىسى› دېگەن بۇ كىتاب ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر ھەقىقىي جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن، ھوقۇق چېرىگەن رېئاللىققا دۇچ كەلگەن سىياسىيوننىڭ قولىدىن چىقمىغانىدى. بۇ بەلكى نام-ئەمەلسىز بىر ‹ئەپلاتون› قۇرغان ‹غايىۋى دۆلەت› ئىدى.»[17]

كونا جۇڭگودا سىياسىي تەلەپلەرلا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بويسۇنۇش رامكىسى بولۇپ، ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئالغاندا، جۇڭگودا «جۇ يىلنامىسى»دىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئاياللارغا قارىتا «ئۈچ ئىتائەت، تۆت پەزىلەت» مودا بولۇشقا باشلىغانىدى. يەنى، «ئۈچ ئىتائەت» — ياتلىق بولۇشتىن ئاۋۋال ئاتىغا بويسۇنۇش، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرىگە بويسۇنۇش، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلىغا ئەگىشىش؛ «تۆت پەزىلەت» — ئاياللىق ئەخلاقى، ئاياللىق سۆزى، ئاياللىق ھۆسنى، ئاياللىق ماھارىتى قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۈچ تەزىم، توققۇز سەجدە»مۇ بار ئىدى. مەنسەپدار پادىشاھقا، كىچىك مەنسەپدار چوڭ مەنسەپدارغا، قۇل خوجايىنغا تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى.

«شەخسكە چوقۇنۇش» جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ، رىۋايەتلەر دەۋرىدىن قالغان ئۆرنەك ئىدى. كونا جۇڭگو «تارىخشۇناسلارنىڭ جەننىتى» بولۇپ، ئۇلار ھەتتا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000-يىللاردىكى رىۋايەتلىك تارىخنىمۇ قەلەمگە ئېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئاشۇنداق يازمىلار ئىچىدە جۇڭگونىڭ يارىلىشى ھەققىدە قىسسە بار بولۇپ، بىر قىسسىدە ئەڭ بۇرۇن ئالەمنى ياراتقۇچى خۇدا ئەمەس، بەلكى پەنگۇ ئىدى. يەنە بىر قىسسىدە جۇڭگونىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دانىشمەن پادىشاھلىرى ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋاقتى ئون سەككىز مىڭ يىل ئىدى. ئۇلار پەنگۇ قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ياۋايى ئادەملەر — پىت-بۈرگىلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە تەربىيەلەيتتى. بۇنداق قىسسەلەردە دۇنيادىكى بارلىق يارالمىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت خۇداغا ئەمەس، بىر نەچچە غايىۋى قەھرىمانغا مەنسۇپ قىلىناتتى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، لەشكىرىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان شاھزادىلەرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ بۇ دۇنيانى بىر ئەسىرلەپ باشقۇرۇشى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت ئىدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنىڭ سالۋاتىئونىزم — روھنى قۇتۇلدۇرۇش

ھەققىدىكى دىنىي ئەقىدىسى يوق ئىدى. شۇڭا، دىنىي ۋەزىپىنىڭ ھېچقانداق ئىلاھىيلىق سالاھىيىتى يوق ئىدى. كونا جۇڭگودا پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەھرىيلەر بولۇپ، ئۇلار بارلىق ئىلاھنى كەمسىتەتتى. دىنلىق جەمئىيەتلەردە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دىنىي نوپۇز جۇڭگودا خاننىڭ ھوقۇقىغا قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، خانلىق ھوقۇق ئەل ئارىسىدىكى نۇرغۇن خۇدانىڭ ئۈستىگە قويۇلغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ «پادىشاھ ــ تەڭرىقۇت ــ خۇدانىڭ ئوغلى» ئىدى: ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تەڭرىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنىڭ ۋەكىلى بولمىش قەھرىمانلىق سالاھىيىتى ياكى سىرلىق تۇغما تالانتلىق سالاھىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقانداق تەڭرىنىڭ ئورنى ۋە شان-شۆھرىتى بۇنداق ھوقۇققا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. بۇ، بيۇروكرات سىنىپىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئېھتىياجىغا بەكمۇ ماس كېلەتتى. بۇنداق غەيرىي راتسىئونالىزم(ئىدراكچىلىق)لىق ئالاھىدە شەكىل دۆلەت تەرتىپىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقلىق(合法性)ىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك مەنىدىكى مۇستەبىت تۈزۈم ۋە باشقىچە مەنىدىكى «دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي» ئىدى.

ماكرو جەھەتتىن قارىغاندا، جۇڭگو تارىخىدا ئەزەلدىن كۈچلۈك روھانىيلار قاتلىمى، مۇستەقىل ئىدارە قىلىنىدىغان دىنىي كۈچلەر تەسىس قىلىنغان مائارىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىكىسى مەۋجۇت بولمىغانىدى. دۆلەتنىڭ نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرى ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغ ئەرۋاھلارغا، مەلۇم ئالاھىدە ئىلاھلارغا ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلغان قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، چوقۇنۇش-سەجدە قىلىش پائالىيەتلىرى بولۇپ، بۇنداق پائالىيەتلەرگە كاھىنلار ئەمەس، سىياسىي ھوقۇق ۋەكىلى شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلاتتى. كۇڭزىچىلىق(儒教)نىڭ مەنىسى ئەدىبلەرنىڭ ئەقىدىسى(文人的教义) دېگەنلىك بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا كۇڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە دىن تۈسىنى ئالمىغان ئادەت، مۇراسىملارغا دائىر سۆزلەر بولۇپ، دىنغا ماس كېلىدىغان مەخسۇس ئىسىملار يوق ئىدى. تەجرىبىدىن ھالقىغان قىممەت ۋە تەقدىر ھەققىدىكى ھېچقانداق ئىنتىلىش يوق ئىدى. شۇڭا، بيۇروكرات سىنىپىنىڭ راتسىئونالىزمى ئەركىن تەرەققىي قىلغانىدى. بۇنداق ئىدراكچىلىق تۈپ ماھىيەتتىن ئالغاندا دىننى كۆزگە ئىلمايتتى. چۈنكى، بۇ پۇقرانى كۆندۈرۈش ۋە ئەنئەنە تەسىر كۈچى بىرلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك يەرلىك ئۇرۇقداشلىق تەسىر كۈچى رىقابىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكى ـ تاشقى تەسىرلەرنىڭ تەرەققىياتى دەل ئوتتۇرىدىن كېسىپ تاشلانغانىدى.

ۋېبېرنىڭ يەكۈنىچە، جۇڭگودا «دۆلەت بەلگىلىگەن دەھرىي ‹دىن› دەل ئەجدادلارنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرىتىگە ئىشىنىش ۋە چوقۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئەلئارا دىنلار ئومۇمەن مەخسۇس سېھىرگەرلىك ۋە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ماشخوردا پائالىيەتلەر ئىدى. راتسىئونالىزملىق ۋارىسلىق مۇستەبىت تۈزۈم ئۆزى چىن ئىخلاسىدىن كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى تۈپتىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى قوبۇل كۆرگەنىدى. چۈنكى، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ دۆلەت قارىشى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، كىشىلەر دىننى ساقلاپ قالمىسا بولمايتتى. ئەگەر ئېتىقادى بولمىسا، دۇنيادا تەرتىپ بولمايدۇ دېگەن گەپ ئىدى.»[18] ئەمما، دىنىنىڭ ئورنى تۆۋەن بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ دىن سىياسىتى باشتىن ئاخىر ناھايىتى ئاددىي ئىدى: ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىنى دۆلەتلەشتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن كۇڭزىچىلارنى مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. ئالدىنقىسى دۆلەت سىياسىيسىنىڭ، كېيىنكىسى ئەنئەنىۋى مۇقەددەرلىك ۋە شەخسنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

جۇڭگودا ئومۇمىي دىنىي ئېتىقاد بولمىغانلىقتىن، پەلسەپەنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئورنى بىلەن دىننىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىكى ئورنى ئوخشاپ قالغانىدى. كونا جۇڭگودا پەلسەپە تەربىيە كۆرگەن ھەر بىر ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھە بولۇپ، بىر ئادەم تەربىيلەنمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن پەلسەپەدىن ساۋات ئېلىشى، باللار مەكتەپكە كىرگەندە ئەڭ ئاۋۋال «بايانىنامە»(论语)، «مېڭزى»(孟子)، «بۈيۈك تەلىمات»(大学)، «مادارا»(中庸) قاتارلىق «تۆت كىتاب»نى ئوقۇشى كېرەك ئىدى.

كۇڭزى پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ سىياسىي ئاساسى ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. كۇڭزىچىلىق ئېتىكىسى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى پىرىنسىپ جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئادەملەر ئارىسىدىكى پەرقنى تۇغما ئەمەس، بەلكى كېيىنكى تەربىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايتتى. «بىراق، فېئوداللىق تۈزۈمگە، ۋارىسلىق بيۇروكرات تۈزۈمگە ۋە كېلىپ چىقىش دەرىجىسىگە ماس بولۇش كۇڭزىچىلىقنى كلاسسىك تەلىماتىدىكى بۇنداق باراۋەرلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى.»[19] كۇڭزى ئېتىكىسىدا تەكىتلەنگەن قۇل پادىشاھقا، بالا ئاتىغا، ئايال ئەرگە بويسۇنۇشتەك «ئۈچ ئەركان» ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى بۇنداق مائارىپ شەكلى ئارقىلىق شۇ قەدەر مۇقىم ۋە كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغانىدى. بۇ «تۆت كىتاب»نىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى بىلەن «ئىنجىل»نىڭ غەربلىكلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ئوخشاش ئىدى. غەرب جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلمىي يۈزلىنىشلەرگە قەدەم باسقاندىمۇ، جۇڭگودا كۇڭزىچىلىقتىن ئىبارەت بۇ «غەيرىي دىن» تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. يۇقىرىقى ئەسىرلەردە تەبىئەتچىلىك قارىشى، قانۇن روھى، شەخسنىڭ قىممىتى... دېگەنلەر كەم ئىدى.

ئىجابىي تەرەپتىن ئالغاندا، كۇڭزىچىلىق بىر كوللېكتىپ روھ ئىدى. ئىجتىمائىيلىق ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى. شۇ ۋەجىدىن كوللېكتىپ روھنىڭ بولۇشى ئەزەلدىن يامان ئىش ئەمەس بەلكى تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسى.

چۈنكى كوللېكتىپ مەنپەئەتنى شەخس مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان قىممەت قارىشى كوللېكتىپ ھەمكارلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. فرانسىس فۇكۇياما: «نوپۇزدىن گۇمانلىنىش مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق شوئارىغا ئايلانغان ھامان، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كۈنى تۈگەيدۇ. چۈنكى، داۋاملىق شەكىللىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ»[20] دەپ توغرا ئېيتقان. شۇڭا، بىز چەكسىز

ئەركىنلىك تەشەببۇس قىلىنغان دۇنيانى غايىمىزدىكى جەننەت دەپمۇ قارىمايمىز. ۋاھالەنكى، شەخستىن ئايرىلغان كوللېكتىپ روھمۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. چۈنكى، ھوقۇقسىز مەجبۇرىيەت ئادەمنى تايىنىشچان، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئىككىتايىن-لىغتاسما قىلىپ قويىدۇ ياكى ئادەملەرنى زىيادە قارام، ھېسسىياتچان قىلىۋېتىدۇ. ياپونلار كوللېكتىپقا زىيادە ئېتىبار بېرىشتەك ساموراي روھى بىلەن ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان، شۇنداقلا يەنە قارىغۇلارچە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەكىتلەپ، ئۇرۇش ئوتىغا سەۋەبچى بولغان، ئۆلارنى قەبىھ — يالماۋۇز قىلىۋەتكەن. گېرمانلارنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى قىلمىشلىرىنىمۇ ئاشۇنداق كوللېكتىپ ئاڭدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەقىلنىڭ نۇرلىنىشى، بىلىمنىڭ كۈچكە ئايلىنىشىدا شەخسنىڭ قىممىتىگە ھەرگىزمۇ سەل قارالماسلىقى كېرەك.

جۇڭگودا قەدىمكى مىسىرغا ئوخشاشلا، بۇنىڭدىن 4500 يىللار بۇرۇنلا پادىشاھ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەڭ ئالىي ھوقۇقتا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىخ خاتىرىلىنىشتىن بۇرۇنلا مەركەز ھوقۇقى ۋە ۋارىسلىق تۈزۈمى — بيۇروكراتلىق تۈزۈم مەۋجۇد ئىدى. بۇ خىل تۈزۈم سىياسىي ماھىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى دىنىي ماھىيەتكىمۇ ئىگە ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرگىچە بولغان 500 يىلچە ۋاقىت جۇڭگونىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بەرپا قىلىنغان مۇھىم مەزگىللەر بولۇپ، كېيىن بۇنداق تۈزۈم قىل سىغماس ھەقىقەت بوپقالغانىدى.

بۇنداق ئاڭ تەسىرىدە جۇڭگودا بىر خىل مەجبۇرىيەت مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، تاكى چىڭ سۇلالىسى يوقالغىچە ئاردا ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىينىڭ كاپالىتى يوق ئىدى. كونا جۇڭگودا ھەممە ئادەم قۇل بولۇپ، مۇستەقىل سالاھىيىتى يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى پەقەت بويسۇنۇش بىلەنلا ئىپادىلىنەتتى. شۇڭا، دۆلەت تۈزۈملىرى لايىھىلەنگەندە، ئادەملەرنىڭ مەجبۇرىيىتى مەركەز قىلىناتتى. بىرەر قانۇنلار دەرىجىسى يوق ئىدى. ئادۋوكات يوق ئىدى. مەنسەپدارلار دېلولاردا پۈتۈنلەي ئائىلە باشلىقى ئىمتىيازىدا، مۇقەددەس ئەنئەنە يول قويغان دائىرىدە، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ ئەمەس، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، كونكرېت سۈپىتى، كونكرېت ئەھۋالى ۋە كونكرېت قائىدە-يوسۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى. بۇنداق ئەدلىيىدە ئىسلامچە مۇقەددەس قانۇن كودېكسىمۇ، غەرب بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكىدەك مۇقەددەس قانۇن بىلەن دەھرىي قانۇن ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتمۇ يوق ئىدى.

مۇستەبىتلىك، ئۇرۇقداشلىق-پاترىئارخاللىق تۈزۈم غەربتە ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ يوقىلىشقا يۈز تۇتقانىدى. ئەمما، جۇڭگودا بولسا تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. خانلىق ئەلنى پەقەت ئىمتىھان ئارقىلىق تاللانغان، ئازراق ئىلىم مەلۇماتى بار كۆڭزىچى ئەربابلار ئارقىلىق باشقۇراتتى. بۇ خىل ھالەت چىڭ سۇلالىسى (1644—1911) قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، پادىشاھ يۇڭجېڭ(1723—1735) كۆڭزىچىلىق تەلىماتىنى جەمئىيەتنى تىزگىنلەشنىڭ قورالى قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ: «ئاۋام پەقەت كۆڭزى تەلىماتىنى چۈشىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى پەرقنى بىلىۋالسا، خان بىلەن پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئايرىيالىسا بولىدى» دېگەنىدى. ۋېبېرنىڭ پەرىزىچە، كۆڭزى تەلىماتىدا بارلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئائىلە ۋاپادارلىقى مۇھىم پرىنسىپ قىلىناتتى. سودا-سېتىق، بېرىش-كېلىش، ئەلئارا تەشكىلاتلار، قانۇن ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئاساس قىلىناتتى. كىشىلەر قەبىلە-ئۇرۇقداشلار ئەزالىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيتتى.

ئامېرىكىلىق گرېتسوگ ئاكتون: «ھوقۇق ئادەمنى چىرىتىدۇ. مۇتلەق ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدۇ» [21] دەپ توغرا ئېيتىدۇ. ئۆتمۈشتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە چىرىكلىك خېلى بۇرۇنلا جەمئىيەتلەشكەنىدى. مۇتلەق ھوقۇقچىلىقنىڭ تەسىرىدىن بايلىق ئاز ساندىكى كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئوردىلاردا راھەت-پاراغەتتە مەستۇ-مۇستەغرەق بولغان شەھۋەتپەرەست، ئىسراپخور، چىرىكلەشكەن ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى، مۇزىكانتلار ۋە قاتىللار، نازىنىنلار ۋە پەيلاسوپلار تەڭ مەۋجۇد بولغانىدى. بۇ يەردە فرانسىيە مۇتەپەككۇرى لۇئىس پرووۋل(Louis Prowl، 1843—1923)نىڭ: «پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىل ۋە دىنىي ئېتىقاد پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرلا سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، پەقەت ساپ بولغان مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان ‹تۈز›دۇر.» «دىن ياكى پەلسەپىۋى ئېتىقاد بولمىغىنىدا، ئىنسانىيەت سىيلە-رەھىمنى بىلمەيدىغان، زەھەرخەندە ۋە ياۋۇز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[22] دېگەن سۆزى ئېسىمىزگە كېلىدۇ.

ئىمپېرىيالىزم تۈزۈمى ئەلۋەتتە تارىخنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر. بىراق، بۇ تۈزۈم جۇڭگودا ساپمۇ ساق ئىككى مىڭ يىل داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ ھال جۇڭگودا ئالاھىدە بىر ھوقۇقچىلىق ئېڭى شەكىللەندۈرگەنىدى. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا قورقۇنچلۇق ھوقۇق مەدەنىيىتى ئىدى. ھوقۇق مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي بۆلىكى بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مۇستەبىت خانلىق ھوقۇق بۇ خىل ھوقۇق مەدەنىيىتىنىڭ تۈزۈم ئاساسى ئىدى. كۆڭزىچىلىق بۇنداق فېئودال ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئېتىكا ئاساسى، دىنىي مەدەنىيەت بۇنداق ھوقۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئىدى. مەنسەپدارلار جامائىتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت سورۇنى مەدەنىيىتى بىر ئوچۇم كېسەل كىشى كوللېكتىپى ياراتقان كېسەل مەدەنىيەت ئىدى.

## پەگادىكى زىيالىيلار

كونا جۇڭگودا مۇستەبىت ھۆكۈمدارلار قاتلىمىدىكىلەر پەقەت ئۇرۇقداشلىق-پاترىئارخاللىق ۋە ئەنئەنىۋى تەسىرلەردىنلا ئەيمىنەتتى. بۇ قاتلامنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق رەقىبى يوق ئىدى. مەمۇرىي نوپۇز چەكتىن ئېشىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رولى

www.uyghurkitap.com

جارى بولمىغانىدى. بۇ ھەقتە تەيۋەنلىك تاڭ دېگاڭ ئەپەندى ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

«... جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو تارىخىدا زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئالاھىدە بىر ھادىسىدۇر. باشقا مەدەنىيەتلەردە ئۇنداق ئەمەس... جۇڭگو تارىخىدىكى بارلىق ئەزىمەت پىداكار، مەشھۇر ئۆلىما، كاتتا بىلىملىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل تارىخنى بېشىدىن كەچۈردى...تارىخىمىزدا نېمىشقا مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلىدۇ؟

بۇ ئېھتىمال بىزنىڭ ئالاھىدە بولغان دەھرىي ھىزارەت ئەنئەنىمىز بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. خۇدالىق جەمئىيەتتە دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى، روھ ۋە ماددا ھەممىسى چەكسىز نوپۇزدار خۇدا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئۇ ھەممە يەردە بار، ھەممىنى قىلالايدۇ. ئۇ بارلىق ئىنسانىنى ياراتقان. ئۇ يەنە ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئەقىدىلىرىنىمۇ تۈزۈپ بەرگەن، تۈزۈملەرنى چۈشۈرۈپ بەرگەن. ئۇ ھەممىدىن ئالىي ھوقۇقنى تۇتىدۇ. ئۇ، زېمىندىكى بارلىق شەرەپتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىراق بىزنىڭ مىللىتىمىز غەلىتە بىر مىللەت. بىزنىڭ تارىخىمىزدا خۇدادىن ئىبارەت ھەممىگە قادىر نەرسە كەم. شۇڭا، باشقا مىللەتلەردە ‹خۇدا بوۋا› بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ھوقۇق-ئىمتىياز، مەجبۇرىيەت ۋە شان-شەرەپتىن بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى مىللىي قەھرىمانلار، ئەۋلىيالار، ئەزىمەتلەر،بولۇپمۇ ئاشۇ ھېچقانداق ماھارىتى ۋە جاسارىتى يوق ‹بىلەرمەن ئەۋلىيالار› بەھرىمەن بولىدۇ... سېسىق نامى مەڭگۈ قالىدۇ...»[23]

بىز مۇئەللىپنىڭ دىنىي نوپۇزنىڭ بولماسلىقى ياكى تۆۋەن بولۇشىنى زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئىزچىل رەۋىشتە تۆۋەن بولۇشىغا مۇھىم سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكىنىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپمۇ كېتەلمەيمىز. بۇ بەلكى مەسىلىنىڭ ئايرىم بىر تەرىپى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىر تەرەپتىن ئالغاندا، كۇڭزى تەلىماتىدا پەقەت ئەمەل-مەنسەپ، مەرتىۋىلا شەخس مۇكەممەللىكىنىڭ كاپالىتى بولۇپ، پەقەت ئۇلار ئىنتىلىشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچى ئىش ھەققى قوغلىشىش ۋە كېجۇ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش رىقابىتىگە مەركەزلەشكەچكە، بۇ خىل رىقابەت كىشىلەرنىڭ باشقا بارلىق ئىنتىلىشىنى بوغۇپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، جۇڭگو مەدەنىيىتى تىپىك مەنىدىكى تېرىم مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەتتە ئىلىم-پەندە يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن كېرەك بولغان كۈچلۈك ئىجتىمائىي غىدىقلىنىش يېتەرسىز ئىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تېرىمچىلار بولۇپ، ئۇلار «كۈن چىقسا ئىشلەيدىغان، كۈن ئولتۇرسا ئارام ئالىدىغان، قۇدۇق كولاپ سۇ تارتىدىغان»، زامان-زامانلارغىچە ئۆزگەرمەيدىغان تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. خاتىرجەملىك - ئەمىنلىكنى تىلەيدىغان بىر قىسىم سىياسىيوندا تېرىقچىلىق ئارقىلىق دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش ئىدىيەسى كۈچلۈك ئىدى.

ئۇلۇغ سىياسىيون شاڭ ياڭ(م ب 390 — م ب 338) جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم شەخس بولۇپ، ئۇ، قانۇنچىلار(法家) ئېقىمىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى ئىدى. بىلىش كېرەككى، قانۇنچىلار قانۇنى، دېموكراتىيە-ئادالەتنى تەكىتلىگۈچىلەر ئەمەس. «ئۇلارنىڭ قوۋۋەتلەيدىغىنى بىر يۈرۈش تەشكىلىي رەھبەرلىك نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى بولۇپ، بىر ئادەم ھاكىممۇتلەقلىق يولىدا ھاكىماقچى بولۇپ ئاۋامنى تەشكىللىسە، رەھبەرلىك رولىنى ئوينىسا، بۇ، قانۇنچىلارنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى ھېسابلىناتتى.»[24] شاڭ ياڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 359-338-يىللىرى چىن ئېلىنىڭ باش ۋەزىرى بولغانىدى. كەلگۈسىشۇناس ئالۋىن توفلېر(Alvin Toffler)، ھېيدى توفلېر(Heidi Toffler)لارنىڭ يېزىشىچە، شاڭ ياڭنىڭ سىياسىيونلار ئۈچۈن يازغان «شاڭ ياڭ ھۆكۈمدارنامىسى»(商君书) دېگەن كىتابى ئۇنىڭدىن 1800 يىل كېيىنكى ئىتالىيەلىك سىياسىيون ۋە پەيلاسوپ ماكياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن ئەسىرى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش رول ئوينىغان. ئۇ: «دۆلەت تېرىقچىلىق ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق روناق تاپىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. سىياسىي، لەشكىرىي ئىشلار قائىدىسى بولغان «شاڭ ياڭ ھۆكۈمدارنامىسى»دا، «شاڭ ياڭ ھۆكۈمرانلارغا خەلقنى نادان قالدۇرۇش، ھەرقانداق قائىدە-يوسۇن، مۇراسىمدىن، مۇزىكىدىن، ھۈنەر-ماھارەتتىن خالىي قىلىش كېرەكلىكى... ھەممە كۈچنى تېرىقچىلىققا، ئۇرۇشقا سەرپ ئېتىش... كېرەكلىكى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن...»[25] ئىجادىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى گاۋچۇنمېيمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، «شاڭ ياڭ تېرىقچىلىقنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، لەشكەرلەرنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، تېرىم ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سودا-سېتىقنى چەكلەيدىغان سىياسەتنى يولغا قويغانىدى.»[26] تېرىقچىلىقتىن ئېرىشىلگەن ئاشلىق پەقەت ئۆزىنى تەمىنلەشكە ئاران يەتكەچكە، تاۋارغا ئايلىنالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن بازار رىقابىتى شەكىللەنمەيتتى.

چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، دىنىنىڭ بولماسلىقى كونا جۇڭگودا ھېچقانداق مۇقەددەس نوپۇز ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نوپۇزنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇنىڭغا «مەنسەپ مەركەز» ئىدىيىسى ۋە «خەلقنى نادان قالدۇرۇش ئويۇنى» قوشۇلۇپ، تازا ۋايىغا يەتكەن تىزگىنسىز، رەقىبسىز، مۇستەبىت قاتلامدا بىلىمگە ئېتىبار بەرمەيدىغان، بىلىملىكلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان غەلىتىلىك باش كۆتۈرگەنىدى. بۇ خىل ئىدىيىۋى مۇھىتتا زامانىۋىلىشىشقا پايدىلىق بولغان ئەقلىي ئامىللار رولىنى جارى ئەتتۈرەلمەيتتى. زىيالىيلار ئارا رىقابەتتىن، قوللاشتىن سۆز ئېچىشمۇ تەس ئىدى.

## ئىلىم-يۆنىلىشتىن چەتنىگەن، قانىتى بوغۇلغان قۇش

توغرا تەبىئەت قارىشى ئىلىم تەتقىقاتىدىكى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگودا خېلى بۇرۇنلا

www.uyghurkitap.com

كەملىك مەۋجۇد ئىدى. يەنى، داۋ دىنى بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە داۋجياۋ (道家) پەلسەپەسى ــ تەرىقەت پەلسەپەسى شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇ، ئادەمنى تەبىئەتكە بويسۇنۇشقا يېتەكلەيتتى. ھالبۇكى، داۋ دىنى(道教) بۇ خىل تەبىئەتچىلىك قارىشىنى ئىنكار قىلاتتى. يەنى، تەرىقەتچىلىك پەلسەپەسىنىڭ ۋەكىلى بولغان لاۋ ـ جۇاڭ ئىدىيەسىدە «ھەممە شەيئى بارلىققا كېلىدۇ ھەم جەزمەن يوقىلىدۇ. ئادەملەر ئۆلۈمگە نىسبەتەن يەنىلا تەبىئەتكە بويسۇنمىقى لازىمدۇر، ئۇنى ئېغىر ئېلىش تامامەن بىھاجەتتۇر» دېيىلگەن بولسا، داۋ دىنىنىڭ باش مەقسىتى بۇنىڭ ئەكسىچە «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تەلىماتى»(长生术) ئىدى. ئەمەلىيەتتە، داۋ دىنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ، ئادەمنى تەبىئەتكە خائىنلىق قىلىشقا يېتەكلەيتتى. «يۈگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» بەلكى مۇشۇ خىل روھنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، تەرىقەت پەلسەپەسى گەرچە ئادەمنى تەبىئەتكە بويسۇنۇشقا يېتەكلىگەندەك قىلسىمۇ، بۇ ئېقىمدىكىلەرمۇ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا قارشى ئىدى.

مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۇنىڭ كىلاسسىك دەستۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. «كۇڭزىچىلىق ئېقىمدىكىلەرنىڭ كىلاسسىك دەستۇرلىرىدا گەرچە تەبىئەت بىلىملىرى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەبىئەت بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى تەشەببۇسلارنى چۈشەندۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئۆزىنى تەتقىق قىلىش مەقسەت قىلىنمىغانىدى. ئىنسانلار مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئەت ئىدىيەسىگە سەل قارايدىغان بۇنداق ئىدىيە قوماندانلىقى ئاستىدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ تېخنىكىغا سەل قارايدىغان، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈسكۈنە ـ ئەسۋابلارغا سەل قارايدىغان ئەنئەنىۋى قاراش شەكىللەنگەنىدى. كىشىلەر مەنسەپدار ـ تۆرىلەرگە قىزغىن ساداقەتمەنلىك بىلدۈرەتتى. مىلتارىزم بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىلىملەر فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە فېئودال زىيالىيلار تەرىپىدىن كېرەكسىز، دەپ قارىلاتتى... ئۇزاق مەزگىللىك فېئوداللىق دەۋردە سىياسىينى ھۆرمەتلەپ، تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەتنى كەمسىتىش پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ قاتلىمىدا چوڭقۇر ساقلانغانىدى. ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىلىم ـ پەن ئەسەرلىرىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بەلكى، نەشر قىلىشتىن توختىتىپ قويۇلاتتى.»[27]

«جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئىلىم ئىدىيىسىدە ئەنە شۇنداق ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋاستىلەرگە سەل قاراش ئەنئەنىسى پۈتكۈل نەزەرىيە ئىلىملىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ تەبىئىي پەنلەرگە سەل قاراش، تەبىئىي پەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ماكرو قانۇنىيەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كونكرېت ماھىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىشقا سەل قاراش بولۇپ... تەرىقەت پەلسەپەسى كۆزگە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىنسانىيلىققا ــ ئەخلاققىلا ئەھمىيەت بېرىشكە پەرقلىق ھالدا تەبىئەت قانۇنىغا، تەبىئەت پىرىنسىپىغا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىپتىدائىي ئەمگەك شەكلىنى ساقلاپ قېلىش تەرەپدارى ئىدى. ھەرقانداق تېخنىكا يېڭىلاشقا قارشى ئىدى.»[28] «جۇڭگونىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى پەن ـ تېخنىكا خانىدانلىققا بىۋاسىتە خىزمەت قىلالمايدىغان كېرەكسىز نەرسە دەپ قارايتتى. شۇڭا، تەبىئىي پەنلەر دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىلىملەر قاتارىدا مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالمايتتى. فېئودال ھۆكۈمرانلاردا ھۆكۈمەتنىسىز پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قارىتا تەبىئىي ھالدا قورقۇش پىسخىكىسى بار ئىدى.»[29]

«يوسۇننامە. خانلىق تۈزۈمى»(《礼记·王制》) دە: «شەھۋانىيلىق قىلغانلار، غەيرىي كىيىنگەنلەر، قالتىس ماھارىتى بارلار، ئاجايىپ ئەسۋابى بارلار گۇمانلىقتۇر، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەي» [30] دېيىلگەن. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئۆتكەن بۈيۈك ياغاچچى ئۇستا، كەشپىياتچى گۇڭ شۇبەن(لۇ بەن) ئاشۇنداق قالتىس ماھارىتى، ئاجايىپ ئەسۋابى بار بولغاچقا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشقا تېگىشلىك تىپىك شەخس بوپقالغانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، كونا جۇڭگودا «ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى فېئودال تۈزۈمگە كۆچلۈك بېقىناتتى. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىجتىمائىي ئورنى يوق ئىدى. ئىش ھەققىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. بۇ، جۇڭگودا كەڭ تەبىئەتنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدىنىش شەكىللەنمىگەنلىكى، مۇستەقىل پەن ئىدىيەسى ۋە پەن روھى شەكىللەنمىگەنلىكىنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئىدى. »[31]

دۆلەتنىڭ قورقۇنچلۇق ھوقۇق كۈچى، بيۇروكرات مەھكىمە ــ يامۇللارنىڭ چەكلىمىسىز ئىمتىيازىنىڭ تەسىرىمۇ ئىنتايىن كەڭ ئىدى. كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىمىنىڭ رەڭگى ۋە نۇسخىسىنىڭمۇ، ئاممىۋى ۋە شەخسىي قورۇلۇشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭمۇ، ئاڭلايدىغان مۇزىكىنىڭمۇ، بايراملارنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ ۋە يەرلىككە قويۇشنىڭمۇ بەلگىلىمىسى بار ئىدى. ئىلاھىي چەككە يەتكەن سىياسىي ھوقۇق خەلقنى تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە بولغان بارلىق ئىشنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. مۇتەئەسسىپلەرچە كونىنى تەكرارلاش، ھەرقانداق ئىجادىي نەرسىلەرگە گۇمانسىراش، بۇيرۇق بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بېشارەتلىك ھەرقانداق تەشەببۇسنى قوبۇل قىلماسلىقتەك كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش كەيپىياتى كىشىلەرنىڭ ئەركىن ئىزدىنىش روھىغا پايدىسىز ئىدى. دۆلەتنىڭ بۇنداق كونتروللۇقى جۇڭگونىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغانىدى.

## ئۇنۇمسىز مائارىپ

مائارىپ ئىدىيەسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «ئەدەپ ـ ئەخلاق نورمىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئەتكە سەل قاراش ئىدىيەسى مائارىپ ساھەسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ھەممىشە سالاھىيىتى تۆۋەن بولغان ئىختىساس ئىگىلىرى تەبىئىي پەن ئۆگىنەتتى.»[32] كونا جۇڭگودا مائارىپنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى فېئودال ساداقەتمەنلىك روھىغا باي بولغان مەنسەپدارلارنى تەربىيەلەش بولۇپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈملىشىش ئەھۋالى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى.

بۇ ئاز كەلگەندەك، خەنزۇ يېزىقى بۇرۇنقى سۇمېرلار ۋە مىسىرلىقلارنىڭ مىخ شەكىللىك يېزىقىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئەنئەنىۋى ئىېروگلىف ـ تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ، ئۇ باشتىن ئاخىر ھەرپلىك ـ ئېلىپبەلىك يېزىققا تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا ئۆتەلمىگەنىدى. شۇڭا، مۇرەككەپ، تەس يېزىق ۋە ئىدىئومىلار كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى چەكلەپ تۇرغانىدى. خەنزۇ يېزىقى بىر تالاي مۇرەككەپ خەت ۋە سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كىشىلەر ئاشۇ بەلگىلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇ بەلگىلەردىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل، ئوخشىمايدىغان مەنىنى پىششىق بىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرنى پىششىق ئوقۇشى، تەقلىد قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جۇڭگودا گەرچە كۆپلىگەن ئادەم دائىم قوللىنىدىغان خەتلەرنى تونۇسىمۇ، پەقەت ئاز ساندىكى بىلىملىك كىشىلا گېزىتلەردىكى ماقالىلارنى چۈشىنەلەيتتى. بۇ ماقالىلارنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ھېس قىلالايدىغانلار تېخىمۇ ئاز ئىدى. كىشىلەر ئوقۇپ چۈشىنىش جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشى، ئىنتايىن ئېغىر جاپا چېكىپ بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زىيالىي ـ مەنسەپدارلار(士大夫) تەربىيەسى ئاساسلىقى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى بىلىش تەربىيەسى ئىدى. شۇڭا، «جۇڭگولۇقلارنىڭ مېڭىسى ‹تۆت كىتاب، بەش دەستۇر› بىلەن تورمۇزلىنىپ تۇراتتى. مۇبادا بىر ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇ كىتابلارغا چۆكۈپ كەتسە، ... مېڭىسى قاتماللىشىپ، دورا بىلەنمۇ قۇتقۇزغىلى بولمايتتى...»[33] بۇ، ئىجادچانلىققا ئىگە كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىسىز ئىدى.

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپتىلىشى تېز، يېزىقنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، نۇرغۇن ئەقلىي ئامىلغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ، شېئىر يېزىقچىلىقى ۋە سىستېمىلىق تەپەككۇر پائالىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايتتى، نۇتۇق سەنئىتى تەرەققىياتىغا ياردەم بېرەلمەيتتى. تەپەككۇر يەنىلا ئوبراز ھالىتىدە توختاپ قالاتتى. شۇڭا، جۇڭگولۇقلار لوگىكا، ئېنىقلىما، ئەقلىي يەكۈنلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەنمەيتتى... بۇ بىر خىل ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خورىتىش ئىدى.

لوگىكىلىق تەپەككۇرغا بولغان زور توسالغۇسى خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم يېتەرسىزلىكى بولۇپ، بۇنى 1582 ـ يىلى ئىتالىيەلىك مىسسىئونېر ماتتېئو رىككى(Matteo Ricci، 1552 ـ 1610) جۇڭگوغا دىن تارقىتىشقا كېلىپ، «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر»نى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تۇنجى بولۇپ بايقىغانىدى. رىككىنىڭ ھەيرانلىق بىلەن بايقىشىچە، ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر ئۈچۈنمۇ، مۇنازىرىلەشكەندە پايدىلىنىدىغان ھېچقانداق لوگىكىلىق ئۆلچەم يوق ئىدى.

## مونوپول بازار، چۈشكۈن ئىقتىسادىي ئالاھ

بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىز بويىچە، نوپۇس ئامىلى كونا جۇڭگونىڭ نامراتلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر. دەرۋەقە، تارىختا ئۆزۈن دەريا(چاڭجياڭ دەرياسى)نىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى نىل دەرياسى، ئامازون دەرياسى، مىسسىسىپپى دەريالىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ يىغىندىسىدىن كۆپ ئىدى. سېرىق دەريا (خۇاڭخې دەرياسى) نىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئۆزۈن دەريانىڭ ئۈچ ھەسسىگە تەڭ بولۇپ، كەلكۈن ئاپىتى، تارىختىكى تاجاۋۇزچىلىقتىن قوغدىنىش ۋە ئىمپېرىيالىزملىق ھەرىكەتلەرگە كۆرە، ئۆتمۈشتىكى خەنزۇ خەلقى زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغانىدى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ كۆپ باللىق بولۇش ئىدىيەسىنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ ئائىلىرىدا ئاسان ھامىلدار بوپقېلىشتەك بىيو ئارتۇقچىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، نوپۇس زىچلىقى مەسىلىسى كېلىپ چىققانلىقى تەبىئىي. ھازىر جۇڭگو نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ %21 ىگە تەڭ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى دۇنيا تېرىلغۇ يېرىنىڭ %7نى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى بىرلىك قىلىپ ھېسابلىغاندا، جۇڭگونىڭ نوپۇس زىچلىقى ئافرىقىنىڭ 30 ھەسسىدىن، ياۋروپانىڭ 40 ھەسسىدىن، ئامېرىكىنىڭ 100 ھەسسىدىن كۆپ. شۇڭا، جۇڭگودا «يەر ئاز، ئادەم كۆپ» دېيىدىغان «مودا» گەپ بار. ئەمما، نوپۇس زىچلىقى ھازىر جۇڭگونىڭ 129، ياپونىيىنىڭ 333. دېمەك، نوپۇس ئامىلى بىردىنبىر سەۋەبمۇ ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، كونا جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت فورمىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقىمۇ پايدىسىز ئىدى. كونا جۇڭگودا ئەڭ ئالىي پادىشاھلىق ھوقۇق جەمئىيەت ئىقتىسادىدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ئاساسىدا شەكىللەنمىگەن، ئەكسىچە، غەيرىي ئىقتىسادىي شەكىلدە ئىقتىسادنى يۇتۇۋېلىشنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. يەنى، قوراللىق كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ، ئىقتىسادىي قۇدرەتنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تەقسىملەشنى بەلگىلەيدىغانلىقىنىڭ ئەمەس، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەقسىملەشنى بەلگىلەيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نېگىزلىك قۇرۇلمىسىنى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئەمەس، پادىشاھلىق ھوقۇقى بەلگىلەيتتى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنداق سىياسىي تىپلىق شەھەرنى باشقۇرۇش ـ ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ھەمىشە قاتتىق نازارەت يۈرگۈزەتتى. شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشىنى شەھەر ئىقتىسادى ئەمەس، خاندانلىقنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى بەلگىلەيتتى.

«ھەرقانداق بيۇروكرات ئەخلاقتا ئوخشاش، كۆڭۈزچىلىق ئەخلاقىمۇ مەنسەپدار ـ تۆرىلەرنىڭ پۇل تېپىشقا قاتنىشىشىغا قارشى تۇراتتى. مەيلى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قاتناشسۇن، ھەممىسى ئەخلاققا خىلاپ، ئۆز سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىق ھېسابلىناتتى. مەنسەپدار ـ تۆرىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئاساسلىقى ماددىي نەرسىلەر تولۇقلاپ بېرىلەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ مەرتىۋىسىگە تايىنىپ پايدا ـ مەنپەئەت شۈلۈۋالغانسېرى، شۇنچىلىك مەنسەپخۇمار بوپكېتەتتى.»[34] بايلار مەنسەپدار بولالمايتتى.

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت تەربىيەسى كۆرگەنلەر سودىدىن يىراق تۇراتتى.

شۇڭا، كونا جۇڭگودا ئەركىن بازار ۋە مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى يېتەرسىز ئىدى. ھۆكۈمەت خۇسۇسىي ئىشلەپچىقىرىشقا دائىم ئارىلىشىپ تۇراتتى. باھانى باشقۇراتتى، پارا ئالاتتى، سودىنى چەكلەيتتى. تۇز، تۆمۈر، چاي، ھاراق قاتارلىق ئاممىۋى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىمۇ، تاشقى سودىنىمۇ دۆلەت مونوپول قىلىۋالغانىدى.

قەدىمكى جۇڭگو «ماتروس» دەپ ئاتالغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى چەت ئەللەرگە تارقىتىشى ۋە دېڭىز سەپىرى 13 ـ ئەسىردىلا باشلانغانىدى. جۇڭگودىن تۇنجى بولۇپ ياۋروپاغا چىققۇچى، ئاستانىلىك ئۇيغۇر ساياھەتچى راببان ساۋما (1230ــ1294)نىڭ ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىشى، قۇبلەيخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر دۆلەت ئەربابى، دىپلومات، دېڭىزچى ئەل ئۇقمىش(1314ــ؟)نىڭ سرى لانكا، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغانلىقى ۋە بۇ سەپەرنى 20 يىل داۋاملاشتۇرغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. 1405 ـ 1433 ـ يىللىرى جۇڭگو كېمە ئەترىتى مەشھۇر ئاغۋات، خۇيزۇ دېڭىزچى جېڭ خې (1371ــ1433 )نىڭ يول باشلىشى بىلەن ھىندى ئوكيان پورتلىرىغا، شەرقىي ئافرىقىغا بارغانىدى.

ھالبۇكى، كۇڭزى تەلىماتى ئاك فورمىسى قىلىنغان تېرىم تېپلىق جۇڭگودا سودا ئىقتىسادى پەقەت تېرىم ئىقتىسادىنىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ دېڭىز سەپىرى تېخنىكىسى غەربتىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دېڭىز ـ ئوكيان سودىسىنى مۇھىم دەپ قارىمايتتى. شۇڭىمۇ، مىڭ پادىشاھى 1433 ـ يىلى دېڭىز سودىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيەسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېمە كارۋىنىنى تارقىتىۋەتكەنىدى. بۇ، ماھىيەتتە جۇڭگونىڭ تاشقى سودىنى تولۇق چەكلىشى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ تەرەققىي قىلغان سودا كېمە كارۋىنىنى تارقىتىۋېتىشى ئىدى. بۇ ھال كېيىنكى نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق پروفېسسورى داۋىد. س. لاندېس(David S.Landes): «سودا ـ تىجارەتنى چەكلەش مۇستەبىت ئىمپېرىيەنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.»[35] دەپ توغرا ئېيتىدۇ. ئىچكى مايىللىق ۋە دېڭىز سودىسىنىڭ بۇنداق چەكلىنىشى بىلەن جۇڭگونىڭ ھاياتى كۈچى تېخىمۇ خوراپ كەتكەنىدى. جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ غەربتىن بەك كېيىن بولۇپ، 1897 ـ يىلىلا ئاندىن دۆلەت دەرىجىلىك مىللىي كاپىتال بانكىسى ــ سودا ئالاقە بانكىسى(通商银行) قۇرۇلغانىدى. تاشقى سودىنىڭ چەكلىنىشى سەۋەبىدىن، جۇڭگولۇقلار كېيىنكى 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت يېڭى مۇھىت بىلەن ئۇچراشماي، قىزىقىش پىسخىكىسى ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقاتقانىدى.

ئادام سمىت: «ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلىشىدىغان ئادەملەر دائىم ‹بىر خىل كۆرگىلى بولمايدىغان قول›نىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماڭىدۇ... شەخسىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتكىمۇ ياخشىلىق يەتكۈزسە، ئاخىرى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ»[36] دەپ قارىغان. ئىسلامدىمۇ ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى، شەخسنى ۋە جەمئىيەتنى تەڭ ئېتىبارغا ئالىدىغان ئىقتىساد روھى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. دۇنيا تارىخچىلىرى يەنە «ھەققىي ماركسىزم ھەرگىزمۇ ئومۇمىي مۈلۈك قارىشىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى قارىشىنى تەنقىد قىلمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئايرىمىلىق، شەخس مەنپەئەتى دېگەنلەر يامانلىقنىڭ بېشارىتى سانىلاتتى. يىراق تارىختىلا ئەمەس، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىگە كەلگىچە، كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد قارىشى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنىدى.

جۇڭگودا ئىلىم ـ پەن ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك زىيان كەلتۈرىدىغان تەسىرلەر موھىقۇللار ئىستېلاسىدىن باشلاپ تاكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەنزۇ خەلقى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەي، زىيادە مەغرۇرلۇققا چۆككەنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئارىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە ياۋروپالىقلار ۋە ئامېرىكىلىقلار ياۋايىلار ھېسابلىناتتى. 1860 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق ھۆكۈمەت يازمىلىرىدا چەت ئەللىكلەر «ئەجنەبىيلەر» دەپ ئېلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا يىپەك، چاي، ساپال، قەغەزچىلىك، مەتبەئە تېخنىكىسى، پوروخ، كومپاس... لارنى تەقدىم ئەتكەن جۇڭگولۇقلار بەكمۇ كېيىن قالغانىدى.

## 4. چۇقان

*«ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى، بىلىم ئېلىشى ئەسلىدە جەمئىيەتنىڭ نوقسانلىرىنى ياپقاش ئۈچۈندۇر. ئەگەر سىز تەربىيىلىنىپ تۇرۇپمۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن يەنىلا رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ‹كۆزەينىكىڭىز›نىڭ ئەينىكى خاتا سېلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر. ئۇنداقتا سىز تەكشۈرۈپ بېقىپ، ئۇنى دەرىجىسى مۇۋاپىق بولغان ئەينەكنى قايتىدىن سېلىشىڭىز كېرەك.»[37]*

*ــ خۇشى*

1839 ـ يىلى غەرب جۇڭگونىڭ قوۋۇقىنى سىلكىپ قاقتى. ئارنولد تويىنبىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، جۇڭگو شۇ چاغقىچە غەربنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلمەيتتى. شۇندىن باشلاپ جۇڭگوغا دېموكراتىك ئىدىيەلەر كىرىشكە باشلىدى. بىراق، جۇڭگو ئالىملىرى 1850 ـ يىللارغا كەلگىچە يەنىلا غەربنىڭ پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، سىياسىي قاتارلىق تەرەپلەردە جۇڭگودىن زادى قانداق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

ئارىدا ياپونىيەنىڭ كاپىتالىزم ۋە سانائەتلىشىشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان ياشلارنىڭ 1898 ـ يىلىدىكى «يۈز كۈنلۈك يېڭىلىققا كۆچۈش» ھەرىكىتى پاجىئەلىك ئاخىرلاشتى. شۇنداقتىمۇ، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ كىرىشى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئاۋۋال يەن فۇ (1853ــ1921) 1903 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى، ئىقتىسادشۇناس، لوگىكىشۇناس جون مىل(1806ــ1873)نىڭ «ھۆرلۈك ھەققىدە»(论自由) دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، جۇڭگوغا «ھۆرىيەتپەرۋەرلىك دەرياسى»نىڭ سۈيىنى ئېچىپ بەردى. كېيىن لياڭ چىچاۋ(1873ــ1929) «يېڭى

پۇقرا تەلىماتى» دېگەن ئەسەرنى يازدى. كىشىلەر «تۆت كىتاب»نىڭ زامانىۋى سىياسىي تۈزۈلمىنى يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئاخىرى چۈشەندى. 1905-يىلى كېجۇ تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى چوڭ بىر ئىلگىرىلەش ئىدى.

غەربنىڭ بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئاڭ مەدەنىيىتى، رېئال ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، ۋولتېر (1694—1778)، دىدېرو قاتارلىق بىر قىسىم دەسلەپكى مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئىمپېرىيە تۈزۈمى شۇنچە ئۇزۇن داۋاملاشقان، قانۇن، ئۆرپ-ئادەت، تىل ۋە كىيىم نۇسخىلىرىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولمىغان جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ھەيرانلىقتا مەدھىيىلەر ئوقۇغان بولسا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ تەتقىقاتقا ماكس ۋېبېر، بېرتراند رۇسسېل(1872—1970)غا ئوخشاش ئېنسىكلوپېدىك شەخسلەر قول تىقىپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى دۇنياۋى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئاڭ مەدەنىيىتىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى ئىلمىي كۆرسىتىشكەنىدى. ماكس ۋېبېر 1915-يىلى «كۇڭزىچىلىق ۋە داۋ دىنى» دېگەن سېلىشتۇرما تەتقىقات كىتابىنى ئېلان قىلغانىدى. «4-ماي» ھەرىكىتى ئەنە شۇنداق دېموكراتىك ئاڭلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياشلارنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىيات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، كونىچە تىل-يېزىقتىن ئاممىباب تىل-يېزىققا ئۆتۈشنى، ئەر-ئاياللاردا لايىق تاللاش ھوقۇقى بولۇشنى، ھەقىقىي دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىشنى، ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

جۇڭگو پېداگوگلىرىدىن جياڭ مېڭلىن(1886—1964) ۋە خۇشى(1891—1962)لار كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا جون دېۋېي (1859—1952)نىڭ شاگىرتلىرى بولغانىدى. تاۋ شىڭجى (1891—1946) ئىللىنوس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندا، دېۋېينىڭ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلغانىدى. كېيىن ئۇ يەنە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دېۋېينىڭ دەرسىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغان. ئۇلار دېۋېي ئىدىيەسى بىلەن كەڭ-كۇشادە تونۇشقانىدى. دېۋېي 1919-يىلى 30-ئاپرېلدا جۇڭگوغا كېلىپ تاكى 1921-يىلى 11-ئىيۇلغىچە تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا خۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا نەنجىڭ، بېيجىڭ ۋە شەنشى قاتارلىق 14 ئۆلكە ۋە شەھەردە 200 قېتىمدىن كۆپرەك نۇتۇق سۆزلىگەنىدى.

بېرتراند رۇسسېلمۇ 1920-يىلى ئاۋۋال سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ «بولشېۋىزمنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭگوغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىگەن ۋە كېيىنكى يىلى ئىيۇلغىچە تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى كۆرۈپ جۇڭگونىڭ ئاڭ مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپەسىنى چۈشىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ قايتىپ، 1922-يىلى «جۇڭگو مەسىلىسى» دېگەن مۇھىم بىر سېلىشتۇرما تەتقىقات ئەسەرنى ئېلان قىلغانىدى. ئۇ بىر سوتسىيالىزمچى بولسىمۇ، تىنچلىقپەرۋەر كىشى بولۇپ، رۇسىيەدىكى بارلىق ئۆزگىرىشكە زوقلانمىغانىدى. ئۇ، جۇڭگوغا زور ئارمان بىلەن يېڭى ئۈمىد ئىزدەپ كەلگەندە، نامرات، زەئىپ بۇ چوڭ دۆلەتتىن ئازاب ۋە تەشۋىشكە چۆمگەنىدى. ئۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىچە سوتسىيالىزمنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ ھەتتا جۇڭگولۇقلارغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئۈلگە قىلماسلىقنى، ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىككە، ئۇنداق قىلسا، ھامان بىر كۈنى پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلغانىدى. ئۇ، «جۇڭگو مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى خاسلىق ھەققىدە ئىككى مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرى، جۇڭگودا ئېلىپبەلىك يېزىق ئەمەس، مەنە ئىپادىلەيدىغان بەلگە-ئىدىئوگراما ئارقىلىق خەت يېزىلىدۇ. ئىككىنچى، مائارىپتا كۇڭزىنىڭ ئېتىكا تەلىماتلىرى دىننىڭ ئورنىنى ئالغان. رۇسسېل خەنزۇ يېزىقىنىڭ مەدەنىيەتنى ئۇلاش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى بىلگەن. بىراق، جۇڭگولۇقلارنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىپ، ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلىتىشىنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەينى يىللىرىدا جۇڭگو زىيالىيلىرى ئارىسىدا جۇڭگو ئەنئەنىسىگە قارىتا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغالغان بولۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، پۈتكۈل ئۆمرىدە 35 قېتىم دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن خۇشى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن باشقىچە قاراشتا ئىدى. چېن دۇشيۇ (1879—1942) بىلەن خۇشى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىدى، كېيىنچە، چېن دۇشيۇ ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان قاراشتا خۇشىدىن چېگرا ئايرىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تۇنجى رەھبىرىگە ئايلانغانىدى. بىراق، دېۋېينىڭ ئەمەلىيەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى خۇشى يەنىلا دېموكراتىيەنى چىن ئىخلاسى بىلەن ھىمايە قىلاتتى. ئۇ بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن كوممۇنىزمنى ياقلاپ كەتمەيتتى. ئۇ ئوخشاشلا «ئۈچ مەسلەك»كىمۇ قارشى ئىدى. ئۇنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سىياسىي ئامېرىكا سىياسىيسى، دۇنيادىكى ئەڭ دېموكراتىك دۆلەتمۇ ئامېرىكا ئىدى. ئۇ بەزىدە سىياسىي جەھەتتىن «سولغا كىرىش»نىمۇ ئويلايتتى. ئەمما، «كىيىمنى ھۆللىۋېلىش»تىن قورقاتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق زىددىيەت—دىلغۇللۇق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى «ساغلام ھۆرىيەتپەرۋەرلىك»نى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، بۇ ئىدىيەنىڭ مەنىسى: بىرى، مۇستەقىل ئىدىيە، يەنە بىرى، شەخس ئۆزىنىڭ ئىدىيە-ئېتىقادىغا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مۇستەقىل ئىدىيە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قۇلىقىنى قۇلاق، كۆزىنى كۆز، مېڭىسىنى مېڭە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆز ئىدىيە-ئېتىقادى ئۈچۈن نوپۇزدىن، تۈرمە، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، شەخسىي پايدا-مەنپەئەتنى ئەمەس، پەقەت ھەقىقەتنى تونۇش كېرەك»[38] ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى توتالىزم(پۈتۈنلۈكچىلىك) ئىدىيەسىگىمۇ قارشى ئىدى. «4-ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدىكى زىيالىيلارمۇ بۇ خىل ئىدىيە ئادىتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانىدى.

خۇشى كونا جۇڭگودىكى كۇڭزى ئىدىيەسىنى يېڭى جۇڭگونىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئىدىيە دۈشمىنى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى لۇشۇننىڭ ياشلارنى كونا كىتابلارنى ئوقۇماسلىققا، چەت ئەللەرنىڭ

كىتابلىرىنى كۆپرەك ئوقۇشقا دەۋەت قىلغىنى بىلەن ئوخشايدۇ. خۇشى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى نىچشې(1844ــ1890)نىڭ سۆزىنى نەقىل ئېلىپ، «بارلىق قىممەتنى قايتىدىن باھالاش كېرەك» دېگەنىدى. ئۇ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ ئىدىيەسىنىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ قارايتتى. چەت ئەللەردىكى بەزى كىشىلەر خۇشىنى «جۇڭگودىكى دېلزېي» دەپ ئاتىغانىدى. جۇڭگولۇقلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خۇشىنى «ئەۋلىيا»ــيەنى «بۈگۈنكى كۈڭزى» دەپ ئاتىغان. تاڭ دېگاڭنىڭ خۇشىغا باھا بېرىشىچە، «بىز بۈگۈن ‹دېموكراتىيە› دېمەكچى بولساق، چوقۇم خۇشىنى تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك. ‹خۇشى› دېمەك ‹دېموكراتىيە› دېمەكتۇر، ‹دېموكراتىيە› دېمەك ‹خۇشى› دېمەكتۇر.»[39]

مۇتەپەككۇر خۇشى، تىلشۇناس، يېزىقشۇناس چيەن شۈەنتۇڭ (1887ــ1939)، ئەدىب، مۇتەپەككۇر لۇشۈن(1881ــ1936)، ئەدىب، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، سىياسىيون چۈ چيۇبەي(1899ــ1935)، چېن دۇشيۇ قاتارلىق بىر قىسىم خەنزۇ ئاقىللىرى ئەڭ ئاۋۋال كۇڭزى تەلىماتىنى بىكار قىلىشنى، كونىچە خەنزۇ يېزىقىنى تاشلاپ، لاتىن يېزىقىغا كۆچۈشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، لاتىن يېزىقى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خەنزۇ يېزىقى ئىسلاھ قىلىنمىسا، جۇڭگونىڭ كېلەچەكتىكى تەرەققىياتىغا زور توسالغۇ بولاتتى. لېكىن بۇ تەشەببۇسلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغانىدى. چۈنكى، بىرى، يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدا كىشىلەردە ئەنئەنىۋى ئاڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك ئىدى. يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بەك تۆۋەن ئىدى. 1900-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئەنگلىيەدە %3 ئىدى. بۇ نىسبەت ئىتالىيەدە %48 كە يېتەتتى. ئىسپانىيەدە %56، پورتۇگالىيەدە %78 ئىدى. جۇڭگودا بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، «1910-يىللىرىنىڭ بېشىدا، شەنشى ئۆلكىسىدىكى 11 مىليون نوپۇسنىڭ %99ى ساۋاتسىز ئىدى.»[40] «1920-يىللىرى پۈتكۈل جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ %95ى ساۋاتسىز ئىدى.»[41]

ئۈچىنچى تەرەپتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن تاكى 1911-يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغىچە 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا جۇڭگو تارىخىدىكى مىڭ سۇلالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يۈەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى باشقا قوۋملاردىن بولغانىدى. بۇ ھال جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەت بېكىك مۇھىت ئىچىدە تۇرۇشىغا، ئىلىم- پەن تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. زاۋاللىق ئالدىدا تۇرغان زالىم، چىرىك، مۇستەبىت چىڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ پىكرى ئېچىلىپ، ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، دېموكراتىيە مەسىلىسىگە كۆچەپ كەتمىگەنىدى. بۇھال ھەتتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى رەھبەرلەردىمۇ باشقىچە شەكىلدە كۆرۈلگەنىدى. ئۇلار غەربتىن ئۆگىنىپ تۇرلۇك خەۋپتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىسىمۇ، كونا ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. ئەكسىچە، دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىدىغان رەھبەرلەر دەل مۇشۇ ئەنئەنىدىن پايدىلىنىپ چەت ئەللەردىن كىرگەن نەرسىلەرنى ئەنئەنە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى ئويلايتتى. دوكتور سۇن جوڭشەن(1866-1925) ئەپەندى مۇستەبىت خانلىق تۈزۈمنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشنى زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇھىم مۇساپىسى دەپ قارايتتى. بىراق، ئۇ غەرب مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن بولسىمۇ، باللىق دەۋرىدە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەچكە، كۇڭزىچىلىقنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ سىياسىي پەلسەپىسىگە سىڭگەنىدى. جياڭ جېيشىمۇ جۇڭگو پەلسەپەسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان بولۇپ، كۇڭزىچىلىق ئىدىيەسىگە بەيئەت قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ ھەتتا كۇڭزىچىلىق پرىنسىپى ئارقىلىق دۆلەتتىكى مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولغانىدى. 1934-يىلى ئۇ «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» قوزغاپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى تىرىلدۈرمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، كۇڭزىنىڭ يۇرتى شەندۇڭ چۈيفۇدىكى كۇڭزى بۇتخانىسىنى تاۋاپ قىلغانىدى.

كومپارتىيەنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىمۇ ئوخشاشلا كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەن. جۇئېنلەي، جۇدې، ليۇ شياۋچى، دېڭ شياۋپىڭلارمۇ ئەنئەنىۋى مائارىپتا ناھايىتى چوڭقۇر تەربىيەلەنگەنلەر ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئەنئەنە ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرگە تەمكىن پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇ كىچىك چېغىدا كۇڭزىنى ياقتۇرمايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە نۇتۇقلىرىدا كىلاسسىك ئەسەرلەردىن كۆپلەپ نەقىل ئېلىنغانىدى. نۆۋەتتە، ماۋزېدۇڭ بىلەن كۇڭزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئەخلاق، مائارىپ ئىدىيەلىرىنى تەتقىق قىلغان كىتابلار بار. كۆپىنچە مەلۇماتتا ماۋزېدۇڭ كۇڭفۇزى ئىدىيەسىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىياتچىسى دەپ قارىلىدۇ.

جۇڭگودا كېيىنچە خۇشى ئىدىيەسى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىدى. خۇشى 1949-يىلى ئامېرىكىغا كەتكەن، كېيىن تەيۋەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. 1954-يىلى ئۆكتەبىردە «خۇشى ئېقىمىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىدىيەسىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلى دېكابىردا «خۇشى ئېقىمىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىدىيەسىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش» رەسمىي قارار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ 1955-يىلى باھارغىچە پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە مەخسۇس «خۇشى ئىدىيەسىنى تەنقىدلەش پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىلدى. ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بەس-بەس بىلەن خۇشى ئىدىيەسىنى تەنقىد قىلىدىغان يىغىنلارنى ئۆتكۈزدى، ماقالىلارنى يازدى، «خۇشى ئىلگىرى ئەكسىلئىنقىلابىي ماقالىلارنى كۆپ يازغان. بۇ ماقالىلار كەڭ تارقىلىپ كەتكەن، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان. ھازىر خۇشى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىلىم ئىدىيەسى ۋە سىياسىيشۇناسلىق ئۇسۇلى بىر قىسىم كىشىگە يەنىلا ھەمراھ. شۇڭا بىز خۇشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىدىيەسىنى ئۈزۈل-كېسىل بىت-چىت قىلىپ تاشلىشىمىز، خۇشى ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئويغىتىشىمىز كېرەك»[42] دەپ

www.uyghurkitap.com

قارالدى.

## 5. مەڭگۈلۈك چەمبەر؟

«كۆڭزىچىلىق پەلسەپىسىنى گۈللەندۈرۈش — جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئۆتەر يولىدۇر.»[43]

— جاڭ جۇنمەي

جۇڭگودا 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىلا چىرىكلەن فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جۇڭگونىڭ ھەقىقىي كۈچىيەلمەيدىغانلىقى ئىسپاتلانغانىدى. بىراق، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىم ساھەسىدە يەنە «كۆڭزىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى» دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ياپونىيەدە قانۇن ۋە سىياسىشۇناسلىق، گېرمانىيەدە پەلسەپە ئۆگەنگەن جاڭ جۇنمەي(1887–1969) بالدۇرراق مۇشۇ خۇسۇستا پىكىر يۈرگۈزگەن، پېقىر ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئەڭ دەسلەپ بىلەن تونۇشقانلارنىڭ بىرى. ئۇ، 1965 ـ يىلى كورېيەدە چاقىرىلغان «ئاسىيانىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى» تېمىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلىم تەتقىقاتى قۇرۇلتىيىدا ئوقۇغان «جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە كۆڭزىچىلىق ئىدىيەسىنىڭ گۈللىنىشى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا، «ياۋروپانىڭ ھازىرقى ئىدىيەسى گرېتسىيە ئىدىيەسىنىڭ داۋامى. ياۋروپا شۇنداق قىلغان يەردە، جۇڭگو ئۆزىدىكى كونا ‹ئۇل›لاردىن پايدىلانسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟» دېگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆڭزىچىلىق پەلسەپەسىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بىلەن ئەپلاتون، ئارىستوتېللارنىڭ قاراشلىرىنى سىياسىي، ئېتىكا، بىلىم روھى قاتارلىق تەرەپلەردىن سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاشلىقى ھەققىدە دەلىللەرنى كۆرسەتكەن.

جۇڭگودا ئەنئەنىگە بولغان مايىللىق 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋجىدى. «20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگو زىيالىيلىرى ماكس ۋېبېرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خۇلاسىگە كېلىپ، كۆڭزىچىلىقنى جۇڭگونىڭ قالاقلىقىنىڭ يىلتىزى دەپ قارىغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسا جۇڭگونىڭ سىياسىي داھىيلىرى خۇددى غەربنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىغا ئوخشاش، ئۇنى جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئاساسى دەپ مەدھىيىلىدى. 1980 ـ يىللاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۆڭزىچىلىقنى تەكىتلەشكە باشلىدى. پارتىيە رەھبەرلىرى ئۇنى جۇڭگو ھەزارىتىنىڭ ‹غول ئېقىنى› دەپ جاكارلىدى.» «1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا... جۇڭگوغا ھەقىقىي تەۋە بولغان نەرسىلەرگە قايتىشتەك ئومۇمىيۈزلۈك قىزغىنلىق پەيدا بولدى. بۇ نەرسىلەر پاترىئارخال تۈسىنى ئالغان، چەتكە قاقىدىغان، ھوقۇقپەرەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى. بۇ خىل تارىخىي تەكرارلىنىش جەريانىدا دېموكراتىيە خۇددى لېنىنىزمغا ئوخشاش ئىشەنچسىز دەپ قارالدى. چۈنكى ئۇ پەقەتلا بىر چەت ئەللىكلەر تاڭغان نەرسە ئىدى.»[44] ھەتتا «كۆڭزىنى ھۆرمەتلەش ھەرىكىتى» قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، «مەدەنىيەت كونسېرۋاتىزمى» باش كۆتۈردى. بۇ ئەلۋەتتە ھوقۇقچىلىق، چىرىكلىكنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئىدىيە تۈپرىكى ئىدى. بۇ، خەلقئارادىكى «جۇڭگو تەھدىتى» نەزەرىيەچىلىرىنىڭمۇ بىر پاكىتى بولدى. چۈنكى، نوقۇل ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئۈستۈنلۈكلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق بىنورماللىق ئاشۇ نەزەرىيەچىلەرنىڭ مۇھىم كۆزىتىش «بۇلۇڭى» ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي يۈكسىلىش بىلەن سىياسىي خاراكتېرلىك، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك چىرىكلىك «جۇڭگونىڭ ئىككى يۈزى» ئىدى.

خەنزۇ يېزىقىنىڭ تارىختىن بېرى ئۆزگەرمەي، ئاڭ مەدەنىيىتىنى كېيىنكىلەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئوينىغان رولى ئەلۋەتتە ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلىتىپ، نەچچە رەت يېزىق ئالماشتۇرغان تۈركىي تىللىق قوۋملارغا قارىغاندا چوڭ ئىلغارلىق. شۇڭا، نۆۋەتتە، خەنزۇلاردىكى زور كۆپچىلىك زىيالىي خەنزۇ يېزىقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ يېزىققا ئالاھىدە مۇھەببەت، سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. دېمىسىمۇ، ئۇ كۆرۈنۈشكە بەك چىرايلىق، ئوقۇشقا ئەپلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەنزۇ يېزىقى يېقىنقى ئوتتۇز يىل مابەينىدە كۆپ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ئېيتقان «لۇغەت، كاتالوگ، مۇندەرىجە تۈزۈش، كىرمە سۆزلەر ۋە مەخسۇس ئىسىم، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ئىپادىلەش قىيىن» دېگەندەك بىر قاتار قىيىنچىلىق ئازايدى ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. شۇنداقتىمۇ، ئەستە تۇتۇش، تېز خاتىرىلەش، يېزىش قىيىن. جۇڭگودا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتە يىللىق ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئاساسلىقى ساۋات چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇقمۇ زىيادە كۆپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە، بالىلاردا كىچىك چېغىدىن باشلاپ تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چېنىقىش پۇرسىتى بەكمۇ ئاز بولۇپ، كىتاب ئوقۇشتىن ھۇزۇرلىنىش، ئىلىمگە ئىنتىلىشتەك مۇھىم بىر قىزغىنلىق ئاشۇنداق تۈگىمەس تاپشۇرۇق سەۋەبىدىن چالا يېتىلىدۇ. بۇ ھال نۆۋەتتىكى جۇڭگوغا نىسبەتەن يەنىلا ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلە.

يېزىق تۈپ ماھىيەتتىن ئالغاندا تىلنى خاتىرىلەيدىغان بەلگە. خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن، خەنزۇ يېزىقىنى ئېلىپبەلىك يېزىققا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى ئىلىم ساھەسىدە بۇرۇنلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پاكىت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەنزۇ يېزىقىنى ئېلىپبەلىك يېزىققا ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ ئىشنى خېلىلا يۈزە ئويلىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ بىر «گۈزەل ئامالسىزلىق». شۇڭا، خەنزۇ مائارىپىغا نىسبەتەن ئىنگلىز تىلىنى نىشان تىلى قىلغان قوش تىللىق مائارىپ تەشەببۇسچىلىرى خەنزۇ يېزىقىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى بۇ خىل قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردە تا بۈگۈنگىچە مۇرەككەپ (كونىچە) يېزىق ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بالىلارغا قارىغاندا ساۋات چىقىرىشقا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى تەبىئىي. مۇشۇ سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپ تاپشۇرۇق ئىشلەمدۇ؟ ئۇلاردىمۇ ئىلىم ئىزدەش قىزغىنلىقى شۇنداق سۇسمۇ ياكى باشقىچە ئەھۋال بارمۇ؟

بۇ، مۇئەللىپكە نائىنىق. بۇ تەرەپ، جۇڭگو مائارىپىدا، بولۇپمۇ قوش تىللىق مائارىپتا چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا.

بۈگۈن بىر نۆۋرى، نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تامامەن مۇمكىنچىلىك بولىدىغان نورمال كىشىلىك ئەركىنلىك، قانۇنىي تەرتىپ، قانۇن روھىنىڭ ئومۇملىشىش سۈرئىتى ئاستا. كونىچە دەرىجىلىك ئەخلاقىنىڭ، ئەسەبىي ــ تىزگىنسىز ھوقۇقچىلىقنىڭ يەنىلا مەۋجۇدلۇقى جۇڭگو جەمئىيىتىگە زور قارا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىلىش كېرەككى، «سىياسىي دېگەن بەربىر ئادەمنىڭ ئىشى. مەدەنىي سىياسىي دېگەنلىك ئازادە سىياسىي دېگەنلىكتۇر. ئازادە سىياسىي چوقۇم ئازادە تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. سىياسىي مەدەنىيلىكنىڭ ئالغا بېسىشى باشقۇرغۇچىلار بىلەن باشقۇرۇلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئازادە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، سىياسىي ۋە ئىسلاھاتلار زۆرۈر مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.»[45]

مۇشۇ گەپنى قىلغان شيۇڭ پېييۇن ئەپەندى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بولۇپ، تارىخشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تارقىتىش ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ «جەنۇب شامىلى روجىكى»(南风窗) ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، «جەنۇبىي ئاستانە گېزىتى»(南方都市报)، «جەنۇب ئازنىسى»(南方周末)، «يېڭى بېيجىڭ گېزىتى» (新京报)نىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچىسى ۋە باش ماقالە مۇھەررىرى. ئۇ ئاساسلىقى سىياسىي تارقىتىش ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جۇڭگو «دوستلۇق» نەشرىياتى 2007 ـ يىلى مەن بىلەن تەڭ ياشلىق بۇ يىگىتنىڭ «ئاڭ دۆلىتى»(思想国) دېگەن ماقالىلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ھېس قىلىشىمچە، ئۇ خۇددى 1930 ـ يىللاردىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ئەپەندىمىز ئۇيغۇرلارغا ئانا كەبى كۆيۈنۈپ، ئۇيقۇغا خۇمار بوپكەتكەن نىمجان خەلقىگە «ئويغان» دېگەن شېئىرىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندەك، ئۆز يازمىلىرىدا بۈگۈنكى جۇڭگوغا دائىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزى جۇڭگونىڭ ھازىرقى سىياسىي رېئاللىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ بەرگەندەك قىلىدۇ: «جۇڭگونىڭ مەنسەپدارلار جامائىتى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى مەدەنىيىتىدە مەنسەپدارلار جامائىتى ۋە پائالىيەت سورۇنى بار، مەدەنىيەت يوق، تېخنىكا بار، ئىلمىيلىك يوق. كىتاب يۈزىدە ماركسقا، كىتاب سىرتىدا ماكياۋېللىيغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.»[46] مەلۇمكى، ماكياۋېللىي(1469–1527) ئىتالىيەلىك سىياسىيون. ئۇ، سىياسىي بىلەن ئەخلاقنى پۈتۈنلەي ئايرىپ قاراشنى، ھۆكۈمدارلارغا يامانلىقنى قاملاشتۇرۇپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىمەستىن، مەيلى سىياسىي قىلمىش قانچىلىك قەبىھ، رەزىل، قۇۋ، مەككار بولسۇن، ھەممىسنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق ھوقۇقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقنى ئىسپاتلىغانلىقى ماكياۋېللىينىڭ بىردىنبىر جىنايىتى ئىدى. بۇنى فرانسىيە مۇتەپەككۇرى لۇئىس پرووۋل «رەزىل سىياسىي» دەپ ئەيىبلىگەن. شيۇڭ پېييۇننىڭ بۇ ھۆكۈمى كىشنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## 6. تەرەققىيات جەمئىيىتى ۋە بىز

«دۇنيا تارىخىدا ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ (جۇڭگو دۆلىتى)نىڭ شۆھرىتى يالغۇز زېمىن ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى، بايلىقىنىڭ موللۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلالىغانلىقىدىن كېلىدۇ. بۇنداق يۆنىلىشلەر ھەربىي، يەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىدىيە قۇدرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈش شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھى، كەڭ قورساق يېشىكىسى ئوخشايدۇ.»[47]

ـ گېئورگى ۋېلس (ئەنگلىيە، 1866–1946)

يېڭى سۆپەتكە، ئىلغارلىققا ئىنتىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما ئالاھىدىلىك. بەزى ئادەملەردە بۇنداق تۇيغۇ كەم بولۇشى ياكى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭدىكى ئاشۇ خىل ئىنتىلىشنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت تەسىرىدە يوقالغانلىقى، ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىنسانىي ئالاھىدىلىكتىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تا بۈگۈنگىچە ئاشۇنداق يېڭى سۈپەت ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىزدىنىپ، غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. ئەمما، يەر شارىدا ھازىر مەۋجۇد بولۇۋاتقان 200دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون، نەچچە مىڭلىغان زۇۋانلىق قوۋمنىڭ جەمئىيەتلىرىنى كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى پەرقلەرنىڭ خېلىلا چوڭلۇقىنى بايقايمىز.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ئايرىم بىر ئامىل دەپ قارالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى زور بولىدۇ. شۇڭىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي تاپقان ئەللەر دېگەندە، ئومۇمەن ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەلۇمكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆزىگە باب كېلىدىغان ئالاھىدە بىر جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق. چۈنكى، تەبىئىي شارائىت ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغان بىر رايون كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئامىللار بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان يىغىندى فورمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ فورما ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بولۇشىمۇ، زىيانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئېنىقكى، مۇئەللىپ قاتارى زامانداشلىرىمىز تېخى بۇنداق جەمئىيەت ھەققىدە پىكىر ـ تەلقىن قىلىشقا ئۈلگۈرمىدۇق. داۋىد. س. لاندېس «باي دۆلەتلەر ۋە نامرات دۆلەتلەر»(国富国穷) دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە توختالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە تەرەققىيات تېپىدىكى جەمئىيەت» مۇنداق بولىدۇ:

1. كىشىلەر قانداق ئىشلەشنى، قانداق باشقۇرۇشنى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قانداق ياساشنى، يېڭى، ئىلغار تېخنىكىلارنى قانداق ئىجاد قىلىش، قانداق تەكشەش ۋە قانداق ئىگىلەشنى چۈشىنىدۇ؛

2. كىشىلەر مۇنتىزىم مائارىپ ياكى شاگىرت قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، يۇقىرىقىدەك بىلىم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى ياش ئەۋلادلارغا يەتكۈزەلەيدۇ؛

3. خىزمەت ئورنىدىكى تالانتلىقلارنى تاللاشتا قابىلىيەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئارتۇقچىلىقلار ئاساس بولىدۇ. خىزمەتچىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئەمەلىي ئىپادىسىگە ئاساسەن ئۆستۈرۈلىدۇ ياكى تۆۋەنلىتىلىدۇ؛

4. جەمئىيەت شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ كارخانا روھىنىڭ جارى بولۇشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىجاد قىلىشقا، رىقابەتكە، باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ؛

5. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئىگىلىكىدىن بەھرىلىنىش ۋە پايدىلىنىشقا يول قويىدۇ؛

بۇنداق جەمئىيەتتە ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇشى كېرەك؛ كىشىلەر ئىرق-مىللەت، جىنس، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلار ئارقىلىق كەمسىتىلمەسلىكى كېرەك؛ كىشىلەر ئىلىم- پەنگە ئاشىقانە نەزەر بىلەن خوراپىيلارچە مەپتۇن بوپكەتمەي، پەقەت ۋاستە سۈپىتىدە قارىشى كېرەك؛

بۇنداق جەمئىيەتتە يەنە يۇقىرىقى نىشانغا يېتىشكە ياردەم بېرىدىغان مۇنداق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بولىدۇ:

1. بۇنداق جەمئىيەت خۇسۇسىيلارنىڭ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئامانەت قويۇشقا، مەبلەغ سېلىشقا تېخىمۇ ئىلھام بېرەلەيدۇ؛

2. شەخس ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىق قىلىدۇ. يەنى، كىشىلەرنىڭ مۇستەبىتلىكنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا، خۇسۇسىيلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى(جىنايەت ۋە چىرىكلىكى)گە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛

3. بۇنداق جەمئىيەتتە توغرا ۋە ئېنىق بولغان توختام هوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ؛

4. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنى مۇقىم بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي دېموكراتىك بولۇشى ناتايىن. بىراق، بۇنداق جەمئىيەتتە ئىشلار جامائەت بىلىدىغان قانۇن-نىزاملار ئارقىلىق(ئادەم ئارقىلىق ئەمەس، قانۇن ئارقىلىق) باشقۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ دېموكراتىك بولسا، بۇنداق جەمئىيەت قەرەللىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كۆپ ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىراق، سايلامدا مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭمۇ هوقۇقىغا دەخلى قىلىنمايدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ؛

5. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنى خەلقنىڭ رايىغا بويسۇنىدىغان پىكىر-تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛

6. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنى دۇرۇس-ئادىل، پاك بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا، ئايرىم كىشىلەرنىڭ بازارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يامان غەرەزدە ئۈستۈنلۈك ۋە ئالاھىدە هوقۇققا ئىگە بولۇۋېلىشى، باشقىلارنىڭ هامىيلىقى ياكى مەرتىۋىسىگە ئاساسەن هەرقانداق پايدا ئېلىۋېلىشىغا چەك قويىدۇ؛

7. بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنى ئىشەنچلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، پارىخورلۇق بولمىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. باج-سېلىقنىڭ تۆۋەنلىشى، هۆكۈمەتنىڭ جامائەت فوندى ئېلىشنى ئازايتىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدە هوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىشى ئۇنىڭ تەسىرىدىكى ئىشلاردۇر.

بۇ خىل غايىۋى جەمئىيەت ئىنتايىن پاك بولىدۇ. بۇ خىل پاكلىق قانۇن-تۈزۈمنىڭ كۈچىيىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىراق، تېخىمۇ غايىۋى بولغىنى، كىشىلەرنىڭ پاكلىقنىڭ ھەققانىيلىقى، ئۇنىڭ يەنىلا كىشىلەرنى پايدىغا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئاشۇ پاكلىق-دۇرۇسلۇق بويىچە ياشىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشىدۇر. بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى شۇكى، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغاچقا، بۇنداق جەمئىيەت رايون ۋە جەمئىيەت خاراكتېرلىك «ئېقىشچانلىق» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. يەنى، كىشىلەر نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە كونىنى تەكرارلاشقا قارىغاندا يېڭىنى يارىتىشقا، تەجرىبىگە قارىغاندا زېھنىي جۇشقۇنلۇققا، بىخەتەر-ئىشەنچلىك بولۇشقا قارىغاندا ئۆزگىرىش ۋە تەۋەككۇلچىلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇنداق جەمئىيەت باي-نامراتلىق تەكشى بولغان جەمئىيەت بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئالاھىدە هوقۇق ۋە ھىممەت ئىپادىسى بويىچە تەقسىملەشكە قارىغاندا، بۇنداق جەمئىيەت يەنىلا ئادىل تەقسىماتچىلىققا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدا نىسپىي ۋە كېلەچەكسىز بولغان ئوتتۇرا قاتلام مەۋجۇد بولىدۇ. بۇنداق بىرقەدەر زور بولغان باراۋەرلىك سىنىپىي چېگرا بويىچە ئىپادىلىنىدىغان تاشقى شەكىلدىن، ئادەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.[48]

بۈگۈن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت بۇنداق غايىۋى نىشانغا يېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ تەلەپكە يېقىنلىشىپ بارغان— ھۆكۈمىتى ئادىل، باراۋەر قانۇن ئاساسىغا ئىگە بولغان، بۇنداق قانۇنلار شەخسلەرنىڭ ئايرىلىشىدىن خالىي رەۋىشتە تولۇق يۈرگۈزۈلگەن، پۇقرالىرى دېموكراتىك، ھەقىقىي ئېچىۋېتىلگەن ئائىلىگە ئىگە بولغان، ئىجتىمائىي ئىشەنچ، ئىززەت-ھۆرمەت رېئاللاشقان دۆلەتلەرمۇ كۆپ. بۇنداق ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە تەرەققىيات تېپىدىكى جەمئىيەت تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىدىكى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغان، ھازىرمۇ يۇقىرىقى تەلەپتە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇد.

فىرانسىيە ئۇلۇغ ئىنقىلابى غەربتە تۇنجى بولۇپ ئىنسانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى مەركەز قىلىنىدىغان تۈزۈمنى ئۆزۈل-كېسىل ھوقۇق-ئەركىنلىك مەركەز قىلىنىدىغان تۈزۈمگە ئۆزگەرتتى. كېيىن بۇنداق دېموكراتىيە ئېڭى «ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى» ئارقىلىق غەرب ئەللىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ خىتابنامە دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بارلىق دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن نۇسخىسىغا ئۈلگە بولدى. ئۇنىڭدىكى يادرولۇق ئىدىيە ئىنسانىي ھوقۇقنى ئاساسىي قانۇننىڭ مۇھىم پرىنسىپى قىلىش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتىدىن قۇرۇشتىن ئىبارەت. فېئوداللىق جەمئىيەت دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى مەركەز قىلىنغان جەمئىيەت بولۇپ، پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ھەممىگە باراۋەر ئىدى.

«ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى» بۇنداق مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ روھى بويىچە، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن شەخسكە ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، شەخس ھوقۇقى ئاساسىي قانۇننى بەرپا قىلىدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ «جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن سۆزى ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى پرىنسىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. سابىق باش سېكرېتار جياڭ زېمىن ئەپەندىنىڭ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىشىمۇ جۇڭگودىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. دۆلەت تۈزۈمىنى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىپ قايتىدىن قۇرۇش، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى زور كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ئاساس قىلىپ تەسىس قىلىش ئەمەلىيەتتە زور كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ ئىرادىسىدىكى سىياسىينى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ، پۇقرا ھوقۇقى مەدەنىيىتىدۇر. ھوقۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىدۇر. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى تەكىتلىشى، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ غەربنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىنى كۆزەتكەن ۋە بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن ھاسىلاتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ چىقارغان تەشەببۇس بولۇپ، تۈپ مەنىسى ئەسلىدە مەدەنىي سىياسىي ۋە ئازادە تۇرمۇشنى تەكىتلەش ئىدى. ئەمما، جۇڭگودا باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك روھى يېتەرسىز بوپكەلدى. چىرىكلىك، مۇستەبىتلىك، يۇرتۋازلىق، چەتكە قېقىش... ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇد. نۆۋەتتە نۇرغۇن جۇڭگولۇق مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدۇ، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە ئامراق، ئەل قاتارى ئىش كۆرىدۇ.

جۇڭگودا ئۇزاقتىن بۇيان مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما كۆزلىگەن نىشاندىن تېخى يىراق. «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش» كۆپ تەكىتلەندى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ھەمدوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆپ كۈچىنىلدى. ئەمما، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە تەرەققىيات تىپىدىكى جەمئىيەتنىڭ مودېلى تېخى چىن مەنىسى بىلەن بەرپا بولمىدى. ھەقىقىي ئۇنۇمنى كۆزلىگەن، ئىقتىدارلىقلار ئېتىبارغا ئېرىشكەن خىزمەت مېخانىزمى تېخى شەكىللەنمىدى. ئادىل، قانۇن ئاساسىدا ئىش بېجىرىدىغان باشقۇرۇش تەرتىپىمۇ كەم. مەمۇرىي پاكلىق تېخىچە كۆچەيگىنى يوق. كىشىلەرنىڭ بېيىش روھىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ـ يۇ، نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىگە دائىر يەنە نۇرغۇن چەكلىمە بار.

## 7. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ

«جۇڭگو بىلىم ۋە تەرەككىيات ھەققىدە بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىنقىلابقا ئېھتىياجلىق. بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ھەممە ئادەم ئەركىن پىكىر قىلسا... بولىدىغان بىر ئۇلۇغ دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ بىر خەلق ئىنسانپەرۋەر، ئادىمىي، بىلىملىك ئىشەنچ باغلىغان يېڭىچە جۇڭگودۇر.»[49]

ـــ شىۋاك پىيان

سەيمېل خانتىڭتوننىڭ يەكۈنى بويىچە، مەدەنىيەت يادروسى يوق، پەقەت سىياسىي ئەقىدە بىلەنلا ئۆزىنى تەبرىلەيدىغان جەمئىيەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، سىياسىي پرىنسىپ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئورتاق گەۋدىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەتلا بىر ئۆزگىرىشچان ئۇلىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو بىر ئىدىيە مەنبەسىگە موھتاج. ۋېي گۈاڭچى ئىسىملىك بىر ئاپتور: «كىشىلەردە بىر خىل ئىجتىمائىي روھ ـ يەنى مەسئۇل بولۇش، چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇش روھى بولۇشى كېرەك... غەرب، ھىندىستان ۋە ئەرەب مەدەنىيەتلىرىدە بۇ خىل ئىجتىمائىي روھنىڭ رولىنى دىن ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. بىراق، بىزنىڭ جۇڭگودا بارلىق مىللەتنىڭ ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى يېتەرسىز بولغاچقا، تارىختىن بۇيان بۇ خىل رولنى... كۇڭزىچىلىق ئىدىيەسى ئۈستىگە ئالغان. بىزنىڭ بىر كۈن دۆلەت دىنىمىز بولمىسا، بۇنداق تۈپكى ھالىتىمىز بىر كۈن ئۆزگەرمەيدۇ»[50] دەپ يازىدۇ. بۇ بەلكى مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن دېيىلگەن گەپتۇ. ئەمما، يەنە سەيمېل خانتىڭتوننىڭ سۆزى بويىچە، ئەگەر كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى دىنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان باشقا دىنغا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر كۇڭزىچىلىقنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىيسىنىڭ غەيرىي مەنىدىكى دىنى دەپ قارىساق، بۇنىڭ زامانىۋىلىشىشقا كۆرسەتكۈچى تەسىرى ھەممىگە ئايان. شەرقىي جۇڭگو تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ساۋ جىنچىڭ ئەپەندى 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «سېرىق دەريا ساھىلىدىكى جۇڭگو» دېگەن كىتابىدا: «سىياسىينى چوقۇم دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش كېرەك. ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئەلا بىلىشكە بولمايدۇ، پەقەت قانۇندىن مەدەت تىلەش كېرەك»[51] دېگەن. بۇ بەلكى مۇشۇنداق قانائەت تاپمىغان ئېھتىياجنىڭ يىغى ساداسى بولۇشى مۇمكىن. يەنى، ئېتىقادتىكى يېتىشسىزلىكنى قانۇن روھى ئارقىلىق تولۇقلاش ئىنتىلىشى دەپ چۈشەنسەك توغرا بولار.

دۆلىتىمىز ھازىر ئىقتىساد، دىپلوماتىيە جەھەتتىن رايون دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ، دۇنياۋى مىقياستا سەركىلىك رولغا ئىگە بولدى. ھالبۇكى، جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، ئىلىم ۋە ئىلىملىكلەرگە بولغان ناتوغرا پوزىتسىيە... دېگەندەك ئەنئەنىلەردىن قول ئۈزەلمەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كىرزىس ـ خەۋپلەر يەنىلا كۆپ. ئۇ، دېموكراتىك ئاڭ مەدەنىيىتى، قانۇن مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىن يەنىلا تەرەققىي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى يازغۇچى، فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاكادېمىكى جېڭ باۋبى ئەپەندىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «غەربكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو يەنىلا پەن ـ تېخنىكىدا ‹چوڭ سۇمۇرۇش› ھالىتىدە توختاپ قالدى. مۇبادا ئۇ

www.uyghurkitap.com

مەنىۋى جەھەتتىن تېز ئۆزگىرىپ ياخشىلانمىسا، تۈزۈم كاپالىتى بولمىسا، ئىجتىمائىي خەۋپ-كىرزىس يەنىلا چوڭ بولىدۇ. خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشى، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ كېڭىيىشى قاتارلىق خەۋپلەرنىڭ ھەممىسى يامان ئىللەتلەردىن كېلىدۇ.»[52] شۇڭا، مېنىڭچە، مۇھاكىمىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان «جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان گۈزەل ئەخلاق»لارنى نۆۋەتتىكى غايە دەپ چۈشىنىش توغرا بولار.

شيۇڭ پېيۈن ئەپەندى توغرا ئېيتىدۇ: «جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولدى. بىراق، جۇڭگولۇقلاردا تېخى چوڭ دۆلەت پۇقرالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ساپالار يوق.»[53] «دېموكراتىيىنى ئۇقۇم ھالىتىدە توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنى ئېگىزدىن تونۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىش كېرەك. دېموكراتىيە ئەلۋەتتە ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس. بىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىمىز كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش، ئەركىن، ئادىل، گۈللەنگەن بىر جەمئىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداشتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دېموكراتىيە شەكىل، بىر خىل قورال، كىشىلىك ھوقۇق ئۇ ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك مەزمۇندۇر. شۇڭا، گەرچە، كىشىلىك ھوقۇق دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتىگە زىيادە تايىنىۋالسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەزمۇنى ھەرقانداق شەكىلدىكى دېموكراتىيەدىن يۇقىرى ۋە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ... دېموكراتىك ھوقۇق، مەنپەئەت كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر قىسمى. كىشىلىك ھوقۇق بارلىق ھوقۇق-مەنپەئەتنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن.»[54] شۇڭا، «مىللەت، دۆلەت دېگەندەك چوڭ سۆزلەردىن باشقا يەنە چوڭ دۆلەت پۇقرالىرىنى يارىتىش كېرەك... سىياسىي مەدەنىيەتتىن باشقا يەنە تۇرمۇش مەدەنىيىتىمۇ بار. تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئادەمگە، تەرتىپكە بولغان ھۆرمەت مەدەنىيىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.»[55]

جۇڭگو تارىخىدا ئۈچ قېتىم تۈپ جەھەتتىن چوڭ بۇرۇلۇش بولغان. بىرىنچى قېتىم، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221-يىلى تارقاق فېئودال ھاكىمىيەتلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن تۈزۈمدىكى ئىمپېرىيە قۇرۇلغان. جۇڭگونىڭ سىياسىي خەرىتىسى غەربىي رايونلار تامان كېڭەيگەن؛ ئىككىنچى قېتىم — 1911-يىلى ئىمپېرىيە ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، خەلق دۆلىتى (مىنگو) قۇرۇلغان. پادىشاھلىق تۈزۈمگە، ھاكىمىيەتنىڭ بېقىندىلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلگەن؛ ئۈچىنچى قېتىم 1949-يىلى ج ك پ رەھبەرلىكىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بارلىققا كەلگەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەقەت 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىگىرمە يىلىدا يۈز بەردى. چۈنكى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا تۇرۇۋاتقان ياپونلارنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك سانالغان كانتون ئارمىيەسىنى يوقىتىشقا چوڭ ياردەم قىلمىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياپونىيە زېمىنىدا تۇيۇقسىز پارتلىمىغان بولسا، ياپونلارنىڭ جۇڭگو تۇپرىقىدىن شەرتسىز چېكىنىشى تەسكە توختايتتى. ئۇ چاغدا ئۇرۇش تېخىمۇ سوزۇلۇپ كېتىشى تۇرغانلا مەسىلە ئىدى. ياپونىيە تەسلىم بولۇپ، جياڭ جېيشى يېتىم قېلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، كومپارتىيەنىڭ ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىكى ساۋاتسىز، چالا ساۋات ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئاجايىپ مەغرۇرلۇققا چۆككەندى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەمۇرىي خىزمەتلەرگە ئالماشقان بولۇپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ كېتىشى ئۇلارنى بىلىملىكلەرنى، بىلىمنى، سەنئەتنى كەمسىتىدىغان، ئۆچ كۆرىدىغان ئاڭغا مۇپتىلا قىلغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، مۇشۇنداق ئاڭنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

دېمەكچىمىزكى، 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىگىرمە يىلىدا گەرچە يەنە كونا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىغا ھەۋەس قىلىشلار بولغان بولسىمۇ، بۇ يىللاردىكى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا بۈگۈنكى ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئالدىنقى ئۆزگىرىشلەردەك زور سىياسىي مەنىگە ئىگە بولمىسىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە، ھەربىي كۈچ، ئىلىم-پەن جەھەتتىن كۈچىيىشىگە تەپەككۇر يولى ئېچىلدى. مۇشۇ يىللاردىلا ئاندىن تۈزۈم ھەقىقىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

بىز دۆلىتىمىزنىڭ 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدىكى تەرەققىيات ئىدىيەسىگە نەزەر ئاغدۇرساق، تېخىمۇ ئەۋزەل، ئىلمىي تەشەببۇسلارنى كۆرىمىز. سىياسىي مەدەنىيلىك، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، دۇنيا بىلەن دىئالوگلىشىش، مىللەتلەر ھەمدوستلۇقنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش—مانا بۇلار كىشىنى چىن قايىل قىلىدىغان ئىدىيەۋى يۈزلىنىشلەردۇر. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزى ۋە ئوبرازىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ دۇنياۋى چوڭ تىللىق سالاھىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، كۆپلىگەن ئەلدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش بىر يېڭى يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن دۆلەتتە كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى كېڭەيتىلىۋاتىدۇ.

2005-يىلى شيۇڭ پېيۈن ئەپەندى: «جۇڭگو بىلىم ۋە تەپەككۇر ھەققىدە بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىنقىلابقا ئېھتىياجلىق. بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ھەممە ئادەم ئەركىن پىكىر قىلسا... بولىدىغان بىر ئۇلۇغ دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ بىر خىل ئىنسانپەرۋەر، ئادىمىي، بىلىمگە ئىشەنچ باغلىغان يېپيېڭى جۇڭگودۇر»[56] دەپ يازغانىدى. رېئاللىق مانا مۇشۇنداق يۆنىلىشلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. مېنىڭچە، شيۇڭ پېيۈن ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى ھەر بىرىمىزنىڭ ئۈمىدىمىز ۋە ئىشەنچىمىزگە ئايلىنىشى كېرەك. مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى تەبىئىي. ئەمما، ئۇنى بايقاش ۋە ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەش ئۈمىدۋارلىق ۋە دانالىقتۇر. ئىشىنىمىزكى، توغرا ئىدىيەۋى بۇرۇلۇش، ئىلمىي رەھبەرلىك بولسىلا جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەر چوقۇم ھەل بولىدۇ. ئەمما، ھەل بولۇش جەريانى، سۈرئىتى كىشىلەرنىڭ ساپاسىغا قاراپ بولىدۇ.

2007-يىل 12-ئاۋغۇستتىن 2009-يىل 1-مارتقىچە يېزىلدى؛ 2010-يىل 25-ئىيۇن تۈزىتىلدى. پوسكام

www.uyghurkitap.com

# نەقىل مەنبەلىرى

[1] ئابدۇقادىر جالالىدىن: «مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىشىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 119 ـ بەت.

[2]، [3]،[4] ۋىل دۇرانت(ئامېرىكا): «شەرق مەدەنىيىتى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 5 ـ، 733 ـ بەتلەر.

[5]،[6]، [7]، [8]، [9]، [10]، [11] گاۋ جۈنمىي: «ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئېچىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 158 ـ، 159 ـ، 161 ـ، 168 ـ بەتلەر.

[12] ماكس ۋېبېر (گېرمانىيە) «كۆڭزى تەلىماتى ۋە داۋدىنى»، «خەلق گېزىتى »نەشرىياتى 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ بەت.

[13] جىن ما: «يېڭىلىق يارىتىش پاراستى نەزەرىيىسى»، «جۇڭگو ياشلىرى» نەشرىياتى 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 7 ـ بەت.

[14] سىلۋانو ئارىيېت(ئامېرىكا): «ئىجادىيەتنىڭ سىرى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 399 ـ، 411 ـ بەتلەر.

[15] ماكس ۋېبېر(گېرمانىيە): «كۆڭزى تەلىماتى ۋە داۋ دىنى»، 105 ـ بەت.

[16] [17] ۋىل دۇرانت(ئامېرىكا): «شەرق مەدەنىيىتى»، 774 ـ بەت.

[18] [19] ماكس ۋېبېر(گېرمانىيە): «كۆڭزى تەلىماتى ۋە داۋ دىنى»، 104 ـ، 105 ـ بەتلەر.

[20] شىللېر شىۋارتىز(ئامېرىكا): «يېڭى ئەسىر ـــ مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 305 ـ بەت.

[21] مارك ھېرتسارد(ئامېرىكا): «بوركوت سايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 75 ـ بەت.

[22] لۇئىس پرووۋل(فرانسىيە): «سىياسىينىڭ رەزىللىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 2 ـ، 11 ـ بەتلەر.

[23] تاڭ دېگاڭ(تەيۋەن): «خۇشىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى»، زى تۇڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «خۇشىغا 80 يىللىق باھا» ناملىق توپلام، جۇڭگو «خۇاچياۋ» نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 387 ـ، 388 ـ بەتلەر.

[24] فېڭ يۈلەن: «جۇڭگو پەلسەپەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «يېڭى دۇنيا» نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 138 ـ بەت.

[25] ئالۋىن توفلېر، ھايدى توفلېر(ئامېرىكا): «كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 32 ـ بەت.

[26]، [27]، [28]، [29]، [30]، [31]، [32] گاۋ جۈنمىي: «ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئېچىش»، 178 ـ ، 176 ـ، 177 ـ بەتلەر.

[33] گېئورگى ۋېللىس(ئەنگلىيە): «دۇنيا تارىخى»، «خەلق گېزىتى» نەشرىياتى 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 314 ـ بەت.

[34] ماكس ۋېبېر(گېرمانىيە): «كۆڭزى تەلىماتى ۋە داۋ دىنى»، 122 ـ بەت.

[35] داۋىد. س. لاندېس(ئامېرىكا): «باي دۆلەتلەر ۋە نامرات دۆلەتلەر»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 33 ـ بەت.

[36] مېك. خات(ئامېرىكا): «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 127 ـ بەت.

[37] رەن يۈنفېي: «ساقايماس كېسەل ـــ جۇڭگو مائارىپىدىكى خۇۋېي ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 141 ـ بەت.

[38] لى ئاۋ(تەيۋەن): «(تېرىقچى) خۇشى»، «خۇشىغا 80 يىللىق باھا» ناملىق توپلام 334 ـ بەت.

[39] تاڭ دېگاڭ(تەيۋەن): «خۇشىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى»، «خۇشىغا 80 يىللىق باھا» ناملىق توپلام 388 ـ بەت.

[40] جون كلاۋرىي(ئاۋسترالىيە): «جۇڭگونىڭ مەكتەپ مائارىپى»، خېبېي مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 46 ـ بەت.

[41] ياڭ جېننىڭ: «ياڭ جېننىڭنىڭ ئىلىم ـ پەن، مائارىپقا دائىر ماقالىلىرىدىن تاللانما»، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 101 ـ بەت.

[42] لى دا: «خۇشى ئىدىيىسىگە تەنقىد»، «خۇشىغا 80 يىللىق باھا» ناملىق توپلام 311 ـ بەت.

[43] جاڭ جۇنمەي: «كۆڭزىچىلىق پەلسەپەسىنىڭ قايتا گۈللىنىشى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 63 ـ بەت.

[44] سەيمۇل خانتىڭتون(ئامېرىكا): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 169 ـ بەت.

[45]، [46] شيۇڭ پىييۇن: «ئاڭ دۆلىتى»، جۇڭگو «دوستلۇق» نەشرىياتى 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 20 ـ، 224 ـ بەتلەر.

[47] گېئورگى ۋېللىس(ئەنگلىيە): «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى»، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.

[48] داۋىد. س. لاندېس(ئامېرىكا): «باي دۆلەتلەر ۋە نامرات دۆلەتلەر»،234 ـ، 235 ـ بەتلەر.

[49] شيۇڭ پىييۇن: «ئاڭ دۆلىتى»، 9 ـ بەت.

[50] ۋېي گۇاڭچى: «دۆلەتكە پايدىلىق بولۇش ـ ئىجتىمائىي ئادىمىيەت ئىلىملىرىنىڭ جېنى»، يەن لىيشەن، خې باۋشىڭ تۈزگەن «ئورۇنسىز ئەندىشە» ناملىق توپلام، جۇڭگو سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 2000 ـ يىل 2 ـ باسمىسى 231 ـ بەت.

[51]، [52]، [53]، [54]، [55]، [56] شيۇڭ پىييۇن: «ئاڭ دۆلىتى»، 223 ـ، 27 ـ، 253 ـ، 30 ـ، 9 ـ بەتلەر.

---

ئاپتور: مائارىپ ۋە ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلدۈرۈلۋاتقان ياش تەتقىقاتچى، يوسكام ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: جاڭ خۇڭچاۋ**



# ئىلىمگە خىيانەت ـ ئەلگە جاھالەت

ـ زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىسىغا ئىلاۋە

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز زۇلپىقار بارات ئۆز باش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ھاۋاسى توغرىسىدىكى بۇ ماقالىسىنى يېزىپ چىقىپتۇ. ئىلمىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىلىم ئەخلاقىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك ئىجتىمائىي ئىللەت پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردا ئادەم قورقۇدەك دەرىجىدە ئېغىر. بىز بۇ ھەقتە يۈز تۇرانە سۆھبەتتە توختىلىشقانىدۇق. زۇلپىقار ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون قىلىپ مەندىن ئەھۋال سورىغاندىمۇ كېيىمىز تەبىئىي ھالدا جەمئىيىتىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بىلىم ۋە ساھەلەرگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ.

مېنىڭ بۇ ئىلاۋىنى يېزىشىم زۇلپىقارنىڭ ماقالىسىدىكى بارلىق قاراشقا بىردەك قوشۇلۇشۇمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. زۇلپىقارنىڭ مەزكۇر ماقالىسى يەنىلا شەخسىي ئوي ـ پىكىر ۋە تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇددىئا قىلغاچقا، پىكىر يوللىرى ئاپتورنىڭ خاراكتېرى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ روشەن ئىزنالىرىغا ئىگە. بۇ ئىزنالاردىن يەنىلا ھاياجانلىق قەدەملەرنىڭ تىۋىشى سېزىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، زۇلپىقار بىر خەلقنىڭ ئىلىم تۈپرىقىدىكى ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشقا بولغان ئەندىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ چىن، سەممىي شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆرتىنىشلىرىدىن بىر پۈتۈن مەنپەئەتكە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بايقايمىز. ئورتاق تەقدىرنى شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغان ئادەمنىڭ ئاۋازى مەلۇم مەنىدىن ئورتاقلىققا ۋەكىللىك قىلماي قالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى مۇنداق نۇقتىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن:

ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىگە جىددىي مەسئۇل بولىدىغان ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش دەۋرنىڭ تەقەززاسى.

باشقا ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كونتېكىست (ئۇرامى) بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي قويۇقلۇقنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاكادېمىيە ۋە مەكتەپلەردىكى بىلىم ئادەملىرى، ژۇرنالىستلار ۋە نەشرىياتچىلار جان باقتىلىق مۇرەسسەچىلىكنىڭ ئىزىتقۇ قويىندىن چىقىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى يىراقنى كۆرۈش، تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسىنى رېئاللىقتىن ئىزدەش بۇرچىغا قايتىشى كېرەك.

كوللېكتىپ ھەمكارلىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارالايدىغان يېڭى ئەۋلاد بىلىم ئادەملىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، يوقنىڭ ئورنىدىكى بىلىم سەھنىلىرىمىز بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەقىل يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا، بىر گۇرۇھ كىشىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش دەستىگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېھتىياتچانلىقنى ئاقىللىقنىڭ فورمۇلاسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقان خېلى كۆپ كىشى ئىش قىلماسلىقنى ئاقلايدىغان باھانىگە ئىگە بولۇشتى. ئىلىم ئىشى ئىلىم ئەھلىگە نېسىپ بولماي، ھەممە ياقتىن سەكراتنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلىدى.

يېقىندىن بېرى «جۇڭگو ئەدەبىياتى بىر دۆۋە ئەخلەت»، «جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي پېنى بىر دۆۋە ئەخلەت» دېگەندەك سادالار كۆپىيىپ قالدى. روشەنكى، كىتابلار ۋە ماقالىلەر شىددەت بىلەن ئىلان قىلىنىۋاتقان، بىلىملىكلەر سىپىي تېخىمۇ زورىيىۋاتقان ئەھۋالدا ئاشۇنداق سادالارنىڭ چىقىشى ئىلىم ساھەسىدىكى چىرىكلىكنىڭ يوشۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئاپەت تۈسىنى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى دوگماتىزم گويا ساختىلىقنىڭ قالقىنىغا ئايلانغان ھالدا «كىتى» (课题) ـ تەتقىقات تۈرى ئىگىلىكى، تەشۋىقات ئىگىلىكى كېلىپ چىقتى. ئىلىمنىڭ مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھېچكىم ھېسابلاشمىدى.

زادى «ئەخلەت» دېگەن نېمە؟ ئىجتىمائىي پەنلەر

ئىلىمگە خىيانەت ـ ئەلگە قىيامەت

www.uyghurkitap.com

ساھەسىدىكى نەتىجە يېزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى ئىنسانىڭ ئىززىتىنى ئىجتىمائىي ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەرگىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش غايىسىدىكى قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەختسىز ئىنسانلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن ھېسابلاشمىغان تەتقىقاتلارنىڭ ئەخلەتچىلىكمۇ قىممىتى يوق. چۈنكى، ئەخلەتنىڭمۇ مەلۇم قىممىتى بار. بەزىلەرنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى ۋە خاتىرجەمسىزلىكى ئۈستىگە يەنە بەزىلەرنىڭ ھالاۋىتى ۋە خاتىرجەملىكىنى دەسسىتىشكە مەسلىھەت بېرىدىغان تەتقىقاتلار جىنايەتتۇر. تۈركىيەلىكلەرنىڭ «يەنىڭ دۈشمىنى ئۇنىڭ دوستىدىن ئاز ئەمەس» دېگەن ماقالى بۇ ئەھۋالغا تازا باب كېلىدۇ.

مەن زۇلپىقارنىڭ تەنقىدىنىڭ ئۇچى ئىلمىي مېتود، ئىلمىي ئۆلچەمگە يەتمەيۋاتقان ۋە يېتىشنى ئويلاشقا ئۇلگۇرمەيۋاتقان ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ۋە ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى تەھرىرلىكىگە قارىتىلغان دەپ قارىدىم. ئاممىنىڭ پىكىر دۇنياسىنى غىدىقلاشنى مەقسەت قىلغان پىكرىي ئەسەرلەرمۇ ئېنىق مەۋقەگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئەمدىكى گەپ، ئەنە شۇ ژۇرنالغا كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزى لاياقەتلىك ئىلمىي خادىممۇ ياكى بىر يوللارنى قىلىپ سوقۇنۇپ كىرگەن قورساق ئادىممۇ؟ ئەگەر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى لاياقەتسىز ئادەملەر ئىگىلەپ كەتتى دېيىلسە، بۇ ئاقىۋەت قايسى خىل ئىجتىمائىي مېخانىزمدىن كەلگەن؟ تېگىدىن ئېيتقاندا، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىدىكى كەسپىي پاكلىق پەن تەتقىقاتى، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ بىر گەۋدىسىدىن كېلىپ چىققان چوڭ سىستېما. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ساھەسىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك ماھىيەتتە چوڭ بىر ئىجتىمائىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. ئانتونىي گرەمشى: «ئادەم بىر جەريان، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئادەم ئۆز پائالىيىتىنىڭ جەريانى» دېگەنىدى. ئۇنداقتا، ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەرسە نېمە؟ مىچېل فۇكاۋ: «بىلىم بىلەن ھوقۇق بىر گەۋدە، بىلىمنىڭ ئىشلىنىشى ۋە بېكىتىلىشى ھوقۇقنى شەرت قىلىدۇ. بىلىم ھوقۇقنىڭ ئەندىزىسى بويىچە رول ئوينايدۇ» دېگەنىدى. ھوقۇق نەپ ئىزدەيدۇ، بىلىم ھەق ئىزدەيدۇ. ئەگەر بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش روھى ھوقۇق ئۈچۈن كېرەك بولغان پايدا بىلەن زىددىيەتلىك بولسا، ئەنە شۇ بىلىم ئەھلىنىڭ ئەخلاقى ۋە قىممەت قارىشى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ، بەلكى تەھدىت ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن. ھوقۇق ئۈچۈن ھەقىقانىيەت ئىزدەيدىغان ئىلىم ئەھلى كېرەك بولماي، دەل ئەكسىچە بولسا، كىشىلەر ئىلىم ساھەسىدىن دىيانەتكار ئالىملارنى ئۈمىد قىلمىسا بولىدۇ. ئىنسانىي ھاياتقا دائىر ماھىيەتلىك پىرىنسىپلارنى ئۇلۇغلار بۇرۇنلا بايقاشقان ۋە بۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن. بۇ پىكىر «رۇمىي ھېكمەتلىرى»دە نەقىل ئېلىنغان مۇنۇ ھەدىستە ئۆز كامالىتىنى تاپقان: «ئەمىرلەرنى زىيارەت قىلغان ئالىم يامان ئالىم، ئالىملارنى زىيارەت قىلغان ئەمىر ياخشى ئەمىردۇر؛ كەمبەغەلنىڭ ئىشىكىگە كەلگەن ئەمىر قانچىلىك خۇشدۇر ۋە ئەمىرنىڭ ئىشىكىگە بارغان كەمبەغەل نەقەدەر كۆڭۈلسىزدۇر.» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىل ماي نەشرى). بۇ ھەدىستە ئەمىر بىلەن ئالىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تەڭلىمىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەقنى مىزان قىلغان ئەمىر بىلەن ئالىمنىڭ بوسۇغىسى ماھىيەتتە بىر بولىدۇ. ئەمىر بىلەن ئالىمنىڭ بوسۇغىسىنىڭ باشقا ـ باشقا بولۇشى، توغرا يولدىكى ئالىمنىڭ ئۆز نىشانىدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكىگە بېرىلگەن سىگنالدۇر.

بىلىم بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر سوتسىيولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى ئۇيغۇرلارغا خاس تارىخىي مەۋقەدە شەرھلەش ۋە ھەل قىلىش زۇلپىقار بارات كەبىي نۆۋەتتىكى ئىلىم ئەۋلادلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مانا، زۇلپىقار ئاشۇ ئىزدىنىشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، زۇلپىقار بۇ جەھەتتىكى تەنقىدنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم زەئىپلىكى تاسادىپىي كېلىپ چىققان ئەمەس، بۇ يەنىلا جەمئىيەتتىكى مائارىپ قاتارلىق ھەر خىل تۈزۈلمىنىڭ مەھسۇلى. بۇ يانداشما تېمىلار ھەققىدە ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلىم ئىشى كەسپىلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە مۇنتىزىملىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قوللىنىشچانلىق، ئاممىۋىلىق ۋە ئوقۇشچانلىققا ئىگە. نۆۋەتتە، بىز ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسى بويىچە ئەستايىدىل دەڭسەپ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەرنى پىلانلىق ھالدا تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قانچە ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ ئىش يەنە ئىلىم سەرخىللىرى بىلەن ھوقۇق سەرخىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭ تاناسىپلىق ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز زۇلپىقارنىڭ تەنقىدىي روھىنى ئۆگىنىپ، نەزىرىمىزنى ئۇنىڭ ماقالىسىگە تاشلايلى، تەنقىد بۆرىسى بىزنى ئەقلىنىڭ يورۇق ساھىلىغا باشلىسۇن!

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئالىمىيەت پەنلىرى مەسىلىلىرى

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

*«بىر مىللەتنىڭ ئىستېمالىدىكى ئۇقۇملار ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرى تەرىپىدىن خاس مەۋقەدە يورۇتۇلمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي بىنىسى بولمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي بىنىسى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي جېنى يوق بولغان بولىدۇ.»*

— ئابدۇقادىر جالالىدىن: «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ — مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز» دىن [1]

*«بىز بىر مەسىلىنى پەيدا قىلغان ئېڭىمىزنى ئۆزگەرتمەي، يېڭىلىماي تۇرۇپ، ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايمىز».*

— مارگارېت ۋىتلېي («يېتەكچىلىك ۋە يېڭى پەن» ناملىق ئەسىرىدىن) [2]

*«قارانغلار ئاۋۇ ئادەمگە! ئۇ ھەمىشە ئۆزى جاۋاب تاپالايدىغان سوئاللارنى سوراشقىلا ئامراق».*

— فرېدرىخ نىتچى («سەرخۇش ئىلىم» ناملىق ئەسىرىدىن) [3]

## 1 . مۇقەددىمە: تېمىغا كىرىش

### پاكىت تەھلىلى (1)
### مەن كۆرگەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنى

2009 - يىلى ماينىڭ ئاخىرى، ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ئانا يۇرتۇمدىكى ئىككى ئالىي مەكتەپتە بىر نەچچە ئاسپىرانتنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلاش يىغىنىغا قاتناشتىم. بۇ يىغىن يازلىق كانىكۇل پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگە ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت بولغاندا ئۇيۇشتۇرۇلدى. دەسلەپتە دوستلىرىمدىن ۋە دىسسېرتاتسىيە ياقلىماقچى بولغان بىر - ئىككى ئاسپىرانتتىن بۇ ئىلمىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ھەققىدىكى ئۆتۈنۈش ۋە تەكلىپنى خەۋەر تاپقىنىمدا ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. سەۋەبى، مەن بۇ قېتىمقى دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىغا يېقىندىن قاتنىشىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىيەت، ئالىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشى ھەققىدە يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمەن، دەپ ئويلايتتىم! يەنە كېلىپ قېرىنداشلىرىمنىڭ ئانا تىلدا ياقلىغان دىسسېرتاتسىيەلىرى مېنى ھاياجانغا سېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېگەندەك، 20 - 30 چە ئادەم پاتىدىغان چاققانغىنە بىر زالدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئىلمىي يىغىن ماڭا نۇرغۇن ھاياجانلىق خىيالنى ئاتا قىلدى. ئەمما مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر قانچە ئىشتىن ھەيران بولماي تۇرالمىدىم. بىرىنچىسى، دىسسېرتاتسىيە يىغىنى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر نەچچە باھالىغۇچىنىڭ ئاسپىرانتلار ماقالە ئوقۇۋاتقاندا پۇرقىتىپ تاماكا چېكىپ كىچىككىنە زالنى ئىسقا تولدۇرۇۋېتىشى؛ ئىككىنچىسى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى؛ ئۈچىنچىسى، بىر نەچچە ئاسپىرانتنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر قانچە خىل سەۋەنلىك.

دەسلىپىدە يېقىن باشلىنىپ يېرىم سائەت بولار - بولماي بىر باشلىغۇچى تاماكىسىنى چىقاردى . چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، نەزىرىمدە دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدەك ئەستايىدىللىق، ئىلمىي ۋە جىددىي يوسۇندا ئېلىپ قىلىدىغان بىر سورۇندا، شۇنچە جىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. مەن ھېلىقى باشلىغۇچىنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئايرىم ئەھۋال بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ تۇرغىنىمدا باشقا ئىككى باشلىغۇچىمۇ كېلىشىۋالغاندەك بىرلا ۋاقىتتا تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ھايال ئۆتمەي كىچىككىنە زال ئاچچىق ئىسقا تولدى. ئارىلىقتا ئۆزۈلۈمدا ئولتۇرغان، ياغلىق چېگىۋالغان ئىككى قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تاماكا چېكىشىدىن بىزار بولغاندەك، بۇرنىنى ئېتىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئىككى ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندا بىر باشلىغۇچى ماقالە ئوقۇغانلارنىڭ يازمىسىدىكى ئىملا خاتالىقلىرى ۋە كېسەل جۈملىلەرنىڭ جىقلىقى ھەققىدە بىر ھازا قاقشىدى؛ بىر ئالىمىراتنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان يەنە بىر باشلىغۇچى ئۆزىنىڭ يىغىندىن بۇرۇن كوماندىروپكىغا چىقىش، يىغىنغا قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىگە يېتەرلىك ئەجىر سىڭدۈرەلمىگەنلىكىنى، ماقالىنى ئىككى كۈن ئىلگىرىلا ئاران كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى. ماقالىلەر ئوقۇلۇپ، باھالار بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئالىمىرات ئالدىمغا كېلىپ ماقالىلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرىنىڭ ئىنگلىزچە قىسمىنى كۆرۈپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ماقالىلەرنى ئۆيۈمگە ئەكېتىپ ئىنگلىزچە قىسمىنى كۆرۈپ ۋە شۇ يۇرتتە باشقا بەتلىرىنىمۇ ۋاراقلاشقا ئۈلگۈردۈم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۈچ ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئىنگلىزچىگە سۆزمۇ-سۆز ئۆرۈپ قويۇلغان، خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ خاتالىق جىق، تېما تويۇنمىغان؛ قۇرۇلمىسى يوقتا ئەمەس ئىدى. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ماقالىلەرنىڭ ئىنگلىزچە قىسمىنى تەھرىرلەپ ئىگىلىرىگە ئايرىپ بەردىم. ئەمما، ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا باھالىنىشتىن ئۆتۈپ بولغاچقا ، مەزمۇنى ، قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى دېمەي ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم .

بۇ كۆرۈنۈشتە ئىپادە بولۇۋاتقىنى پەقەت ئايرىم بىر ھادىسە ھەم بىر شەكىل. ئەمما ئۇ نۇرغۇن نۇقتا ھەققىدە مېنى تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلدى. ئەلۋەتتە، ئەمدىلەتىن قانات - قۇيرۇقلىرى يېتىلىۋاتقان ئىلىم تەتقىقاتى ساھەيىمىزگە غەربنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ئۆلچىمىنى قويغىلى بولمايتتى. يىگىرمە - ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئىلىم تەتقىقاتىمىزدا بەزىبىر ئىلگىرىلەشمۇ بارلىققا كەلگەندى، بۇنى كۆرمەي بولمايتتى. ئەمما، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنى جەريانىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەزى ئىشلار مېنى ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش لايىھەلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى .

بۇ ماقالىنىڭ تېمىسىلا بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى تېمىدا ئادىمىيەت سۆزى ئىجتىمائىيەت سۆزىگە يانداش يېزىلغان. ئەمما، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ دائىرىسى، تەبىرىنى تېخى ئېنىق ئايرىپ چۈشەنگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا پەنلىرىنى ئىجتىمائىي پەن دەپ چۈشىنىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دەپ ئايرىلىدۇ. خاتا چۈشىنىش ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىق، ئېتىكا پەنلىرى ئادىمىيەت پەنلىرى (Humanities, 人文科学) دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىجتىمائىي پەن (Social Sciences, 社会科学) جەمئىيەتشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پسىخولوگىيە پەنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىدا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ چېكى، دائىرىسى ھەققىدىكى ئۇقۇم مۇجمەللىكىدىن باشقا بىر قانچە خاتا تونۇشمۇ مەۋجۇد .

مەن بۇ ماقالەمدە يۇقىرىقى نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتامدۇ دېيىلسە، قايسى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، نېمىشقا ۋە قانداق ساقلىنىۋاتىدۇ؟ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ساقلانغان مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش مۇمكىن؟» دېگەن ئۈچ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمەن. بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بۇ تېمىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بارغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتىم جەريانىدا يىغقان بىر قىسىم خام ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرنى تەھلىل قىلىمەن ۋە ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىنەزەرلىرىمنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن يورۇتۇشقا تىرىشىمەن. مەن بۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن «ياندىن كۆزىتىش» (Particpan Observation 参与性观察)، «زىيارەت قىلىش» (Interview 访问)، «ئېيتىم ئانالىزى» (Discourse Analysis, 话语分析) قاتارلىق سۈپەت تەتقىقاتى مېتودلىرىدىن پايدىلاندىم. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلار بويىچە كەڭ كۆلەملىك راي سىناش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، مۇناسىۋەتلىك سان- سىپىرلارغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، سان - مىقدارلىق تەتقىقات مېتودى ئىشلىتىشكە ئامالسىز قالدىم. ماقالەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىش قىسمىدا بىر قانچە نۇقتىنى تەھلىل قىلىمەن. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلى مۇھەررىرىنىڭ 2008 - يىلى مارتتا «ئىنتىل» تورىغا چىقارغان پۈلغا «ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىسى» بېسىش ھەققىدىكى ئېلانى؛ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى؛ ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلىنمايدىغان ھېسسىي يازما كېسەللى؛ ئىككى يىل بۇرۇن «ئىزدىنىش» تورىدا بولۇنغان «ئۇيغۇرلارغا پەلسەپە كېرەكمۇ؟» دېگەن مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى؛ «بەرقىي» تورىدا 2009 - يىلى بولۇنغان يۈسۈپ ھۆسەيىن قەقنۇس يازمىلىرى ۋە ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئانىڭ «ھېچنېمىزم خىتابنامىسى» نى چۆرىدەپ بولۇنغان تەنقىدىي مۇنازىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ۋە بىر ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرىنى زىيارەت قىلىپ ئېرىشكەن ئۇچۇرنىڭ نەتىجىسىنى نۇقتىئىنەزەر ئاساسى سۈپىتىدە مۇھاكىمىگە قويىمەن .

ماقالەمنىڭ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە قىسمىدا بىلىم ، تونۇش ۋە

جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى، گېرمانىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس كارل مەنخېيىم (Karl Manheim, 1947-1893) نىڭ نەزەرىيەلىرىدىن؛ بىلىم بىلەن ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن فىرانسىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر مىچېل فۇكاۋ (Michel Foucault, 1924- 1986) نىڭ نەزەرىيەلىرىدىن؛ ماكرولۇق كونتروللىنىڭ بىلىش جەريانى ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى شەرھلەش ئۈچۈن كارل ماركس(Karl Marx, 1883-1818) نىڭ نەزەرىيەلىرىدىن؛ تونۇشنىڭ بىر قانچە باسقۇچىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى، فىرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر ئاۋگۇست كومت (Auguste Comte, 1857-1798) نىڭ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئىدىيەلىرىدىن؛ ئىجتىمائىي پەندە خاتا بىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقى ۋە ۋاقىتلىق بولسىمۇ قىياس، نەزەرىيەۋى مودېل يارىتىشقا تىرىشىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئاۋسترىيەلىك مەشھۇر ئىجتىمائىيەت پەيلاسوپى كارل پوپپېر (Karl Popper, 1994-1902) نىڭ ئىدىيەلىرىدىن پايدىلىنىمەن. ماقالەمدە ھەربىر نۇقتىئىنەزەرنى ئەمەلىي پاكىت ۋە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە بىلەن چېقىشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۇرۇنۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، ھازىر خەلقئارا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىدا ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېسسىي ھۆكۈملەر ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس؛ ھەربىر نۇقتىئىنەزەرگە دەلىل ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس كۆرسىتىش ئاساسىدا ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلىشىمىز زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتلەنگەن تونۇش ئاساسىدا ئېرىشكەن تەسىراتىمىز كۆپىنچە خاتا بولۇپ چىقىدۇ؛ بىز يازمىلىرىمىزدا ئۆزىمىز بايقىغاندەك ھېس قىلغان تالاي نۇقتىئىنەزەرنى باشقىلار ئالللىبۇرۇن مۇھاكىمە قىلىپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ بولغان بولىدۇ. ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ يازمىلىرىمىزنى ئىلمىيلىك، تەتقىقات نۇقتىلىرىدىن قويۇلىدىغان ئۆلچەملەرگە يەتكۈزەلمەيمىز. بۇ يازمام بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ۋە تەتقىقاتىم ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتىمىزدىكى خىلمۇ خىل چەكلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنى ئۈچۈن، قاراشلىرىمدا يەڭگىللىك، مۇھاكىملىرىمدە چولتىلىق، دەلىل ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىمدا يېتەرسىزلىك كۆرۈلۈشى ئېھتىمال. شۇنداقتىمۇ، مەن ئېغىر مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى يېزىقچىلىقىمىزدا خەلقئارادا ئېتىراپقا ئېرىشىۋاتقان ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىلىرى ئۆلچىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى دادىل سىناقلارنى قىلىشقا مەجبۇرمەن .

بۇ ماقالىدە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە بىر قانچە نۇقتىئىنەزەرنى ئىلگىرى سۈرىمەن .

بىرىنچى، ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتى ساھەلىرىدە بىر مۇنچىلىغان مەسىلە ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى يەنە ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ، يەنە سۇبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە يەنە كونتېكىستىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر قاتارلىق ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. يەنى ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ماغزاپ بىلىم تەتقىقاتى، ساختا بىلىم ۋە ۋاقتى ئۆتكەن بىلىم ھادىسىسى؛ ساختا تەتقىقات ۋە كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىسى: ئوقۇرمەن كرىزىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. يەنى سۇبيېكتىغا، يەنى بىلىم ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان بىلىم ئىگىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ماددىغا ، تاۋارغا چوقۇنۇش: مەدەنىيەت ۋە تونۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىش: نەزەرىيەدىن، نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق تەتقىقات يۈزلىنىشىدىن، تەتقىقات ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولۇش: ھەممىنى شارائىتقا دۆڭگەپ، ئىمكانىيەت ئۈستىدە ئىزدەنمەسلىك: ئىلىم ئەخلاقى كەم بولۇش سەۋەبلىك دىئالوگلاشماسلىق، ھەمكارلاشماسلىق ۋە ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش؛ ئىلمىي ئۆتكەلگە مەسئۇل مەتبۇئاتلار ۋە ژۇرناللاردا چۈپقەتچىلىك، چىرىكلىك، چاكىنىلىق ئەۋج ئېلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. پەننىڭ كونتېكىستىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي كونتروللىنىڭ چەكلىمىسى، كەسكىن- جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي ھاۋانىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەدە بىر مۇنچە مەسىلىنىڭ دۆۋىلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى .

ئىككىنچى، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلە ئاخىرى بېرىپ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەتقىقاتلىرى ۋە بۇ ساھەلەرنىڭ نېمىنى يەۋاتقان زىيالىيلارنىڭ تەرەققىياتى، مەنپەئەتىنى توسالغۇغا ئۇچراتتى. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە ھەقىقىي مەنىدىكى، خەلقئارادا ئېتىراپقا ئېرىشىۋاتقان ئىلمىي ئۆلچەمگە ماس كەلگۈدەك ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى بارلىققا كەلمىدى. ھازىرغىچە بۇ ساھەلەردە يېزىلىۋاتقان يازمىلار ھېسسىيلىقتىن خالىي بولالمىدى. تۆتىنچى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە، ئىستراتېگىيە بەلگىلەشتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشمىدى. بۇنى 21- ئەسىردىكى زامانىۋى دۇنيادا بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال دېمەي ئامال يوق. بەشىنچى، بۇ ساھەلەردە مۇئەييەن بىر قاتتىق ئۆلچەم ۋە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ئالىملار بولمىغاچقا، ھەركىم خىيالىغا كەلگەننى يېزىپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمايدىغان، تېمىنى، ماۋزۇنى ۋاشاڭ - پاخال قىلىۋېتىدىغان، ئەمما ئىلمىي ئۆلچەمگە يەتكۈدەك بىلىم تېپىلمايدىغان، خېلى كۆپ قىسىم كىشى، ھەتتا زىيالىيلار ئارىسىدا ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان غەلىتە، بىنورمال ھادىسە بارلىققا كەلدى. ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرى ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار قوشۇنى كېيىنكى يىگىرمە- ئوتتۇز يىل ئىچىدە بۇ خىل ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن پىلانلىق، ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەتكە ئۆتۈشى، ھەمكارلىشىشى؛ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇل سېلىشى زۆرۈر. ئۇنداق

بولمايدىكەن، ئىزىمىزدىن ئۆنگەن تىكەنلەر ئەۋلادىمىزنىڭ پۇتىغا سانجىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقلار ۋە مەسىلىلەر شۇ ساھەدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ گۆرىنى كولايدۇ. ئاخىرى بىرىپ بىر پۈتۈن قوۋم ئارىسىدا نادانلىق باش كۆتۈرۈپ، ساختا بىلىمدانلار ئۆزىنى ئالىم كۆرسىتىدىغان بىنورمال ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ.

## 2 . مەسىلىنىڭ ئىپادىلىرى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ بىخلىنىشى ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن باشلانغان. گەپ بۇنداق ئېيتىلغاندا، تەبىئىي يوسۇندا ھەرخىل سوئال، گۇمان ۋە ھەتتا رەددىيە تۇغۇلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىن 20 ـ ئەسىردە تۇنجى بولۇپ جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) نىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىرىگىچە، نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدىن مۆجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسىقيۇن» ناملىق ئەسىرىگىچە بولغان تالاي ئەسەر ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى دائىرىسىگە كىرمەمدۇ؟ سوئال بۇنداق قويۇلغاندا، تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ تەبىرى، ئىجادىي ئەسەر بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسىرىنىڭ پەرقىنى ئېنىقلاش تەقەززاسى تۇغۇلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، نەۋائىينىڭ، مۆجىزىينىڭ ۋە «ئۇيغۇر بالىسى» ـــ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ بىر خېمىرتۇرۇچى بولغان پىكىر ۋە ئىدىيە تېپىلىدۇ. ئەمما قالغان خېمىرتۇرۇچلىرىدىن بولغان لوگىكىلىق ئانالىز، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر تېپىلمايدۇ؛ ھەم ئۇ ئەسەرلەردە ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئېنىقكە شەرھلەنمىگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي ئەسەر. ئىجادىي ئەسەر، جۈملىدىن دىداكتىك داستانلار، رومانلار، شېئىر ـ قەسىدىلەر، قىسسە ـ رىۋايەتلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى قاتارلىقلار ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا كىرىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئىجادىي ئەسەر ئىلىم تەتقىقاتى ئەسىرى ئەمەس، بەلكى ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ بىر ئوبيېكتى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1956 ـ يىل 3 ـ سانىغا، خەنزۇچە 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىسى ئۇيغۇرلاردا ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ تۇنجى ئۈلىنى سالدى دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشلاپ بەرگەن ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتى باشلانغۇچ شەكىلدە 1978 ـ يىلىدىن كېيىن باشلاندى. مەرھۇم ئالىمنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «فارابىينىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان ئۆلچىمىگە

توشۇپ كەتمەيتتى. ئەمما، ھەر ھالدا ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنى، ياشىغان دەۋرلىرىدىكى چەكلىمىلىكلەرنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇلارنى بۇ ساھەدىكى ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەرگەن ئەسەرلەر دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلشۇناسلىق، تارىخ، فولكلور، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى بىر يۈرۈش تەتقىقات يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى قىسمەن دائىرىدە تولدۇردى. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن باشقا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى ،مەھمۇد زەئىدىي، شەرىپىددىن ئۆمەر، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر قاتارلىق تەتقىقاتچىلار؛ ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، نۇرمۇھەممەت زامان قاتارلىق تەتقىقاتچىلار؛ فولكلوردا ئابدۇكېرىم رەھمان، ئوسمان ئىسمائىل تارىم قاتارلىق تەتقىقاتچىلار؛ ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىدە مۇھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ماخمۇتجان ئىسلام، يالقۇن روزى، ئەكبەر قادىر قاتارلىقلار؛ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي، ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت... قاتارلىق تەتقىقاتچىلار؛ قەدىمكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىدا تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، مۇھەممەترېھىم سابىت، دىلدار مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجرى ۋە تىرىشچانلىقى بەدىلىگە كەلگەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە رويابقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1985 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىدىكى باشلامچىلاردىن باتۇر روزى «نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىللىق پاجىئە» قاتارلىق ماقالىلىرى ، ئابدۇقادىر جالالىددىن «ئۆتكۈردىن بوشلۇققا قاراپ» قاتارلىق ماقالىلىرى، ئادىل تۇنىياز «شېئىر كۆلۈمىسىرىمەكتە» قاتارلىق ماقالىلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەتقىقاتىغا بەزىبىر يېڭى چۈشەنچە، يېڭى ئۇقۇملارنى ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭى چۈشەنچىلەردىن ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا زەرەتلەنگەن يازمىلىرى ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئاز ـ تولا بولسىمۇ ھەسسىسىنى قوشتى.

ھالبۇكى، 1980 ـ يىللاردىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان نۇرغۇن ئىلىم تەتقىقاتى ئەسىرى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان نۇقتىلارنى نەقىل شەكلىدە بەرمەسلىك ياكى كەمدىن ـ كەم بېرىش؛ قىزىقتۇرغان ھۆكۈملەرگە ئالدىراش، ئىزاھ ۋە نەزەرىيە قىسمى بولماسلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلە ساقلاندى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە قارايدىغان بولساق، ئالىمنىڭ ئۆزى تەھلىل قىلىۋاتقان ئاپتورلارنىڭ ئىدىيەسىنى پەقەتلا فېيىرباخ پەلسەپەسىنى ۋە ماركسىزم نۇقتىسىدىنلا باھالاپ ئۆتكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەمەلىيەتتە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قەلەم تەۋرەتكەن ئاشۇ يىللاردا خەلقئارادا ماركسىزمدىن باشقا ئامېرىكىلىق ئالىم تالكوت پارسونس ئۇلىنى سالغان فۇنكسىيىزم (Functionalism, 功能主义)، فرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس لېۋ ستراۋس ئۇلىنى سالغان قۇرۇلمىچىلىق (Structuralism, 结构主义)، فرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرىدىن دېرىدا، مىچېل فۇكاۋ ئۇلىنى سالغان كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق (Post-structuralism, 后结构主义)، فرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرىدىن لئوتارد، بوردىليارد قاتارلىقلار راۋاجلاندۇرغان كېيىنكى مودېرنىزم (Postmodernism ,后现代主义) قاتارلىق ھەرخىل پىكىر ئېقىمى ماركسىزملىق پىكىر ئېقىمىدىن ئۆزگىچە يېڭى نۇقتىئىنەزەر - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارالىق ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن بىر چاغلار ئىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىككى ساھەدە ماركسىزملىق پىكىر يولى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان باشقا پىكىر يوللىرىدىن خەۋەرسىز قېلىشى، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماركستىن ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئىدىيەلىرىنىمۇ ماركسىزم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشى بىر گۆدەكلىك ئىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندىن كېيىن ئۇزۇكچىلىك كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تەتقىقات رېلىسىنى ياش دوكتورلاردىن ئەسەد سۇلايمان، ئىقبال تۇرسۇن، ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت، ئەنۋەر سەمەد قورغان قاتارلىقلار ئۇلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسەد سۇلايمان ئوقۇرمەنلەر بىرقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمما گاڭگىراپ قالغان نۇقتىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «تەكلىماكانغا دۇملىنىگەن روھ»نى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان بىر يۈرۈش ماقالە ئېلان قىلدى ۋە ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى؛ ئۇنىڭ يازمىلىرىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىدى. ئەمما، قىزىق يېرى، خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىدىن تولۇق خەۋىرى بار بۇ دوكتورلارنىڭ ھېچقايسىسى يازمىلىرىدا خەلقئارا ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى تەتقىقات مېتودلىرى ۋە شۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى تەتبىقلىمىغان، ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ئۆز تونۇشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىگەنىدى. ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىدىكى ئەقەللىي ئۆلچەملەردىن بولغان تەتقىقات سوئالى بولۇش، ئېنىق نۇقتىئىنەزەر بولۇش، نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ۋە نەزەرىيە بولۇش ۋە ئاخىرىدا لوگىكىلىق مۇھاكىمىلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىق نۇقتىلارنى بۇ ياش دوكتورلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن تاپقىلى بولمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسەد سۇلايماننىڭ تەسىرى، نوپۇزى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان «تەكلىماكانغا دۇملىنىگەن روھ» دېگەن داڭلىق ماقالىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئېنىق بىر تەتقىقات سوئالى يوق، نۇقتىئىنەزەرلەر ئىنچىللىقتا ئىگە خام ماتېرىيال ۋە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەر ئاساسىدا يورۇتۇلمىغان. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىچە ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەب نۇقتىلىق ھالدا ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا باغلاپ قويۇلغان ۋە مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باشقا ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى ياكى مۇھاكىمە قىلىنمىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا تەتقىقاتچى دۇچ كېلىۋاتقان چەكلىمىلىكلەر ۋە ئوبىيېكتىپ شارائىتنىڭ يار بەرمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، مەلۇم بىر ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب كۆپ تەرەپلىملىك بولىدۇ. تەتقىقاتتا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بىرلا نۇقتىغا باغلاپ قويۇش قارارچىلىق (Determinism , 决定论) ياكى يەككە ئاملچىلىق (Reductionism . 简化论) دەپ ئاتىلىدۇ ۋە قارشى ئېلىنمايدۇ. بايا تىلغا ئېلىنغان تەتقىقاتچىلاردىن يەنە ئىقبال تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئېڭى»، ئەنۋەر سەمەد قورغاننىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئەدەپ ۋە ئەخلاق» ، «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر» ناملىق ئەسەرلەر مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن يېزىلغىنىغا قارىماي، بۇ ساھەدىكى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىدىغان نوپۇزلۇق نەزەرىيىلەردىن قىلچىلىكمۇ پايدىلانمىغان. توغرىراقى، بۇ تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى يوق بوپقالغان. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقە لېۋ ستراۋس (Levi-strauss, 2006-1908)، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس كلىففورد گېرتس ( Clifford Geertz, 1926) ۋە مارشال ساخلىنس ( Marshal Sahlins, 1930) نىڭ نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى تەتبىقلىماي تۇرۇپ ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ئېڭى، ئۆلۈم ئېڭى ۋە مازار تاۋاپ قىلىش ئېڭى ھەققىدە ئىلمىي بىر مۇھاكىمە يۈرگۈزگىلى بولمايتتى. گەپ بۇنداق ئېيتىلغاندا، ئېھتىمال «ئۇلار غەربنىڭ ئىنسانشۇناسلىرى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچنېمە يازمىغان تۇرسا، ئۇنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىقاتتا تەتبىقلاپ نېمە كەپتۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تۇرغان گەپ. ئەمەلىيەتتە، ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن چىقماي تۇرۇپ تونۇشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان، ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە نەزەرىيىۋى قۇرالىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ غەرب ئىدىيەلىرىگە قارىغۇلارچە باھا بېرىدىغان خاھىش مەۋجۇد. مەيلى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى بولسۇن ۋە مەيلى جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى بولسۇن، ئاۋۋال غەربتە راۋاجلانغان؛ جۇڭگوغا بولسا ئۇ پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسىم ئېلېمېنتى 1980 - يىللاردىن كېيىن سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. توغرا، بايا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى ھېچقاچان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرمىغان؛ ئەمما ئۇلار ئاسىيادىكى ھىندونېزىيە، ئافرىقىدىكى ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، بىر يۈرۈش كۈچلۈك نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاشۇ نەزەرىيە سىستېمىلىرى

www.uygurkitap.com

ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقئارالىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدە تەسىرنى يوقاتماي، بۇ پەننىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. مەن بۇ ئارقىلىق ھەرگىزمۇ بىرنەچچە غەربلىك ئالىمنىڭ ئىدىيەلىرىنى تەتبىقلىمسا ئىلىم تەتقىقاتى بولمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە، بۇ ساھەنىڭ نېمىنى يەۋاتقان دوكتورلىرىمىزنىڭ ئۆز ساھەسىدە خەلقئارادا نېمە بەھس ـ مۇنازىرە ۋە يېڭى گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشى زۆرۈر ئىدى دېمەكچىمەن. ئەگەر ياش دوكتورلىرىمىزمۇ بۇ ئىشتا تىرىشمىسا ۋە تەتقىقاتنى، پەقەت بولمىغاندا خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تەتقىقات ئۆلچىمى مېتودلىرىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئىشلەتمىسە، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىمىزنىڭ ئىزچىل دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىشى تۇرغان گەپ .

مەن بۇ يەردە دوكتورلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن مىسال ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى چۆكۈرمەكچى ياكى تەنقىد قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى بىر مەسىلە، دەل تەتقىقاتچىلىرىمىزدىكى ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز تونۇشىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىيالماسلىق» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى. بۇ ھال تەتقىقاتىمىزنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئۆلچەمدىن تولا تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى .

مەن چەت ئەللەردىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان كىتابلىرىنى ۋاراقلىغىنىمدا بىر ئىشنى ئازاب ئىچىدە بايقايمەن. يەنى چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى يازغان تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن پايدىلانمايدىكەن. مەسىلەن، گېرمانىيە ئۇيغۇرشۇناسى ئىلدىكو بېللېرخان (Ildiko Beller-Han)«جامائەتچىلىكنىڭ كۆچى: شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىنسانشۇناسلىقى» دېگەن تەتقىقات ئەسىرىدە ۋە ئەنگلىيە ئۇيغۇرشۇناسى راچېل خاررىس (Rachel Harris) «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ھەققىدىكى ئەسىرىدە شۇ ساھەدە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ تولا بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل ئالمىغان. كېيىن بىلسەم، چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى «سەۋىيەسى تۆۋەن، ھېسسىياتقا بېرىلىدۇ» دەپ قاراپ ھېسابقا ئېلىپ كەتمەيدىكەن. بۇ نۇقتىنى ئەسەد سۇلايمانمۇ دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، 2007 ـ يىل 31 ـ دېكابىردا يالقۇن روزى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي قاتارلىق زىيالىيلار بىلەن ئۈرۈمچىدىكى «جام چايخانىسى»دا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا ئەسەد سۇلايمان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئانچە بەك ھېسابقا ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى. ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇش داۋامىدا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار يازغان ئەسەرلەرنىڭ چەت ئەل ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن نېمە ئۈچۈن نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەتقىقاتى يۇقىرى ئۆلچەم، جىددىي پوزىتسىيە، سوغۇققان پىكىر يولى، ئىلمىي تەپەككۇر ۋە دەلىللىك نۇقتىئىنەزەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سەۋىيىسى بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ خەلقئارالىق ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا خېلى بىر مەزگىل ۋاقىت بار .

## پاكىت تەھلىلى (2)

## ئىلىم ھايانكەشلىكى، ماغزاپ بىلىم، ساختا تەتقىقات

2008 ـ يىلى مارتتا «ئىنتىل» توردا ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى پۇلغا ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىسى بېسىش ھەققىدىكى تېمىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ مېنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەمگە ناھايىتى جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان، تارا جايا چېكىۋاتقان ۋاقتىم بولغاچقىمۇ ئېرىشتاۋۇر، بۇ خەۋەردىن بەكلا چۆچۈپ ئۆزۈمنى ھەم غەزەپلەندىم .

بۇ تېمىنىڭ ئىنتېرتوردا پەيدا بولۇشى كەم دېگەندە مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن ئىلىم ھايانكەشلىكىدىن ئىبارەت جىنايەتلىك، نومۇسلۇق بىر ئىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق بىر ئىشقا ئايلانغانلىقىدىن؛ مۇشۇنداق چاكىنىلىق ۋە يۈزچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىدا، مەتبۇئاتلاردا مەلۇم دەرىجىدە يىلتىز تارتىشقا ئۈلگۈرگەنلىكىدىن، ئەڭ مۇھىمى كىرىزىس، خارابلىق ئىچىدە قالغان ئىلىم تەتقىقاتى ساھەيىمىزدىن دېرەك بېرەتتى. نېمىدېگەن چۈشىنىكسىزلۇشىدىن قورقىشىمىزدەر، بۇنداق ھادىسىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. بىر نەتىجە ئىنكاستا ئۇ تېمىنى چىقارغان تورداش قاتتىق تەنقىدلەندى. مەن ھەرھالدا ئىلمىي، ئاكادېمىيە ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ يەنىلا كۆپلۈكىگە چىنپۈتتۈم .

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە قايتتىم. يۇقىرىقى ئىش بەك تەسىر قىلغاچقىمۇ، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنىڭ، مۇھەررىرلىرىنىڭ، ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بىكىر ئىگىلىدىم. ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنىڭ سەۋىيىسى ھەقىقەتەنمۇ تۆۋەن ئىدى. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بىر قانچە نوپۇزلۇق تەتقىقات ژۇرنىلى باشقا يازمىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. كۆپ قىسىم ماقالىدە يا بىر مۇستەقىل نۇقتىئىنەزەر، يا بىر دەلىل ـ ئىسپات يوق ئىدى، نەقىل ـ ئىقتىباس قىسمى بېرىلمىگەنىدى. ئىنتېر توردىن، باشقىلارنىڭكىدىن كۆچۈرۈلگەن ئەسەرلەر كۆپمۇ ـ قانداق؟ دېگەن ئوي بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ماڭا ئۆزىنىڭ ئۈچۈن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ياكى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ژۇرنالنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش ھوقۇقى ئۆزىدە بولمىغاچقا ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئېغىر خورسىندى .

— بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆستۈرۈلىدىغان ئىشى بار ئىدى، پۇل بېرىپ چىقىرىپ بېرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەلۇم بىر تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرىدىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەش نىيىتىم بار ئىدى.

— چاتاق يوق، — دېدى مۇھەررىر كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، — سىزنىڭ تونۇشىڭىز بولغاندىكىن ئەرزانراق چىقىرىپ بېرىسەك بولىدۇ. باشقىلارغا 400 يۈەن دەيتتۇق. بوپتۇ، سىزنىڭ تونۇشىڭىز بولغاندىكىن 200 يۈەن ئېلىپ كەلسە بولىدۇ.

مەن ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىغا بۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان

*مۇھەررىرلىرنى كۆپلەپ ئۇچراتتىم. بەش ژۇرنالنى ئوقۇشقا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېقىنقى ئون يىللىق سانلىرىدا ماغزاپ بىلىم، ساختا بىلىم، ۋەھىي ئۆزگەرگەن بىلىملەرنى تەتقىقات دەپ كۆتۈرۈپ چىققان پارچىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. كىتابخۇمار، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىغا يۈكسەك تەلەپ قويىدىغان بىر نەچچە ئوقۇرمەن بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتى ژۇرناللىرىدا چىقىۋاتقان ماقالىلەرنى ئوقۇيدىغان- ئوقۇمايدىغانلىقىنى سورىدىم .*

*— ئوقۇغۇدەك بىر نەرسە يوق، — دېدى ئۇلار كېلىشىۋالغاندەكلا، — ھازىر ئىلمىي تەتقىقاتى ژۇرناللىرىدا چىقىۋاتقان ماقالىلەردە تۈزۈك نەم قالمىدى. بۇچىرەك - باغال . ئوقۇغىنىمىز بىكار.*

*ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە خۇسۇسىي كىتابخانىنى ئايلاندىم. بىر كىتابخانىدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى سانلىرىنى ئۇچراتقىنىمدىن باشقا، باشقا كىتابخانىلاردا ئىلمىي تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنى ئۇزۈك ئۇچراتمىدىم. ئەھۋال ئىگىلىشىمگە قارىغاندا، ئوقۇرمەنلەر كۆپىنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئامراق ئىكەن. ئىلمىي تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنى كىتابخانىغا سالغان بىلەنمۇ ئالىدىغان ئادەم ئاز ئىكەن. ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەسەد سۇلايماننىڭ كىتابلىرى تېزراق ئۆتىدىكەن.*

ئۇيغۇرلاردا «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»...قاتارلىق بىرقانچە مەتبۇئاتتىن باشقا ژۇرناللار ئاساسەن 1978 ـ يىلىدىن كېيىن بارلىققا كەلدى. بايا تىلغا ئېلىنغاندەك، تەتقىقات ساھەسىدە 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نىسبەتەن گۈللىنىش مەنزىرىسى پەيدا بولدى. ئۇ چاغلاردا چوڭ ھاجى باش مۇھەررىرلىكىدىكى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئەكبەر ھۇسەيىن باش مۇھەررىرلىكىدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، قۇربان مامۇت باش مۇھەررىرلىكىدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بىرقەدەر سۈپەتلىك ماقالىلەر ئېلان قىلىناتتى، ژۇرناللارنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. 1990 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مەتبۇئاتلارغا بىر مۇنچە سەلبىي تەسىرنى تاڭدى. بەزى مەتبۇئاتلار ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىچىدە قېلىپ ھەرخىل چارە ـ ئامالنى ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەنە شۇنداق مۇشكۈل ئەھۋاللاردا بارلىققا كەلگەن غەلىتە تۆرەلمە- پۇلغا ماقالە ئېلان قىلىش ھادىسىسى مانا ئەمدىلىكتە يامراپ، جەمئىيەتلىشىپ، كۆپ قىسىم ئىلمىي تەتقىقاتى ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ نەزىرىدە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تەبىئىي ھادىسىگە ئايلاندى. بۇ ھال ئىلمىي ھايانكەشلىكى، ساختا بىلىم، ماغزاپ بىلىم، نەشرىيات بىدىكلىكى ۋە تىكىپ ـ سۆكۈپ قۇراشتۇرۇۋېتىلگەن ساختا تەتقىقاتلارنىڭ، توغرىراقى، ئىلمىي خارابىسىنىڭ بىر ئېچىنىشلىق ھادىسە سۈپىتىدە رېئاللىقىمىزدا بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىدا ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان، بەزى يازارمەنلەر ئارىسىدا تەتقىقاتنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدىغان بىنورمال ۋەزىيەت شەكىللەندى. ناھايىتى ئاز ساندىكى تەلەپچان مۇھەررىرلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز، مىللەتنىڭ ئەقلىي مىراسىنىڭ داۋاملىشىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىسىم ھوشيار ئوقۇرمەنلىرىمىز بولسا بۇ ھالدىن ئەنسىرىمەسلاندى، خورسىندى. ئەمما، بۇ بىر جەمئىيەتلەشكەن ھادىسە بولغاچقا، بىردىن ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇنداق بىنورمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلى دېگەن نېمە؟ ئىلىم تەتقىقاتى دېگەنچۇ؟ ئىلىم ساختىپەزلىكىنىڭ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىغا كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرى نېمە؟ مۇشۇ سوئاللار مېنى ئازاب ئىچىدە ئويلاندۇرىدۇ. ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلى بىر مىللەتنىڭ، بىر قوۋمنىڭ ئەقىل خەزىنىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ؛ ئىلىم ئاشنالىرىغا ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن راسلانغان مەيدان؛ ئەقلىي مىراسلارنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلايدىغان رېلىس. ئىلىم تەتقىقاتى بولسا-بىر مىللەتنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى، ئىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئىنكاسى. ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم تەتقىقاتى قۇرۇق گەپ سېتىش ئەمەس، بەلكى بىر ئىجتىمائىي توپ كىشىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەستايىدىل دىئالوگنىڭ مەلۇم بىر دەۋر، مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئىلمىي بىلىشىنىڭ نەتىجىسى. ئىلىم ساختىپەزلىكىگە يول قويۇۋاتقان، سۈكۈت قىلىۋاتقان بىر مىللەت ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولاۋاتقان؛ ئەۋلادلىرىغا ئىلىم خارابىسىنى، دات باسقان ئەقلىنى مىراس قالدۇرۇش ئالدىدا تۇرغان مەغلۇبىيەتچى مىللەتتۇر. بۇنداق ئېچىنىشلىق ھادىسىدە پۇچەكلىك ئەۋج ئالغان ئىلىم مۇھىتىنىڭمۇ ئىگىسى مادىدىلىشىپ كەتكەن- مەسئۇلىيەتسىز، جان باقتى مۇھەررىرنىڭمۇ، بىخۇد، ئىجتىمائىي گاس ئوقۇرمەننىڭمۇ، ئىلىمنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈشنىڭ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدىغان بىر گۇمراھ يازارمەننىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ئېچىنىشلىق سەلبىي ئاقىۋەت پەيدا قىلماي قالمىدى. تەتقىقات ساھەيىمىزدىكى ئىلىم ساختىپەزلىكى؛ ساختا بىلىم، ماغزاپ بىلىم ھادىسىسى نۇرغۇن ئوقۇرمەننى ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇمايدىغان، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان ھالەتكە مۇپتىلا قىلدى. مەسىلەن، بىزنىڭ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىمىز ساھەسىدىكى تالانت ئىگىلىرىدىن داۋۇد ئوبۇلقاسىم پەلسەپە تارىخىنى رومان، ۋەقەلىك شەكلىدە ناھايىتى چۈشىنىشلىك يورۇتۇپ بەرگەن «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق داڭلىق كىتابنى ۋە «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقارغاندا، تاھىر ھامۇت «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرى» ناملىق كىتابنى مىڭ تەستە تۈزۈپ، ئۆزى پۇل خەجلەپ يورۇقلۇققا چىقارغاندا، بۇ كىتابلارنى سېتىۋالىدىغان ئوقۇرمەنلەر ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ «كاككۇك قونغان تال» ناملىق مۇھەببەت ھېكايىلىرى توپلىمىنى، ھۇسەنجان ئابدۇۋەلىنىڭ «كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل» ناملىق مۇھەببەت تېمىسىدىكى رومانىنى سېتىۋالىدىغانلاردىن ئاز بولۇپ چىقتى[4]. تاھىر ھامۇت ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ نەشردىن چىقارغان كىتابىدىن زىيان تارتتى [5]. مەمتىلى ئەخەت يازغان «ياشىق پەلسەپىسى»مۇ تۈزۈك بازار تاپالمىدى. بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

يارامىلىق زىيالىيلىرىمىزمۇ ياشىشى، ئۆز ئەجرىگە تۇشلۇق نېسىۋىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئەجرىگە تۇشلۇق تۈزۈك ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن بۇ بىلىم ئىگىلىرى ئەمدى تىجارەت قايىنىمىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. مەن ئويلايمەنكى، داۋۇد ئوبۇلقاسىمدەك، تاھىر ھامۇتتەك يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر ئىگىلىرى–زىيالىيلىرىمىزنىڭ ياشاش ئۈچۈن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇشى بىزدىكى ئوقۇرمەن كرىزىسىنىڭ ئاقىۋىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، بىزدىكى ئوقۇرمەن كرىزىسى دەل مەن بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىلىم كرىزىسىنىڭ ئەكس تەسىرىدە پەيدا بولغاندى. ئەمدىلىكتە ئوقۇرمەن كرىزىسى نەشرىياتچى، مۇھەررىر، ئاپتورلارنىڭ ئوخشاشلا مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، غېمىگە غەم قوشىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلاندى. دېمەك ، ئىلىم تەتقىقاتىغا ساختىلىق ئىشلەتكەن تەتقىقاتچىلار، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرنىلى چىقىرىشنى ماقالە سودىسى ۋە چۆپقەتچىلىك قىلىشنىڭ پۇرسىتى قاتارىدا كۆرگەن ئاز بىر قىسىم مۇھەررىرلەر ئاۋۋال ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولىدى، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئاگاھسىز ۋە ئاغلىق يوسۇندا زىيان سالدى. مانا ئەمدىلىكتە بىز بىر قىسىم مۇھەررىرلەر نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ پۇلغا «ماقالە» چىقىرىدىغان نوپۇزلۇق ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى مۇشتەرىلىرىنىڭ نەچچە يۈزگە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 غىمۇ يەتمەيدىغان بىر بىنورمال ۋەزىيەتكە شاھىت بولماقتىمىز. بۇنى ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەيىمىزدىكى بىر پاجىئە دېمەي ئامال يوق .

## پاكىت تەھلىلى (3)

## بىر قۇتۇپقا ئېغىش كېسىلى : «ئۇيغۇرلارغا پەلسەپە كېرەكمۇ؟»

*2007 ـ يىلى «ئىزدىنىش» تورىدا «ئۇيغۇرلارغا پەلسەپە كېرەكمۇ؟» دېگەن تېمىدا ناھايىتى كەسكىن داۋاملاشقان، ئەمما نەتىجىسى كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشقان بىر مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى. تېما يوللىغۇچى بىر پەلسەپە ھەۋەسكارى بولۇپ، پەلسەپەدىن يېڭىچە بىلىملەرنى ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىنتېرنېتقا بۇ تېمىنى يوللىغانىكەن. ئارىلىقتا بۇ تېمىغا مەسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ياش ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە غەربتە پەلسەپە ۋە باشقا ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. مەن بۇ تېمىدىن ئۇرۇمچىدىكى دوستلىرىمنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق كېچىكىپ خەۋەر تېپىپ تورغا كىرگىنىمدە، مۇنازىرە كۆڭۈلسىز تۈس ئېلىشقا باشلىغانىكەن. سەۋەبى، بۇ مۇنازىرىگە ئىككى تەرەپلەر تورداش ئىشتىراك قىلىپ، «ئۇيغۇرلارغا پەلسەپە كېرەك» دېگەن تەرەپبۇزنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى مۇنايىقلىق، خائىنلىقتىن خائىنغا چىقىرىپ، «ئۇيغۇرلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام پرىنسىپلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەنىكەن. نەتىجىدە، بۇ تېمىدا ناھايىتى ئىلمىي، سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈپ، پەلسەپە ھەققىدە خېلى قايىل قىلارلىق ئىنكاس يېزىۋاتقان بىر ـ ئىككى تورداش بۇ تېمىدىن چېكىنىپ چىقىپتۇ، تېما كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىپتۇ .*

بۇ ھال مېنى ئۇزۇنغىچە ئويلاندۇرۇپ قويدى. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى يارىتىشقا تىرىششى ھەم مەۋجۇدلۇقى، ئەقلىي قۇۋۋىتى، پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پەلسەپە ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. ئەقىدىدىن، تۈپكى، روھىي پرىنسىپلاردىن چەتنىمىگەن ھالدا يېڭىچە بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىدى. ئەنە شۇنداق ئويلارنىڭ ئىلكىدە يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئىلگىرى ئاچقان «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» سىنىپىمدا ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچى مەن ھەققىدە قىسقا بىر تېما يېزىپ، «ھاۋايدىكى ئۇيغۇر ياش» تېمىسىدا ئىنتېرنېتلىرىدا ئېلان قىلىپتۇ. بۇ تېمىنىڭ مەزمۇنىدا مېنىڭ ھاۋايدا جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇۋاتقانلىقىمغا ئائىت ئۇچۇر بار ئىكەن. تېمىدىن كېچىكىپ خەۋەر تېپىپ، تېما يوللىغۇچىنىڭ رۇخسىتىمىسىز مەن توغرىسىدا بىر نەرسە يازغىنىدىن ئەپسۇسلاندىم. بۇ تېمىغا چۈشكەن ئىككى ئىنكاس كۆتمىگەن يېرىمدىن چىقىپ، ئەپسۇسلۇق خىياللىرىمنى كۈچەيتىۋەتتى. بىر ئىنكاستا: «بۇ بالا غەربنىڭ زەھەرلىك ئىدىيەلىرىنى ئۆگەنگىلى تۇرۇپتۇ ـ دە! نېمە قىلارىدى گۇناھقا شېرىك بولۇپ !» دەپ يېزىلغان؛ يەنە بىر ئىنكاستا: «بىزگە جەمئىيەتشۇناسلىق، يەنە بىر نېمەشۇناسلىق كېرەك ئەمەس، ئىسلام ئەقىدىسىلا كېرەك!» دەپ يېزىلغاندى. بۇ مېنىڭ مۇشۇ خىل كۆز قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ ئىنتېرنېتلىرىدا خېلىلا ئاۋۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرغان چاغلىرىم بولغاچقا، ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدىم. مەن ئادەتتە ئىنتېرنېتلىرىدىكى ئىنكاسلاردىن راي سىناش مېتودى سۈپىتىدە قىسمەن پايدىلىنىمەن، ئەمما ئىنتېرنېتلىرىدىكى ئىنكاسلارنىڭ مەن توغرىسىدا ۋە باشقا يەنە بىر ئادەم توغرىسىدا يېزىلغان قىسىملىرىغا بەك چىنپۇتۇپ كەتمەيمەن. ئەمما، بايىقى ئىككى ئىنكاس كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەم مەن «ئۇيغۇرلارغا پەلسەپە كېرەكمۇ؟» دېگەن تېمىنى ئوقۇپ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بىر مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، مېنى ئويغا سالدى .

مەن ئۆز تونۇشۇمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەر ھالدا بۇ ئىنكاسلارغا جىددىي قاراپ پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدىكى تەرەققىياتىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ماتېرىيال ئاختۇردۇم. بايقىغىنىم شۇ بولدىكى، ھېچقانداق بىر قۇرال كىتابتا، ھېچقانداق بىر يەردە «پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق زەھەرلىك» دېگەن پەتىۋا بېرىلمەپتۇ. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى، ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن فارابىي، ئىبنى رۇشىد قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپەۋى سىستېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن گرېك پەلسەپەسىنى ئۆگەنگەنىكەن. ئەڭ قىزىق يېرى، جەمئىيەتشۇناسلىق 19 ـ ئەسىردە پەلسەپەدىن شاخ ئايرىپ چىقىپ ئايرىم پەن بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، تۇنجى جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىچىسى غەربتىن ئەمەس، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققانىكەن. يەنى، 14 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئىبنى خالدۇن ( Ibn Khaldun,1406-1332) جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈش پرىنسىپلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ، فرانسىيەلىك ئاۋگۇست كومت، ئېمىل دۇركىملاردىن تۆت ـ بەش

يۈز يىل بۇرۇن جەمئىيەتچىلىك نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغان ۋە «مۇقەددىمە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 1958 ـ يىلى نيۇ ـ يوركتا ئۈچ توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىپتۇ (ئالبكس كاللىنكوس، 11: 1999) . يېقىنقى يۈز نەچچە يىل مابەينىدىكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، تۈركىيىلىك ئىسلام مۇتەپەككۇرى ھىلمى زىيا ئۈلكەن ئىسلام ئالىمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە يېتىشكەن جەمئىيەتشۇناس ئىكەن، «جەمئىيەتشۇناسلىق پىرىنسىپلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن [6] . بۈگۈنكى زامان ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىمى يۈسۈپ قەرداۋىي جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە ساھەسىدىكى ئىدىيەلەردىن چوڭقۇر خەۋەردار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى نۇرغۇن پەتىۋاسىنىڭ تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپتۇ [7]. بوسنىيە ـ ھېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاتىسى، داڭلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئىززەتبېگوۋىچ «شەرق ۋە غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ زامانىۋى بىلىملەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىپتۇ [8]. بۈگۈنكى زاماندىكى داڭلىق ئىسلام ئالىمى ، تۈركىيە مۇتەپەككۇرى فەتھۇللا گۈلەن غەربتىكى ئاكادېمىك سورۇنلاردا غەرب ئالىملىرى بىلەن ئىلمىي يوسۇندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن[9]. ئەمما، مەن ھېچقايسى ئالىمنىڭ پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرىنى چوڭ كۆرگىنىنى ئاڭلىمىدىم ياكى كۆرمىدىم .

ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈڭ چۈشەنمىگەن ھەقىقەتنى كەمسىتمە» دېگەن ماقال بار. پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇتلەق ھەقىقەت ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىلدىكى پەنلەردە بىز ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن تەرەپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن، پەلسەپە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز ھەققىدە بىزنى پىكىرگە ئۈندەيدۇ؛ جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي سىستېمىلار بىلەن ئىنسان ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلىق كاپىتال ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلارنىڭ يۈرۈشۈش قانۇنىيىتى ھەققىدە جىق بىلىمنى دەپ بېرىدۇ. پسىخولوگىيە ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك خاراكتېر، ئادەت، پوزىتسىيە، تونۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇتلەق بولمىسىمۇ، بىزنى ئويلاندۇرغۇدەك پىكىرلەرنى ئاتا قىلىدۇ. بىز تۈپكى ئەقىدە ـ پىرىنسىپلاردىن چەتنىمەسلىكىمىز، ئەمما بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز تونۇشىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ قارىغۇلارچە قۇربانىغا ئايلىنىپ، قەلب دەرۋازىلىرىمىزنى تاقاپ قويماسلىقىمىز، توختاۋسىز پىكىر قىلىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە ، نوقۇل پىكىر قىلىشمۇ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس.

ئەمما، بىزنىڭ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان، يۇقىرىقى ھادىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر نۇقتا شۇكى، بىر قۇتۇپقا سەكرەش ـ يەنى ئۆزى ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ قۇلى بولۇش خاھىشى ئۇيغۇرلاردا ئېغىر. مەن رېئال تۇرمۇشۇمدا پات ـ پات تەتقىقاتچىنىڭ شائىرنى، ئىقتىسادشۇناسنىڭ ئەدەبىياتچىنى چوڭ كۆرىدىغىنىنى، غەربنىڭ ئىدىيەلىرىدىن خەۋەردار بولغانلار بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئىدىيە تارىخىغا قىزىققۇچىلارنىڭ ئورۇنسىز سۈركىلىشكە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمەن. 1995 ـ يىلى يازدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىكى بىر تىلشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى ماڭا «گېپىنىڭ تەتۈرى شېئىر بولىدۇ، ئادەمنىڭ سارىڭى شائىر» دېگەنىدى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزى چۈشەنمىگەن ساھەنى تىللاش، چوڭ كۆرۈش ھادىسىسى: ئۆزى بىلگەن، ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ، ئىدىيەنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىش ھادىسىسى بىزدە ئېغىر. بۇنداق ئەھۋال ئوخشاشلا بىزنىڭ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز. مودېرنىزمنى ئۆگەنگەن بىر تەتقىقاتچى ئارۇز ۋەزنىنى چەتكە قاقسا، ئىسلام پەلسەپەسىنى ئۆگەنگەن بىرى غەرب پەلسەپەسىنى چوڭ كۆرسە؛ جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق زامانىۋى پەنلەر قارا ـ قويۇق ھالدا غەربنىڭ زەھەرلىك نەرسىسى دەپ چەتكە قېقىلسا، ئۇنداقتا بۇ ھال دۇنيا 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى، پىكىر قۇۋۋىتىگە قىلىنغان مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەيىمىزدىكى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، بۇ ساھەنىڭ ئىچىنى يەۋاتقان زىيالىيلار ئارىسىدا پىكىر ئالماشتۇرماسلىق ھەمكارلاشماسلىق، ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇش خاھىشى ئېغىر؛ تەنقىد، بەھس ـ مۇنازىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزدە ئېغىر مەسىلە بار. ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ئەخلاق يېنى، ۋىجدان يېنى بولۇشقا قارىماي، تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا ماددىي پاراغەتكە چوقۇنۇش، پۇل ـ تاۋارغا چوقۇنۇش ھادىسىسى مەۋجۇد . بۇ ھال ئىلىم ئەخلاقى، تەتقىقات سۈپىتى، ئىلمىي بىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرمۇنچىلىغان پايدىسىز ئامىلنى رويابقا چىقاردى. بىر ئىجتىمائىي پەن زىيالىيسى پۇل ـ مالنى چوڭ بىلگەن كۈنى ئۆزىنىڭ تالانتىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن بىر قەدەم تاشلىغان بولىدۇ. سەۋەبى، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى مەسئۇلىيەتچان، تېرەن پىكىر قىلىش، ئەستايىدىل ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ پۇلنىلا تونۇش ئىلىم ئىگىسىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىنى كۆرۈشتە لازىم بولىدىغان يەنە بىر كۆزىنى توسۇپ قويىدۇ؛ تەسەۋۋۇرنى ماددىيەتكە باغلايدۇ؛ نوپۇز ۋە تاۋار ئالدىدا قەددىنى باش ئەگدۈرىدۇ. فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى، قۇرۇلمىچىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرىدىن بىرى لۇئىس ئالسۇسېر (Louis Althusser , 1990 ـ 1918) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ، ئىجتىمائىي پەنلەردە «قىلىنۋاتقان پىكىرنى ئاخىرى چىقىپ ھەقدادىغا يەتكۈچە قوغلاش كېرەك» (لۇئىس ئالسۇسېر، 1984). پىكىرنىڭ ئالىي ماقامىنى يارىتىش ، ئۆزى ئىزدىنىۋاتقان تېمىدا يېڭى پىكىر ـ بايقاشنى ئوتتۇرىغا تاشلاش ئۈچۈن بىر تەتقىقاتچى ھايات غەۋغالىرى، ماددىي مەئىشەت ۋەسۋەسىسى، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئورۇنسىز سېلىقلىرىنى تەرك ئېتىشى كېرەك. بولمىسا، ئۇنىڭدىن تۈزۈك بىر نەرسە چىقمايدۇ. ئەمما، بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز

www.uyghurkitap.com

بىر بولسا تەتقىقات ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ساختا بىلىم، ماغزاپ بىلىم بىلەن توشۇپ كەتكەن يازما خارابىلىقى؛ بىر بولسا خەلقىمىزنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتى، ئەقلىي مىراسلىرىغا ھېچقانچە پايدىسى تەگمەيدىغان، ئەمما ئىقتىسادىي پايدىسى بولغان ئاتالمىش «تەتقىقات تۇرلىرى». مىسال ئۈچۈن ئالايلى، ھازىر ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر ئاسپىرانت تەربىيەلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بىر قانچىلا ساھە بار. ئۇنىڭ ئىچىدە فولكلور تەتقىقاتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىر قەدەر راۋاجلانغان بولسىمۇ، مۇشۇ دەۋردە ئىشلىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك تېما ۋۇجۇدقا چىقمىدى. مىسالەن، فولكلور نۇقتىسىدىن تامامەن ئىشلەش مۇمكىنچىلىكى بولغان «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق تارىخى»، «ئۇيغۇرلاردا نومۇس مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىش تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «زامانىۋىلىققا ئۇچراشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى»، «ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنىڭ گېن قۇرۇلمىسى»، «ئۇيغۇر قىممەت قارىشى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر تارىخى» قاتارلىق تالاي تېما تېخى روياپقا چىقمىدى. ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالساق، «ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتى نەزەرىيەسى»، «يېڭىچە شېئىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجى، تەسىرى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى»، «ئەدەبىيات تەنقىدى نەزەرىيەسى»، «خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئەدەبىي تەرجىمە نەزەرىيەسى»، «ئەدەبىي تەرجىمە تارىخى»، «ۋەزىنشۇناسلىق»، «شېئىرىيەت تىلى گراممـاتىكىسى»، «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» قاتارلىق نۇرغۇن ئەمگەك ئىشلىنىشنى كۈتۈپ ياتىدۇ. بىز «ھەر يىلى بۇ ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلىرىمىز نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ سوئال قويۇشقا مەجبۇرمىز. «نېمە ئۈچۈن 1990 ـ يىللاردا، 2000 ـ يىللاردا ئىشلەشكە تامامەن ئىمكانىيەت بولغان يۇقىرىقىدەك ئۇخشاش تالاي تېما ئەۋلادلىرىمىزغا ياكى كېيىنكى دەۋرگە مىراس قىلىنىشى كېرەك؟» دەپ سوئال قويۇشقا مەجبۇرمىز .ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئىبراھىم مۇتئىي، خەمىت تۆمۈر، ئۇيغۇر سايرانىي، ھاجى نۇرھاجى، شەرىپىددىن ئۆمەر... قاتارلىق مەرھۇم، مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىز ئۆز ساھەلىرىدە ئۆز دەۋرىگە ئائىت ئاكادېمىك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئارتقۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان قاتارلىق پېشقەدەم ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئۆز ساھەلىرىدە چامىسىنىڭ يېتىشىچە نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛ ئەجىر ـ مېھنەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقاردى. ئەمدى ياش، ئوتتۇرا ياش ئىلىم ئەھلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىگە تۇشلۇق ئاكادېمىك ۋەزىپىلەرنى ئارتقۇرۇش، بۇ دەۋردە ئىشلىنىشكە تېگىشلىك ئەمگەكلەرنى كېيىنكى دەۋرگە تاشلاپ قويماسلىق مەجبۇرىيىتى بار. بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دەۋرىدىكى تەتقىقات ئۆلچىمىنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا قويساق بولمايدۇ. تەلەپنى تېخىمۇ قاتتىق قويۇش، خەلقئارادىكى ئېتراپلىق تەتقىقات ئۆلچەملىرىگە يەتكۈزۈپ بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىمىزدە خەلقئارادا ئېقىۋاتقان تەتقىقات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بۇنداق بىر يۈزلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىزدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش ئېڭى، ئۆزىمىزنىڭ بىلىش ئوربىتىسىدىن تاشقىرىغىمۇ نەزەر سالالايدىغان جاسارەت ۋە داۋاملىق ھالقىش روھى بولۇشى زۆرۈر .

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر پاكىت شۇكى، نۆۋەتتە بىزنىڭ ئاكادېمىك ئىشلىرىمىزدا ھەتتا ئەقەللىي تەلەپ بولغان نەقىل، ئىزاھات قائىدىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مۇناسىۋەتلىك تېرمىن ـ ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، تەتقىقات مېتودلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىمۇ ئىشلەنمىدى. مەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنى مۇشۇ نۇقتا بويىچە كۆزىتىپ چىقتىم. بايقىغىنىم شۇ بولدىكى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى؛ نەقىل، ئىزاھاتلىرىمۇ تاشلىماي بېرىلگەن. ئەمما، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا نەقىل، ئىزاھاتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بىرقەدەر ئېغىر؛ نەقىل، ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك بەزى يەرلەردە بېرىلمىگەن. كېيىن خەۋەر تېپىشىمچە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ مۇھەررىرلىرى بەزىدە بەت ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن نەقىل، ئىزاھاتلارنى قىسقارتىۋېتىدىكەن [10]. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدا مۇئەييەن بىر نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ئۈچۈن ئالغان نەقىللەردە ھەمىشە يەڭگىلتەكلىك بىلەن مەنبەسىنى كۆرسەتمەيدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر. بۇ مەسىلە نۆۋەتتىكى غوللۇق ئەدىبلىرىمىزدىن ئەختەم ئۆمەر، يالقۇن روزى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىيلەرنىڭ يازمىلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. مىسالەن، ئوبزورچى يالقۇن روزى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 5 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسىدە مۇساباي‌ئېفلار جەمەتىنىڭ ئۇيغۇر زامانىۋى مىللىي كارخانىچىلىقىدىكى باشلامچىلىق تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىپ، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىدا مىللىي كارخانىچىلارنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەندە، نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن ياپونلارنىڭ «100 پروفېسسور يېتىشتۈرگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» [11] دېگەن گېپىنى نەقىل ئالىدۇ، ئەمما نەقىل مەنبەسىنى بەرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى»، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» قاتارلىق پوبلىستىك ماقالىلەر توپلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەنبەسى بېرىلمىگەن نەقىل گۇمان تۇغدۇرىدۇ ھەم ئىشەنچلىك دەلىل بولالمايدۇ. يا نەقىل ئالماسلىق، يا بولمىسا نەقىل ئالغاندىن كېيىن مەنبەسىنى كۆرسىتىش كېرەك. مەن بۇ يەردە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلارنى تەنقىدلىمەكچى ئەمەسمەن، پەقەتلا ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدا سەل قارالغان بىر نۇقتىنى سەمىگە سېلىپ قويماقچىمەن. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى،

ئۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى يازغۇچىلار بولغىنى ئۈچۈن، ھەۋەسكارلار ئۇلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىنى دورايدۇ. غوللۇق — سەپ ئالدىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئاڭلىق - ئاڭسىز يوسۇندا سادىر قىلغان كىچىككىنە سەۋەنلىكلىرى ئۆزلىرى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر مۇنچە كۆتمىگەن ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ.

ئەمدى تېرمىن - ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ ئەسلىدە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئىشى ئىدى. ئەمما بۇ ئورۇننىڭ خىزمەتلىرى ئىزچىل تۈردە دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز بۇ ساھەدىكى بەزىبىر بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە يازمىلىرىدا دادىل ئۇرۇندى. مەسىلەن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق قاتارلىق مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىز ماقالىلىرىدە مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيلىك سۆزىنى پەرقلەندۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى ۋە «ھەزارەت، كۇلتۇر» سۆزلىرىنى تىلىمىزغا ئېلىپ كىردى. ئەمما، مۇھاكىمە پۈتى قىلىپ، قانداق ئەھۋالدا «كۇلتۇر»، قانداق ئەھۋالدا «ھەزارەت» سۆزلىرىنى ئىشلىتىش كېرەكلىكى ئايدىڭلاشمىدى [12]. يۈسۈپ ھۈسەيىن قەقنۇس «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى سانلىرىدا ئېلان قىلغان بىر تۈركۈم ماقالىسىدە سىگموند فروئىد نەزەرىيلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان«id, ego,superego» سۆزلىرىگە ماس ھالدا [13] «ئۆگلۈك، ئۆزلۈك، ئۆملۈك» ئاتالغۇلىرىنى روياپقا چىقاردى. ئەمما بۇ ئاتالغۇلار ئومۇملاشمىدى. مەن يەنە ئاپتورنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئاللىبۇرۇن قېلىپلىشىپ بولغان «دىئالېكتىكا»نى «ئىلماشكا» (2004 - يىل 4 - سان 27 - بەت)، «مېتافىزىكا» نى «چەمپاركا» (2004 - يىل 4 - سان 27 - بەت)، «ئىقتىسادشۇناس» نى «ئىكونومىك» (2007 - يىل 6 - سان 45 - بەت)، «پەلسەپە» سۆزىنى «زىباۋىكا» (2008 - يىل 5 - سان 26 - بەت)، «دۇنياۋىلىشىش» نى «ئىنتېرپاكىزم» (2008 - يىل 5 - سان 21 - بەت)، «فولكلور»نى «ئىمزناۋىيەت» (2008 - يىل 6 - سان 88 - بەت)، «ئەدەبىيات» نى «لىتراتۇرا» (2008 - يىل 6 - سان 91 - بەت)، «سېلىشتۇرما تەتقىقات» نى «قۇرئىي تەپەككۇر» (2008 - يىل 3 - سان 28 - بەت)، «مورفولوگىيە» نى «شەكلىيەت» (2008 - يىل 5 - سان 16 - بەت)... دەپ ئالغىنىنى كۆرۈپ ئەپسۇسلاندىم [14]. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇيغۇر تىلىدا ئاللىبۇرۇن ئومۇملىشىپ، ئىستېمالدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى سەۋەبسىز ھالدا ئۆزى بىلگەنچە ئاتاش مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن، تېخىمۇ كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. باشقا تىلدا ئاللىبۇرۇن ئومۇملىشىپ بولغان، ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا ناتونۇش بولغان ئىلمىي تېرمىنلار بولسا ئۇ باشقا گەپ. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىدا تەڭدىشى تېپىلىدىغان بىر قىسىم ئىلمىي ئاتالغۇلارغا نېمىشقىدۇر ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەرنى ئېلىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇيغۇرتىلىدا تەڭدىشى تېپىلىدىغان سۆزلەردىن «جەمئىيەتشۇناسلىق»نى «سوتسىيولوگىيە» دەپ، «ئىنسانشۇناسلىق»نى «ئانتروپولوگىيە» دەپ، «سىياسىي» دېگەن سۈپەتنى «پولىتىكىلىق» دەپ، «ئايالھەقچىلىك» نى «فېمىنىزم» دەپ ئاتىماقتا. ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى تامامەن بار تۇرۇپ، چەت ئەل تىللىرىدىكى سۆزلەرنى تىلىمىزغا ئېلىپ كىرىش ساغلام بولمىغان ئىلمىي پوزىتسىيەدۇر. بۇ ھال زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىمۇ ھەمكارلىشالمايۋاتقانلىقى، پىكىر ئالماشتۇرمايۋاتقانلىقى ۋە ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئىلىم ساھەسىدىكى غەلىتە تۆرەلمە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ ئىلىمگە تۇتقان ئەخلاقىمىزغا قويۇلغان سوئالدۇر.

ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيىسىنى بىلمەسلىك ھەم ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقماسلىق، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە. ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، تارىخ، ئېتىكا، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئادىمىيەت پەنلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى راۋاجلىنىپ بېيىپ، يېڭىلىنىپ كېلىۋاتقان نەزەرىيەسى؛ خەلقئارادىكى ئاكادېمىك ئىلىم سورۇنلىرىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان ھەم تالاش - تارتىشقا پىلتە بولىدىغان ئىدىيە سىستېمىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، بۇ ساھەلەردە خەلقئارادىكى ئېتىراپلىق تەتقىقات ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تەس. مەملىكەت مىقياسىدا ئوخشاشلا نەزەرىيە سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش، ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي كونترول چەكلىمىسىگە ئۇچراش قاتارلىقلار ئانا يۇرتىمىزدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بۇ ساھەدە ئاجىز بولۇشىغىمۇ سەۋەب بولدى. ھەر خىل تېمىدا ماقالىلەر يېزىلدى، ئەمما ئۇلاردا نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇق يوق دېيەرلىك بولدى؛ ھېسسىي قاراشلار، قىزىققان ھۆكۈملەر كۆپ بولدى؛ مەدەنىيەت، تونۇش چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا ھالقىيالمايدىغان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىمىز 20 - 30 يىلدىن بېرى ئوخشاش سەۋىيە، بىر خىل قېلىپتىن ھالقىيالمىدى. بۇ ئەھۋالنى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدىغان «تارىم»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق خاس ئەدەبىيات ژۇرناللىرى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدىغان مەتبۇئاتلاردىكى يازمىلارنى تەپسىلىيرەك كۆزەتسەك ھېس قىلالايمىز. نەزەرىيە دېگىنىمىز مەلۇم بىر پەندىكى ئوخشىمىغان ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىدىغان، لوگىكىلىق ئانالىز، ئىلمىي قىياس ۋە دەلىللەشنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان باياندۇر. ھەر بىر پەندە كەسىپ ئىگىلىرى سىستېمىلاشتۇرغان، تالاش - تارتىش قىلغان، پىكىر قىلىپ بېيىتقان نۇقتىئىنەزەرلەر، بايانلار سىستېمىسى بولىدۇ.

نەزەرىيەدە بىر ئۇقۇم يەنە بىر ئۇقۇم بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلغان بولىدۇ . مەسىلەن، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدا «ئەنئەنە» سۆزىنى مۇلاھىزە قىلماقچى بولساق، تەبىئىي رەۋىشتە ئۇنىڭ زامانىۋىلىق ئۇقۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋەزىپىسىگە دۇچ كېلىمىز . بىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەي تۇرۇپ مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغان تېمىمىزنى يورۇتۇپ بېرەلمەيمىز . مەسىلەن، بىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئاۋستىرىيەلىك ئەدەبىياتشۇناس، مۇتەپەككۇر گېئورگى لۇكاسنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تارىخىي رومانلارنىڭ ماھىيىتى ۋە قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيمىز . مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدا لېۋى ستراۋس، رولاند بارسېس (Roland Barthes , 1980 - 1915) نىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىغا ئائىت مەۋھۇم قۇرۇلمىلار، سىمۋوللۇق كودلارنىڭ ماھىيىتىنى يېشەلمەيمىز . جەمئىيەتشۇناسلىقتا ماكس ۋېبېر( Max Weber) نىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ كاپىتال، ئەقلىيلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز . شۇنىڭغا ئوخشاشلا، فولكلور تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر مۇراسىملىرىنىڭ گېن قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ھەر بىر ياش فرانسىيە ئىنسانشۇناسى ھەم جەمئىيەتشۇناسى بولغان ئېمىل دۇركىم (Emile Durkheim,1917-1858) نىڭ، ئەنگلىيەلىك ئىنسانشۇناس ۋىكتور تۇرنېر (Victor Turner , 1920 - 1983) نىڭ مۇراسىم ھەققىدىكى كلاسسىك نەزەرىيەلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . دېمەك، نەزەرىيە ئۆگىنىش — ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان، بىر ئىلىم ئىگىسى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان بىر جەريان. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھاياتىدا نەزەرىيە سۆزى «تالانت، سىياسەت، مۇتەخەسسىس» قاتارلىق نۇرغۇن ئېيتىمغا ئوخشاش پاخال قىلىۋېتىلگەن، سېسىتىلغان، ھەتتا خاتا چۈشىنىلگەن. ھەتتا ئۇيغۇرلار 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر نەزەرىيە سىستېمىسى ماركسىزممۇ خاتا ئۆتۈلگەن، پاخال قىلىۋېتىلگەن. نۇرغۇن ئادەم ماركسنىڭ «كومپارتىيە خىتابنامىسى» دا ئېيتىلغان بايانلىرىنىڭ توغرا چىقمىغانلىقى ياكى ئىسپاتلانمىغانلىقىغا قاراپلا، ياكى دىن ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن نارازى بولۇپلا ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ماركسىزم نەزەرىيىسى ئۇنى تۈزۈك چۈشەنمەي «دەرس» ئۆتىدىغان «ئوقۇتقۇچىلار» نىڭ بىخەستەلىكى، بىپەرۋالىقى، ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى بىزارلىق ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خاتا تونۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلار نەزەرىيەگە تۇتقان مانا مۇشۇنداق بىنورمال پوزىتسىيىسى بىلەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلىدى. يېڭى ئەسىرنىڭ ئون يىلى ئۆتۈپ كەتتى. ھەر ھالدا 2000 ـ يىللاردىن كېيىن ئىزدىنىشچان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئوقۇرمەن تاھىر ھامۇتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى نەزەرىيىلىرىدىن، داۋۇد ئوبۇلقاسىمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەرەب پەلسەپىسى ۋە غەرب پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئاممىباب چۈشەنچىلەردىن، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى فرېدرىخ نىچىشى (Friedrich Nietzsche , 1900 - 1844) نىڭ ئىدىيەلىرىدىن ۋە ماكس ۋېبېر، ئېدۋارد سەئىد (Edvard Said, 2003 - 1935)، كارل پولەنىي ( Karl Polanyi, 1963 - 1886) قاتارلىق نەزەرىيىچىلەرنىڭ ئاز بىر قىسىم ئىدىيەسىدىن خەۋەردار بولدى. مانا مەن ئۆزۈم ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگۈچە ئاشۇ ئۈچ ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىمدىن چەتتە قېلىۋاتقانلىقىم ياكى مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىمنى ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بىلگەن. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، ئابدۇقادىر جالالىدىن، داۋۇد ئوبۇلقاسىم، تاھىر ھامۇت قاتارلىق يېڭى پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ئەجىر - مېھنەتلىرى ئۇيغۇر ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ئەقلىنىڭ يېتىلىشى، ياش ئەۋلادلارنىڭ خەلقئارادىكى يېڭى - يېڭى بەھس - مۇنازىرە، دەتالاشلاردىن خەۋەر تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. مەن بۇ نۇقتىنى 2009 - يىلى 1 - يانۋاردا ۋە 2009 - يىلى 5 - مايدا ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان «بىلىم، تونۇش، ئاكادېمىيە» تېمىسىدىكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتىمدە روشەن ھېس قىلدىم. يەنى، ھازىرقى ئاسپىرانتلار ئۈچ- تۆت يىل مابەينىدە چەت ئەللەرنىڭ نەزەرىيەلىرى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق قاتارلىق بىر قانچە ساھەدە ئۇچرىشىشقا باشلاپتۇ. 2009 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلارغا ئاچقان «ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى» دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارغا مىخائىل باختىن (MikhailBakhtin ,1975 -1895)، گېئورگىي لۇكاس، يۇرگېن خابېرماس ( urgen Habermas , 1929) قاتارلىق نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئىدىيەلىرىنى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بايقىدىم . نەزەرىيە دېسە ھو بولىدىغان بىنورمال ئىلىم ھاۋاسى باش كۆتۈرگەن بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا بۇنى بىر ياخشى باشلىنىش دېيىشكە ھەقلىقمىز .

## پاكىت تەھلىلى (4)

## «ھېچنېمىزم خىتابنامىسى» ۋە يۈسۈپ ھۆسەيىن قەنئۇسنىڭ تەنقىدلىنىشى

*2009 - يىلى 2 - ، 3 - ئايلاردا ئوسمانجان مۇھەممەت ياسىن قاتارلىق بىر قانچە يېڭى شېئىرىيەت ھەۋەسكارى يازغان «ھېچنېمىزم خىتابنامىسى» ۋە يۈسۈپ ھۆسەيىن قەنئۇس ماقالىلىرى «بەرقىي» تورىدا تەنقىد قىلىندى. بەھس - مۇنازىرە ناھايىتى كەسكىن ۋە ئىلمىي يوسۇندا داۋام قىلدى. تەنقىدنىڭ مەزمۇنى «ھېچنېمىزم خىتابنامىسى» دەپ ئات قويۇلغان يازمىنىڭ «گەپ تېرمىسى» ئىكەنلىكى، يۈسۈپ ھۆسەيىن قەنئۇسنىڭ يېقىنقى يىللاردا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىۋاتقان ماقالىلىرىنىڭ قەستەن مۇجمەللەشتۈرۈش، سىرلىقلاشتۇرۇش، گەپ ئوينىتىش ئۇسۇللىرىدا يېزىلىۋاتقانلىقى ھەم قىممىتىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە*

www.uyghurkitap.com

*بولۇۋاتاتتى. بۇ مىنىڭ تەتقىقات تېمامغا مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرە بولمىسى تۈگىمۈن، جۇشقۇۋاتقان ئىنكاسلارغا يېقىندىن دىققەت قىلدىم. ئارىلىقتا ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان ۋە يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇس تۈزمۇ مۇنازىرىگە ئارىلاشتى. مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسىدە، مەنتىقىلىق يوسۇندا جۇشقۇۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە ئاجىز كېلىدىغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشتى [15].*

مەن ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى بۇ كىچىككىنە كارتىننى بۇ يەرگە قىستۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئۈندىمەكچى. بىرىنچى، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەسىدە قانداق ئەسەرلەر يېڭى ۋە ئىجادچانلىقى كۈچلۈك ئەسەرلەر بولالايدۇ؟ ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىش قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئۈچىنچى، ئىلىم ساھەلىرىدە دادىل ئۇرۇنۇشلاردا بولۇۋاتقانلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مۇمكىن؟ بۇ نۇقتىلار ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، مەن ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان ۋە يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇسنىڭ دادىللىقى، تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىكى جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن؛ توختام سۈدەك تىنچ — تۇرغۇن، بۇرۇقتۇرما ھالەتتە كېتىۋاتقان ئىلىم ئىشلىرىمىزدا مۇنداق مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بولۇشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال ھەم كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنى ياقلايدىغان زىيالىيلار بىلەن يېڭىچە شېئىرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغان ياشلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇپ، ھەۋەسكارلارنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنىڭ ئېشىش ۋە يېڭىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە باشقا ساھەدىكى ئاكادېمىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. شۇ ۋەجىدىن، مەن «بەرقىي» توردا بولۇنغان مۇنازىرىنىڭ قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىمەن. ئەمما ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەتتىكى ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭى، خاسلىقى ۋە ئىجادچانلىقى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە مۇنداق تۆت شەرتنى ئورۇنداش، بىرىنچىدىن، شۇ ساھەدىكى نەزەرىيەلەرنى پۇختا ئۆگىنىش ئاساسىدا ئۇنى يېڭىلايدىغان يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىمىز ئانالىز قىلىۋاتقان تېما شۇ ساھەنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى ۋە ئەقەللىي ئۆلچەملىرىگە ھۆرمەت قىلىش؛ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى مەنتىقىلىق يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، دەلىللەرنىڭ ياردىمىدە شەرھلەش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرىكى ئىلمىي بىلىشلەرنىڭ قايسى قىسمىنى ئاغدۇرۇپ ياكى سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى، قايسى تۈرگە يېڭىلىق ئېلىپ كەلگىنىمىزنى ئېنىق دەپ بېرىش؛ تۆتىنچىدىن، يازغانلىرىمىز تۈزۈك ماتېرىيال كۆرمەي ھېسسىي بىلىشكە، ھاياجانغا، ئۆتكۈنچى تەسىراتقا تايىنىپ يېزىلغان بولماسلىق. ھالبۇكى، ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئانمۇ، يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇسمۇ بۇ نۇقتىلارنىڭ ھېچقايسىلىرىنى يازمىلىرىدا ئورۇنداليالمىغان. يەنى ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان «شېئىردىن مىنە، ئىدىيە ئىزدەش توغرا ئەمەس؛ شېئىر ھېچنېمە دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرۈپ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان باياناتىدا، بىرىنچىدىن، ھېچقانداق نەزەرىيىۋى ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان؛ ھېچقانداق شېئىرىيەت نەزەرىيەسىدىن پايدىلانمىغان؛ ئۆزىدىن ئىلگىرى يېڭى شېئىرىيەت ساھەسىدە قەلەم تەۋرەتكەن باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئىلياس، ئادىل تۇنىياز قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتمىگەن؛ چەت ئەللەرنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئۈچرىتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان «ھېچنېمە» ئۇقۇمى بىلەن ئۆزى ئىزدىنىۋاتقان شېئىر تۈرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مەنتىقىلىق يوسۇندا شەرھلەپ بېرەلمىگەن. ئۈچىنچىدىن، «خىتابنامە» دەپ ئوتتۇرىغا تاشلىغان بۇ باياندا پەقەتلا ئۆزىنىڭ شەخسىي تەسىراتى ۋە كاللىسىغا كەلگەن ئىلھاملارنىڭ نەتىجىسىدە روياپقا چىققان. ئۇنىڭدىكى بىردىنبىر ئىجادىيەت ئىلمىيلىكتىن «ھېچنېمىزم» دېگەن ئاتالغۇنى ياساپ چىققانلىقىدا بولغان. بىز يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ئەمما ئۇرۇنۇشلىرىمىز ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان ساھەنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئاننىڭ بۇ يازمىسىغا مۇناسىۋەتلىك كارتىنا ئاددىي بولغىنى بىلەن بىر مەسىلىنى، يەنى بىزنىڭ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەيىمىزدە بەزى دادىل ئىزدەنگۈچىلەر ئارىسىدا ئىلمىي پرىنسىپلاردىن چەتنىگەن ھالدا قارىغۇلارچە يېڭىلىققا ئىنتىلىش خاھىشىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەسىلە يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇسنىڭ يازمىلىرىدىمۇ روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. مەن يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇسنىڭ بىر قىسىم ئەسىرى بىلەن ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇچراشقان؛ نەپەس ۋەزنىدە يېزىلغان بەزى شېئىرلىرىنى ياقتۇرغان بولساممۇ، كۆپ قىسىم ماقالىسىنى چۈشىنەلمىگەن ۋە «سەۋىيەم يېتىشمەي چۈشىنىشكە قۇربىتىم يەتمەيۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئامېرىكىغا كېلىپ غەرب پەلسەپەسى، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە تەتقىقات مېتودى بويىچە ئىزدىنىش؛ ئىلىم تەتقىقاتى پرىنسىپلىرىدىن خەۋەر تېپىش داۋامىدا يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇس يازمىلىرىنىڭ ئەقەللىي ئىلمىي يېزىقچىلىق ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇس كۆپ ھالدا ئالەم، مەۋجۇدىيەت، ئىنسان روھىيتى ھەققىدە، چوڭ ـ چوڭ تېمىلاردا بىر نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولىدۇ. ئەمما يازمىلىرىدا بىر گەپنى قىلىۋېتىپ يەنە بىر گەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ لوگىكىلىق ئىزچىللىق يوق؛ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئىسپاتلاشتىن، خام ماتېرىيال ۋە مۇھاكىمە ئاساسى ئارقىلىق دەلىللەشتىن ئۆتمىگەن. پەلسەپەۋى تېمىلاردا قەلەم تەۋرەتمەكچى بولغان بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىسلام پەلسەپەسىدە ئىبىن رۇشىد، ئەل خارەزمىي، ئىمام غەززالىي قاتارلىق كلاسسىك پەيلاسوپلاردىن تارتىپ سەيىد قۇتۇپ، مالىك نەبى، يۇسۇپ قەرداۋىيغىچە بولغان بۈگۈنكى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيەلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

خەۋەردار بولۇشى؛ غەرب پەلسەپەسىدە سوقرات، ئەپلاتون، ئارىستوتېل قاتارلىق گرېك پەيلاسوپلىرىدىن تارتىپ، كانت، ۋىتتىنگىستان ، نىچىشى، خۇسسېرل، گېگل قاتارلىق هازىرقى زامان پەيلاسوپلىرى ۋە هايدىگېر، دېررىدا، مىچېل فۇكاۋغىچە بولغان بۈگۈنكى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ قانداق پەلسەپەۋى نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلىشى كېرەك؛ ئاندىن سوپىزم ئىدىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى نەچچە يۈز يىللىق هاياتىدا تۇتقان رولىنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ يازغانلىرىدىن ئەقەللىي ئىلمىي ئۆلچەمگە توشىدىغان ئىلمىيلار تېپىلمايدۇ. شۇڭا، يۇسۇپ هۇسەيىن قەقنۇسنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ساهەسىدىكى بىر مەسىلىنى ئاۋۇتتىكى، هەرگىز يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇسۇپ هۇسەيىن قەقنۇس دېمەكچى بولغان، ئەمما مۇجمەللەشتۇرۇپ دېيەلمەي قالغان نۇقتىلار يېڭى گەپ ئەمەس .

ئىلىم تەتقىقاتى، ئىلمىي بىلىش ساهەيىمىزدىكى يەنە بىر چوڭ، ئېغىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلاردا هازىرغىچە ئادىمىيەت پەنلىرى باشلانغۇچ شەكىلدە بىخلانغان بولسىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، پىسخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق پەنلىرى هەقىقىي مەنىدە بارلىققا كەلمىدى. بۇ ساهەدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان بىر قانچە ئاسپىرانتنىڭ بولۇشى بۇ پەنلەرنىڭ بارلىققا كەلگىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىزدە كارل ماركس چالا ـ پۇلا ئۆگىنىلگەن بولدى؛ ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇن قارىشىنى ئاغدۇرىدىغان باشقا ئىككى مۇتەپەككۇر — ئېمىل دۇركىم، ماكس ۋېبىر تېخىچە تونۇشتۇرۇلمىدى [16]. بۇ هەقتە ئويلانغىنىمدا ناهايىتى ئەپسۇسلىنىمەن. بىز زامانىۋى دۇنيانى، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بۇ زامانىۋى پەنلەردىن خەۋەرسىز هالدا 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويدۇق، ئىلىم سىستېمىلىرىمىز تېخى قېلىپلاشمىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق كافېدراسى بەش ـ ئالتە يىل بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا قۇرۇلدى، ئەمما تارىخ كافېدراسى بىلەن قوشۇۋېتىلدى . 2007 ـ يىلغا كەلگەندە بولسا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مائارىپ پىسخولوگىيەسى كەسىپلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، هەقىقىي مەنىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق، پىسخولوگىيە پەنلىرى بارلىققا كەلمىدى .

ئەمما ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيەت ، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساهەلىرىدىكى مەسىلىلەرنى تەهلىل قىلغاندا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، كونتېكىستتىن ئايرىلغان بىرمۇ ئىجتىمائىي مەسىلە بولمايدۇ . بۇ ئىككى ساهەيىمىزدىكى مەسىلىلەر جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەنلەر ساهەسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر. مەسىلەن، 1914 ـ يىلى شاڭخەي لۇجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «غەربنىڭ زەهەرلىك نەرسىسى» دەپ قارىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ 1989 ـ يىلغا كەلگەندىلا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى بارلىققا كەلدى [17]. باشقا ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ئەهۋالىمۇ ئانچە ياخشى بولمىدى .

بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئىچكىرىدىكى نەشرىياتلار غەربتە بارلىققا كەلگەن مەشهۇر ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئەسلىي تىلىدا ياكى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ نەشر قىلىۋاتىدۇ. بىز بولساق بۇ ساهەلەردىكى مەشهۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرايلى دېسەكمۇ، قىلالمايۋاتىمىز. سەۋەبى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلارغا «چەت ئەللەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاپتورلىرى ۋاپات بولغىنىغا 50 يىلدىن ئاشقان بولسىلا تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇشقا بولىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى . دېمەك ، كىچىككىنە بايقاش ، كىچىككىنە ئويغىنىش توسالغۇغا دۇچ كېلىش ، زىياندىن دېرەك بېرىدۇ . شۇ تاپتا بىز ئارانلا 1960 ـ يىلدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. دېمەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقماسلىقىمۇ، بىرەر مۇهەررىرنىڭ بىخۇدلۇقىمۇ، نەشرىياتلارنىڭ نوقۇل پايدىنى كۆزلىشىمۇ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سەلبىي نەتىجىلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي مىراسلىرىنى ئەۋلادلارغا ئۇلاشتا بىز ئويلاپمۇ باقمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. شۇڭا مەن ئېيتىمەنكى، ئىلىم هايانكەشلىكى، كۆچۈرمىكەشلىك، ساختا بىلىم، ماغزاپ بىلىم تەتقىقاتى، يازما ئاپىتى، نەشرىيات چۆپقەتچىلىكى ۋە بىدىكلىكى ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدۇ. ئۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىگە چۈشكەن مىتە. بۇنداق هادىسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىدە ئۆزىنى تەتقىقاتچى، نەشرىياتچى، مۇهەررىر دەپ ئاتاپ يۈرگەن هەر بىر زىيالىينىڭ باش تارتىپ بولماس ۋىجدانىي مەجبۇرىيىتى بار .

يۇقىرىدا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساهەسىدىكى پەن كونتېكىستىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، پەن ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە پەن سۇبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئوتتۇرىغا قويدۇم . ئەمدى ماقالەمنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە مەسىلىنى نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەهلىل قىلىشقا تىرىشىمەن ۋە پاكىت كۆرسىتىش باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا تاشلىغان بەزى دېتاللارنى تەهلىل قىلىمەن. ماقالەمنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىدا ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكى ئۈستىدە بەزى ئىزدىنىشلىرىمنى سۇنىمەن. ئاندىن مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ لايىهەلىرى هەققىدە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خۇلاسىگە ئۆتىمەن .

## 3 . نەزەرىيەۋى مۇهاكىمە: مەسىلىدىن ماهىيەتكە

جەمئىيەتشۇناسلىقتا مەۋجۇد پاكىتلاردىن، ئىجتىمائىي هادىسىلەردىن نەزەرىيەۋى مودېل تۇرغۇزۇشقا تىرىشىلىدۇ . تۇرغۇزۇلغان نەزەرىيە يەنە بېرىپ تەتقىقاتقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىلىم، پىكىر ۋە ئىلىم ئەخلاقىنىڭ بىر جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن مۇهاكىمە قىلىنىدىغان تېما بولۇپ، جەمئىيەتشۇناسلىق ئايرىم پەن بولۇپ شەكىللەنگەن 150 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن نەزەرىيەۋى قاراشقا پىلتە بولدى، ئانالىز قىلىندى. بۇ هەقتىكى قاراشلارمۇ يېڭىلىنىپ، بېيىپ،

تولۇقلىنىپ كەلدى. بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە تىلغا ئېلىنغان بەزى دېتاللارنى بىر ـ بىرلەپ مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى. بايا ئۇيغۇرلاردا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ تېخى بارلىققا كەلمىگەنلىكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ ئومۇملاشمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن نەزەرىيە سۆزى ئۇيغۇرلاردا بىزارلىق ئوبيېكتىغا، خاتا چۈشىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ؟ بىرىنچى سوئالغا جەمئىيەتشۇناسلىق ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ پېشۋاسى، فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئاۋگۇست كومتىنىڭ نەزەرىيەۋى قاراشلىرىدىن پايدىلىنىپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن. كومتىنىڭ قارىشىچە، «ھەر قانداق بىر تونۇش جەريانى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار دىنىي تونۇش باسقۇچى، مېتافىزىكىلىق (ئابستراكت پىكىر قىلىش) تونۇش باسقۇچى ۋە ئىلمىي تونۇش باسقۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . دىنىي تونۇش باسقۇچىدا ھادىسىلەر ئىلاھ قاتارلىق غايىۋى ئوبرازلارغا باغلاپ تۇرۇپ چۈشىنىلىدۇ . مېتافىزىكىلىق تونۇش باسقۇچىدا ھادىسىلەر سەۋەب ـ نەتىجىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئابستراكت، ھېسسىي پىكىرلەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ ئىلمىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئېرىشىلگەن تونۇش تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ دەلىللەش، پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇمكىنچىلىكلەر، ئېھتىماللىقلار ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدە ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ... ئىلمىي مېتودلار بىلەن كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش بۇ ئۈچىنچى باسقۇچتىكى مۇھىم ئامىللاردۇر» (ئاۋگۇست كومت،2 -1 : 1970). ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا، بىلىش تارىخىدا ھازىرغا قەدەر دىنىي تونۇش مۇھىم رول ئويناپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. مېتافىزىكىلىق تونۇشنىڭ بىخلىرى ئاۋۋال ئوتتۇرا ئەسىر سوپىزىم پەلسەپەسىدە، ئاندىن 20 ـ ئەسىردە كۆرۈلدى. بىز ئابدۇقادىر داموللا، «ئۇيغۇر بالىسى» ـ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ بىر قىسىم يازمىسىدىن بۇ يۈزلىنىشنى كۆرەلەيمىز . ئۇنىڭدىن باشقا، 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىي قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ تۇرغان دەرنەكلەر (ئىلىم مۇھاكىمىسى سورۇنلىرى) دا بۇ خىل بىلىشنىڭ تەسىرى كۆرۈلدى. مەرھۇم شۆھرەتلىك يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلغان «دەرنەك» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتلار بار. 20 ـ ئەسىردە مېتافىزىك تونۇشنى بىر قەدەر سىستېمىلاشتۇرۇپ ئىلمىي يوسۇندا ئانالىز قىلىشقا تىرىشقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولدى. ئاندىن ئابدۇقادىر جالالىددىن، داۋۇد ئوبۇلقاسىم قاتارلىق زىيالىيلار يازمىلىرىدا مېتافىزىك پىكىر ئىلمېنتلىرىنى نامايان قىلدى. ئەمما بىزنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى چۈشىنىشتە مېتافىزىك تونۇش باسقۇچىدا توختاپ قالساق، ئۇرۇنۇشلىرىمىز بىزنى ئابستراكت پىكىرگە ئېلىپ بېرىپ، رېئاللىق ھەققىدە ئىلمىي بىلىشكە ئىگە بولالمايدۇ. ھازىرغىچە مېتافىزىك تونۇش باسقۇچىنىمۇ تېخى ھەقىقىي يەتكۈزمىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تونۇشتىكى ئۈچىنچى باسقۇچ ـ ئىلمىي باسقۇچقا، يەنى ئەمەلىي پاكىت، خام ماتېرىياللار ئاساسىدا لوگىكىلىق قىياس قىلىپ تۇرۇپ تونۇش باسقۇچىغا ئۆرلىيەلمىدى: شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىشنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولغان ئىلمىي بىلىش قوراللىرى، كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا سىياسىيشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى ئۇيغۇرلاردا بارلىققا كەلمىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھازىر يېزىۋاتقىنى بىر بولسا ھېسسىي يازمىدۇر، بىر بولسا ئابستراكت پىكىردىن نېرىغا ئۆتەلمىگەن تونۇشنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ھال شېئىر يېزىش، ئېنتېر تورىغا تېما يوللاش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كېلىۋاتقان ، ئەمما خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان بىر تۈركۈم ياش ۋە ئاسپىرانتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زامانىۋى پەنلەر قەسىرىگە يۈرۈش قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا نەزەرىيەنىڭ خاتا چۈشىنىلىشى ۋە بىزارلىق ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىدا سەۋەب بار. مەملىكەت مىقياسىدا قوزغالغان كۆپ قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتتە نەزەرىيە سىياسىي كۈرەشنىڭ دەسمايىسى قىلىندى، سۇيىئىستېمال قىلىندى. خەلق ماركسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭ دۇنيادىكى تالاي ئادەمگە تەسىر كۆرسەتكەن سىنىپىي زىددىيەت ھەققىدىكى، بۇرژۇئازىيە، كاپىتال، ئۇستقۇرۇلما ھەققىدىكى ئەينەن نەزەرىيەۋى قاراشلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. توغرىراقى، ماركس نەزەرىيەسى بۇ تۇپراقتا كەينىچىلەپ كىردى. ئەمەلىيەتتە كارل ماركس ھازىرقى زامان ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ئەڭ كۆپ مۇلاھىزىگە سەۋەب بولغان ۋە ئەڭ جىق سۇيىئىستېمال قىلىنغان بىر مۇتەپەككۇر ئىدى. جۇڭگو شارائىتىدا ماكرولۇق كونترول ۋە شوئار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى نەزەرىيە سۆزى جىق تىلغا ئېلىنىدۇ، پاخال قىلىنىدۇ؛ سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ شوئارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى ھەرقانداق نەزەرىيەنى پاخال قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىيەگە ئۆچ بولۇشنى ئۇستقۇرۇلما ۋە ماكرولۇق كونترولنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، «بىر جەمئىيەتتە يېتەكچى ئىدىيە ھەرۋاقىت كونتروللۇق ھوقۇقىغا ئىگە تۈپنىڭ ئىدىيەسىدۇر. بۇ ئىدىيەلەر ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە شەكىللىنىپ تۆۋەن ئورۇندىكى تۈپنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى توغرا تونۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە ساختا ئاڭ پەيدا قىلىدۇ... ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىدىغان سىنىپ بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز كونتروللۇقىغا ئالىدۇ. شۇڭا ئۆز ئالدىغا مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىش پۇرسىتى كەم بولغان بىر تۈپ ھەمىشە قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيەسىگە بېقىنىدۇ» (كارل ماركس، 43 : 1971) .

ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 20 ـ ئەسىردە ئابستراكت پىكىر ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

ئالمى بولۇشىغا قارىماي، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر كلاسسىكىنىڭ ئىدىيەسىنى ماركسىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن باھالاپ چىقىدۇ. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ماركسىزم ئۇنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىدىكى بىردىنبىر نەزەرىيەۋى قورالغا ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ئەسىرى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئاشۇ يىللار خەلقئارا ئادىمىيەت ، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ماركسىزمدىن باشقا كېيىنكى ماركسىزم (Post Marxism)، قۇرۇلمىچىلىق، كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق، فۇنكسىيىزم، توقۇنۇش نەزەرىيىسى قاتارلىق بىر قاتار نەزەرىيە ئېقىمى تەڭ ھۆكۈم سۈرگەن چاغلار ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ماركسىزمدىن باشقا نەزەرىيەلەردىن خەۋەرسىز قېلىشى ۋە ماركسىزمنى شەيئىلەرنى، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى چۈشىنىشتىكى بىردىنبىر ۋاسىتە قىلىۋېلىشىنى ئالىم ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاۋادىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئالىم «ئۈچكۈللۈققا قارشى تۇرۇش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتتە دەردنى يەتكىچە تارتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خېلى ئۇزۇنغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نەزەربەندتە ياشىدى. ئەمما، ئالىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا قەلەم تەۋرەتكەن ئاشۇ يىللاردا جۇڭگو شارائىتىدا ماركسىزملىق ئەسەرلەردىن باشقا ئەسەرلەرنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايتتى. مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندىمۇ، چەت ئەللەرنىڭ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرى 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندىلا تەرجىمە شەكلىدە تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن ئالىمنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى، تونۇشى ۋە ئىدىيەسى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە خىلمۇخىل ئىدېئولوگىيەلىك چەكلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. بۇ خىل ھادىسىنى بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ باشلامچىسى، مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس كارل مەنخېيىم نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ چۈشىنىش مۇمكىن. كارل مەنخېيىمنىڭ قارىشىچە ، «بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى – ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ، ئىجتىمائىيەت شارائىتلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى سىستېما ... ھەرقانداق بىلىم ۋە ئىدىيە مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى ئالاھىدە بىر كونتېكىست ۋە تارىخىي جەريان بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ»(كارل مەنخېيىم، 1952). ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىلىمگە مۇراجىئەت قىلىدۇ . ئەگەر ھەربىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى بولسا ، بىلىم ئىگىسىنىڭ ئىدىيەسى ئاشۇ ئىدىيەگە بېقىنماي قالمايدۇ . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ھازىرغىچە تەسىرنى يوقاتمىغان «يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى»نى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىر ئىدىيە ۋە بىلىش تارىخىدىكى يۆتقۇلئاددە بىر ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ . سەۋەبى، يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى قاراشلىرىنىڭ قانچىلىك پىشقان ـ پىشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ بىلىش چەمبىرى ۋە دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك توساقلىرىدىن ھالقىشقا ئۇرۇنغانىدى . بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى نەچچە ئەسىرلىك ئىدىيە تارىخىدا يېڭى بىر پەللە ياراتقان ، ئەمما ئاخىرىدا ئۆز تونۇشى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي كونتېكىستنىڭ تەسىرىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ماركسىزمدىن ئىبارەت ئىدىيە يولىغا مەھكەم يېپىشىشىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر جەريان دەپ تونۇشقا بولىدۇ .

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن كېيىنكى تەتقىقات رېلىسىنى ئۇلىغان ياش ئالىم ئەسەد سۇلايماننىڭ «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»(ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىسخىك دىئاگنوز» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 ـ يىل 5 ـ ، 6 ـ (قوشما) سانىغا بېسىلغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىسىنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر سۈپەتلىك ئەسەرلەر دېيىشكە بولاتتى . ئەمما ، ئاپتور ماقالىلىرىدا مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ئۇيغۇرلار ياشىغان ناچار جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى پىسخىك چۈكمىلەرگە باغلاپ چۈشەنگەن بولۇپ ، تەتقىقاتتىكى قارارچىلىق ، يەككە ئاملچىلىق خاھىشىدىن خالىي بولالمىغانىدى؛ ئەگەر ئاپتور ماكس ۋېبېردىن مىچېل فۇكاۋغىچە بولغان جەمئىيەت نەزەرىيىلىرىنى ئۆگەنگەن بولسا ئىدى ، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى باشقا نۇقتىدىن ، خىلمۇ خىل ئامىلنىڭ تەسىرى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولاتتى . سەۋەبى ، بېلىق داستا يايرىيالمايدۇ ، ئىجتىمائىي كونترولنىڭ ئىسكەنجىسىدىن خالىي بىرمۇ ئىنسان تەقدىرى بولمايدۇ . ۋەھالەنكى ، شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ئەسەد سۇلايماننى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا، ۋە ياكى بولمىسا مۇئەييەن ئىدېئولوگىيەلىك قېلىپلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلى مەسىلىنى شۇنداق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدا ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدە ناھايىتى دادىل ئىزدەنگەن ـ ئۇرۇنغانلىقى ، دادىل قىياس ۋە پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغانلىقىنى بايقايمىز . بۇ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك قەيسەر ئىلمىي روھ. ئىلمىي بىلىش تارىخىدا خاتا تونۇشتىن ، دوگما تونۇشتىن ۋە نىسبىي تونۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ ھەم بۇ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ بىلىش تارىخىدىكى مۇقەررەر بىر جەريان. ئاۋسترىيەلىك ئىجتىمائىيەت پەيلاسوپى كارل پوپپېرنىڭ قارىشىچە، «پەن ۋە بىلىش جەريانى ھەمىشە ئىلگىرىلەش ھالىتىدە بولىدۇ. بۇ جەرياندا خاتا، چالا، بىر تەرەپلىمە تونۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتا قاراشلىرىنى توغرىلاش، تېخىمۇ ياخشىراق نەزەرىيەلەرنى بايقاش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ ماھىيىتىگە يېقىنلىشىمىز. شۇ ۋەجىدىن ئىلمىي قىياسلارنى ئوتتۇرىغا تاشلاشقا، ئاندىن كۆزىتىشتىن ئېرىشكەن دەلىللەر ئارقىلىق ئاشۇ قىياسلارنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. دەمال ئوتتۇرىغا قويغان قىياسلىرىمىزدا ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ خۇرۇچلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ خۇرۇچلار

تەسەۋۋۇرىمىزنى يېتەكلەيدۇ ۋە بىزنى قاراشلىرىمىزنى تەجرىبە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قاراشلىرىمىزنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىياس ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. كۆتمىگەن پاكىتلار كېيىنچە هامان بىزنى ئىلگىرىكى ئىدىيەلىرىمىزنىڭ پىشمىغان، خاتا تەرەپلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ»(كارل پوپپېر، 1959). بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ماقالىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، يۈسۈپ هۈسەيىن قەدىنۇسنىڭمۇ، ئوسمانجان مۇهەممەت پاسىئانىڭمۇ دادىللىقىغا ئىلهام بېرىش كېرەك. ئەمما، ئۇلار ئۆز ئىدىيەلىرىدىن گۇمانلىنىشقا تىرىشىشى، تونۇشىنىڭ ۋە بىلىش چەمبىرىكىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى، پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاش بىلەنلا قالماي ئۇنى تەجرىبىدىن، سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

يازمىمىزنىڭ 2 ـ بۆلىكىدە ئىلىم هايانكەشلىكى، ماغزاپ بىلىم ۋە ساختا تەتقىقات هادىسىسىنىڭ ئىپادىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. نېمە ئۈچۈن ئىلىم چىرىكلىكى، ئىلىم هايانكەشلىكى هەيران قالغۇچىلىكى يوق بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ؟ بۇ هادىسىنى كەڭ ماكرو سىستېمىلارغا باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. هەم ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئېيتىم (Discourse , 话语) بىلەن هوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان «ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىسى» دەپ يېزىلىۋاتقان بارلىق يازمىنى، بارلىق ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىم دەپ تونۇغىنىمىزدا، ئاندىن مەسىلىنىڭ نەدىلىكى ئايان بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئېيتىم ئۇقۇمى فرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر مىچېل فۇكاۋ تەرىپىدىن نەزەرىيەلەشتۇرۇلگەن بولۇپ، كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادەملەر، شەيئىلەر، بىلىملەر، ئابستراكت پىكىرلەر هەققىدىكى تەسۋىرلەش، تەبىرلەش، كاتېگورىيەلەشتۇرۇش، ئويلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ (مىچېل فۇكاۋ،1991). مېنىڭ يازمامۇ، ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىننىڭ، ئەسەد سۇلايماننىڭ يازمىلىرىمۇ بىر خىل ئېيتىم. مىچېل فۇكاۋنىڭ قارىشىچە، ئېيتىم هەرگىزمۇ هوقۇق مۇناسىۋىتىدىن خالىي هالدا، ئۇنىڭغا بېقىنماستىن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئېيتىم ئۆزى مەنۇۋىيىتىنى لايىهەلىگەن ئىجتىمائىي توپ كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى هوقۇق ـ بىلىم مۇناسىۋىتىدە بارلىققا كېلىدۇ. مىچېل فۇكاۋ مۇنداق يازىدۇ: «هوقۇق ۋە بىلىم بىر ـ بىرىنىڭ ئەينىكى ... مۇئەييەن بىر تونۇشقا ئىگە ئادەم، ئۇنىڭ تونۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئوبيېكت ۋە بۇ ئارىدىكى بىلىش شەكلى هوقۇق ـ بىلىم مۇناسىۋىتى هەمدە هوقۇق ـ بىلىمنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر» (مىچېل فۇكاۋ، 8 ـ 27: 1991). بۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساهەسىدىكى ئىلىم هايانكەشلىكى، ماغزاپ بىلىم ۋە ساختا تەتقىقات هادىسىسى هەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارغا خاس هادىسە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا يىلتىز تارتقان هادىسىدۇر؛ مەملىكەتتىكى هوقۇقنىڭ دائىرىسىدىن چىقالمىغان ناتوغرا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە چىرىك ئىلىم هاۋاسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ خىل هادىسىنىڭ يىلتىزىدىن هەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىلىم هايانكەشلىكىنى هار ئالىدىغان بىلىم ـ هوقۇق مۇناسىۋىتى، ئىلىم چىرىكلىكىگە يول قويمايدىغان ئۈستقۇرۇلما بولۇشى كېرەك. جۇڭگودىكى مەشهۇر ئەدەبىيات تەنقىدچىسى جۇداكېنىڭ ۋە گېرمانىيەلىك خەنزۇشۇناس ۋولفگان كۇبىن (Wolfgang Kubin) نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى بىر دۆۋە ئەخلەت» دېيىشى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر پروفېسسورنىڭ «جۇڭگونىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ئەخلەت ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ»[18].دېيىشى ئاساسسىز ئەمەس. بىز بۇ يەردە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا ئىلىم ساهەيىمىزدىكى چىرىكلىك، چاكىنىلىق هەل بوپكەتمەيدۇ. باسىدىغان يول ئۇزۇن. تالاي مەسىلە مائارىپ تۈزۈلمىسىگە تاقىشىدۇ. ئەمما، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماي يەنە بولمايدۇ. ئەنگلىيە لىدىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەشهۇر جەمئىيەتشۇناس زىگمۇنت باۋمەن (Zygmunt Bauman, 1925) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق ئۇنى كونتىرتېپكە قويماسلىقنىمۇ يامان» [19]. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، مىچېل فۇكاۋنىڭ هوقۇق، بىلىم، ئېيتىم هەققىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ياخشى چۈشەنگىنىمىزدە، «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرگە قارىغاندا بەكرەك تەرەققىي قىلغان» دېگەن قاراشنىڭ نەقەدەر ساددىلارچە ئېيتىلغانلىقىنى بايقايمىز؛ هەم بىر قىسىم ئەدەبىيات هەۋەسكارى ئارىسىدا ئورتاق ئارمانغا ئايلانغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇتۇش خىيالىنىڭ تامامەن بىر شېرىن چۈش، خام خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

## 4. ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئادىمىيەت پەنلىرى (Humanities , 人文科学) ئىنساننىڭ مەۋجۇدلۇق شارائىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، دىنشۇناسلىق، سەنئەت، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ساهەلەر ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. غەربتە ئادىمىيەت تەتقىقاتى قەدىمكى گرېك دەۋرىدىلا باشلانغان. 19 ـ ئەسىردىن تارتىپ ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ماهىيىتى هەققىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قاراش شۇكى، ئادىمىيەت پەنلىرى بىزنى ئۆزىمىز هەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. ئادەم ئۆزى هەققىدە چوڭقۇر ئويلانغىنىدا، ئۆزىنىڭ كەملىكى ۋە مەۋجۇدلۇق شارائىتىنى، روهىيىتىدىن كېلىۋاتقان تەۋشلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ. ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، گېرمانىيىلىك مۇتەپەككۇر ۋىلخېلىم دىلسى (Wilhelim Dilthey , 1911 - 1883) نىڭ قارىشىچە، «ئادىمىيەت پەنلىرى ئىنساننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشتەك خاراكتېرى بىلەن تەبىئىي پەنلەردىن پەرقلىنىدۇ. كەچمىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى بايقاش بىر يولدىكى مەسىلىكداش ئادەملەرنى ئورتاق بىر تونۇش ئاساسىدا بىر يەرگە ئەكىلىدۇ. تەبىئىي پەنلەر هادىسىلەرنى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن شەرهلەشكە تىرىشىدۇ، ئەمما ئىنساننىڭ هېس ـ

تۇيغۇسى، كەچۈرمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. ئادىمىيەت پەنلىرىدە بولسا ھادىسىلەرنى قىسمەنلىك بىلەن پۈتۈنلۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چۈشىنىمىز» (ۋىلىيام دىلسى، 1976 :103). ئومۇمەن ئادىمىيەت پەنلىرىگە ئوتتەك مۇھەببەت باغلىغان ئىلىم ئەھلى ۋە ئوقۇغۇچىلاردا تەبىئىي پەن مېتودلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان ۋىجدانىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ، پىنھان ئىستىقامەت ئىستىكى كۈچىيىدۇ؛ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ئۇلار ھاياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئۆزلۈك ھەققىدە ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىشتىن كەلگەن ھۇزۇرنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئۆلچەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار دەپ سوراش پۈتۈنلەي بىھۇدە ۋە ئەخمىقانە ئىشتۇر. ئىنسان پىكىرگە ئۆتكەندە روھىنىڭ گىمناستىكىغا قاتنىشىپ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغانلىقى ئېنىق. بۇنى ماددىيەتكە قويغان ئۆلچەم بىلەن بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. مىسالەن، ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت ھەممە نەرسە ماددىيلىق بىلەن ئۆلچىنىدىغان جەمئىيەتتە بىزنىڭ ئىجاد قىلىش جاسارىتىمىزنى ساقلاپ بېرىدۇ. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تېررىي ئىگلېتون (Terry Eagleton, 1943) نىڭ قارىشىچە، «ئەدەبىيات ئاۋامنى ئىنسانىيلىققا ، مېھرگە باشلايدۇ . ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇش ئادەم يالغۇز تۇرۇپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئوقۇرمەن ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىدۇ... ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدىكى گادايلىشىشقا يۈزلەنگەن بۇلۇڭلار ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇش ئارقىلىق ئارام تاپىدۇ» (تېررىي ئىگلېتون، 17 : 2008) .

ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەتقىقات ئوبيېكتى ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پەنلەر جەمئىيەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر ئىجتىمائىيەت پەنلىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پەنلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە دېگۈدەك گىرەلىشىش، كېسىشىش مۇناسىۋىتى كۆرۈلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، جەمئىيەتشۇناسلىق تېمىسىدا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بىر ئىلىم ئەھلى ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ باشقا ساھەلىرىدىن ئۆزىگە نەزەرىيەۋى قورال ئىزدىشى مۇمكىن. يېقىنقى 20 ـ 30 يىل مابەينىدە خەلقئارا ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كېسىشمە پەنلەر (Interdisciplinary Sciences , 边缘科学) تەتقىقاتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئاساسسىز ئەمەس. مىسالەن، مەن تاكى يېقىنقى مەزگىلگىچە كىملىك تېمىسىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ مىللىي كىملىك ھەققىدىكى دەرسىگە قاتنىشىش داۋامىدا، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئىقتىساشۇناس، 2001 ـ يىللىق نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى ساھىبى جورجىي ئاكېرلوف ( George Akerlof , 1940) نىڭ مىللىي كىملىكنى ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مېتودلىرى بىلەن فورمۇلالاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغانلىقىنى بىلىپ ھەم قاتتىق ھەيران قالدىم ھەم شەيئىلەر، ھادىسىلەرنى تونۇشتىكى مېتود ۋە پىكىر يولىنىڭ ھەرگىزمۇ بىر خىل تۇر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆز تونۇشى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىلگىرىكى يازمىلىرىدىن ئىزچىل گۇمانلىنىپ تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھېس قىلدىم .

ئىجتىمائىي پەنلەر ياۋروپا بىلىش تارىخىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، 19 ـ ئەسىردە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولدى ۋە تەبىئىي پەنلەردىكى ھەربىر بايقاشنى پاكىت ئارقىلىق دەلىللەشتىن ئىبارەت تەجرىبىچىلىك (Empricism , 经验主义) مېتودىنى قوبۇل قىلدى. تاكى 1945 ـ يىلغىچە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاساسلىقى فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدا راۋاجلاندى. ھەتتا بۈگۈنمۇ بىز ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە باش كۆتۈرگەن دۇنياۋى ئالىملارنىڭ ياۋروپالىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر رېئاللىقنى كۆرمەكتىمىز. بۇ ھال ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن ئىككى ئەسىرلىك ئىلمىي بىلىش تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ غەربكە چوقۇنغانلىق ياكى غەربنىڭ زەھەرلىك نەرسىسىنى ئۆگەنگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىي، پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈش، بۇ ساھەدىكى ئەقلىي مىراسلارنى ئەۋلادلارغا ئۇلاش يولىدا، ئالغا كەتكەنلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش مەقسىتىدە ھامان بېسىپ ئۆتىدىغان بىر جەريان. بىز غەربنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئىلمىي بايقاشلىرىنى ئاۋۋال ئۆگىنىشىمىز، ئاندىن ئۇيغۇرغا خاس ئەقىل سەمەرىسىنى تاۋلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇنتۇپ، ئۆزىمىزگە خاس بىر يولدا ئىزدىنىشىمىز شەرت. ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمىزگە قول بوپكەتسەك تېخىمۇ بولمايدۇ .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ خىل بىلىم ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنىيەتلەرنى يېشىپ بېرىدىغان سىستېمىلىق نۇقتىئىنەزەرلەر؛ ئىككىنچى، بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ، ئادەملەرنىڭ، مۇئەييەن بىر جامائەتچىلىكنىڭ ياشاش شەكلى، دۇنيانى چۈشىنىشتىكى ئۇسۇلى ھەققىدىكى خاتىرە ۋە بايان؛ ئۈچىنچى، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي كونتېكىستقا تەتبىقلىغىلى بولىدىغان قۇرۇلما خاراكتېرلىك مودېللار» (پائۇل دېسىڭ، 1991 :325). بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىجتىمائىي پەنلەردە بىزنىڭ مېتودولوگىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەدىن خەۋەردار بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سەۋەبى، ئىجتىمائىي پەنلەردىكى زىيارەت قىلىش، ياندىن كۆزىتىش، راي سىناش، ئېيتىم ئانالىزى، ئەھۋال تەھلىلى، مەزمۇن ئانالىزى، ئوبراز ـ ئىماگ ئانالىزى، تەجرىبە ئىشلەش قاتارلىق سۈپەت تەتقىقاتى مېتودلىرى ۋە دىئاگراممىلىق تەھلىل، ئېھتىماللىق ئانالىزى قاتارلىق سان-

www.uyghurkitap.com

مىقدارلىق تەتقىقات مېتودلىرى تەتقىقاتچىغا دەلىل - پاكىتنى ئىزدەپ تېپىش، پاكىتنى قانداق تەكشۈرۈش، پاكىت بىلەن يالغاننى قانداق ئايرىش، ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكلەرنى قانداق بايقاش ئۇسۇللىرىنى دەپ بېرىدۇ. نەزەرىيە بولسا بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ھەققىدىكى ئادەتلەنگەن تونۇش ۋە تەييار بىلىم (Commonsense and immediate knowledge) دىن ھالقىغان شەرھ ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر سىستېمىسى بولۇپ، بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سىستېملىق يوسۇندا چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر باغلىنىش ۋە تەبىرلەرنى بېرىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي پەنلەردە بىزنىڭ بىر نەزەرىيىنى تۇرغۇزۇشىمىز ئۈچۈن باشقا نۇرغۇنلىغان نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن تونۇشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مىسالەن، بىز نامراتلىق بىلەن جىنايەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بەرمەكچى بولساق، كىشىلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەۋاتقان سەۋەب، ھەربىكەتكە يۆلەنگەن ئىجتىمائىي مەنە ۋە بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي توپنى نامراتلىق يولىغا سىقىپ چىقارغان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك چەكلىمىلىكلەر ھەققىدىكى بىر قاتار نەزەرىيەنى تەتبىقلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مېنىڭ ئۇيغۇرلاردا ھەققىي مەنىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر بارلىققا كەلمىدى دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ساھەدىكى ئىلىم ئىگىلىرى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيەسى، مېتودولوگىيەسىنى مۇكەممەل ئۆگەنمىگەن. بۇ ئىشقا تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن سەل قارىماسلىقى كېرەك .

ئادەتتە، تۇرمۇشتىكى بىلىش جەريانى بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردىكى بىلىش جەريانى پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە تۇرمۇشتا بىز ئەنئەنە ۋە مەدەنىيىتىمىز ئاساسىدا بىلىشكە ئىگە بولىمىز. ھالبۇكى، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت بىزگە ياشاشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇئەييەن بىر قىممەت قارىشىنى ئاتا قىلسىمۇ، كۆپ ھالدا ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا بىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مىسالەن، بىر قىسىم خىرىستىئان مېدىيەلەردىكى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە بىر مۇنچە خاتا تونۇشقا ئىگە. ئۇ تونۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە ئەتراپىتىكىلەر بىلەن ئورتاقلىشىدىغان، ئادەتكە ئايلانغان تونۇش ئۇلارنىڭ مەسىلىگە ئىلمىي نۇقتىدىن قارايدىغان كۆزىنى توسۇپ قويغان. ئىجتىمائىي پەنلەردىكى ئىلمىي بىلىش جەريانىدا بولسا كۆندىلىك تونۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىققا تىرىشىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن تونۇشى خاتا بولۇپ چىقىدۇ، شۇڭا ئادەتلەنگەن تونۇش بىلەن يېزىلغان يازما ھېسسىي بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - 30 يىللىق ئېيتىم تارىخىدا بۇنداق ھېسسىي يازما ھەقىقەتەن كۆپ يېزىلدى . ھېسسىي يازما بىر مىللەتنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ .

نۇرغۇن سىياسىيون، ھۆكۈمەت ئەمەلدار ۋە ئۇستاتلىققا ئامراق ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئىجتىمائىي جەمئىيەت مۇتەخەسسىسلىرىدەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا قالتىس تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان قاراشلار ئادەتلەنگەن تونۇشنىڭ مەھسۇلى. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىمنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى، فرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئېمىل دۇركىم بۇنى «تەييار بىلىم» (Immediate Knowledge) دەپ ئاتايدۇ. ئېمىل دۇركىم تەييار بىلىمنىڭ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇنداق تونۇشلار شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بىزگە ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەتتىكى كەچۈرمىش جەريانىدا ئېرىشىلگەن تونۇش بولۇپ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا ماسلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ. بىزنى ئاخىرقى ھېسابتا بىر تەرەپلىمە قاراشقا، ھېسسىي ھۆكۈملەرگە، ئۆتكۈنچى تەسىراتلارغا، ئەڭ ئاخىرىدا تېخىرقاشقا ئاپىرىدۇ» (ئېمىل دۇركىم، 62 - 60 : 1982). مىسالەن ئېيتساق، ئۇيغۇرلاردا ھازىر ئادەتلەنگەن تونۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، تامامەن ئىككى قۇتۇپقا چىقىپ كەتكەن ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، «ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى شانلىق مەدەنىيەتلەرنى، بۈيۈك نەتىجىلەرنى ياراتقان خەلق» دېگەن تونۇش، يەنە بىرى، «ئۇيغۇرلار تۈگەشتى» دېگەن تونۇش. بىرىنچى خىل تونۇش تالاي ئۈمىدۋار ئۇيغۇرغا خۇشياقىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار قاراخانىلار خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق دەۋرلەردە ھەقىقەتەن پارلاق نەتىجىلەرنى، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولغان 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئىزچىل كەينىگە چېكىنگەن. 20 - ئەسىرنىڭ مۇئەييەن باسقۇچلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن يەنە ئۇيغۇرلاردا ئويغىنىش، ئۆزىنى تونۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن. شۇڭا «ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى شانلىق مەدەنىيەتلەرنى، بۈيۈك نەتىجىلەرنى ياراتقان» دېگەن تونۇش مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە تەييار بىلىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئىلمىي مېتودلار بىلەن تەكشۈرسەك نۇرغۇن شۈبھە ۋە سوئالغا سەۋەبچى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خېلى بىر تۈركۈم چۈشكۈن ئۇيغۇر ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان «ئۇيغۇرلار تۈگەشتى» دېگەن تونۇشقا كەلسەك ، بۇمۇ ئادەتلەنگەن تونۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئىلمىيلىكى يوق . ئۇيغۇرلار نى - نى سىياسىي بوران - چاپقۇن ، نى - نى كىرىزىسنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ، مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. بىز مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىقى مېتودلىرى بىلەن تەكشۈرسەك، بۇ خىل تونۇشنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا بۇ خىلدىكى ھېسسىي ھۆكۈم ۋە ئادەتلەنگەن تونۇشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم؛ ئىلمىي بىلىش ئادەتلەنگەن تونۇشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك .

ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختالغاندا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ھەر ۋاقىت بىر جەمئىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشى مۇئەييەن غايە - نىشانلار ئۈچۈن قىممەت قارىشى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي تونۇشتا لازىم بولىدىغان سوزۇك ئەقىل، تەسەۋۋۇرغا پەردە تارتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ شۇ. ئىدېئولوگىيە، ئىجتىمائىي كونترول ئىلمىي ئاكادېمىيە

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئىدېئولوگلار مۇئەييەن بىر مەقسەتكە يېتىش، مەۋجۇد شارائىتنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەن بىر مەسلەك ياكى بىرلا نۇقتىغا باغلاپ قويىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇنداق ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر قىلىش جەريانى (Ideological Thinking) «خۇشياقىدىغان پىكىر» (Wishful Thinking) نى ئىزدەش جەريانى بولۇپ، ئۇنى بىلىشنىڭ كۆشەندىسى دېيىشكە بولىدۇ .

## 5 . خۇلاسە ئورنىدا : نېمە قىلالىشىمىز مۇمكىن؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. بۈگۈن بىزنىڭ شاھىت بولۇۋاتقىنىمىز زىيالىيلىرىدىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە ئاساسەن دېگۈدەك چوڭقۇر يېزىلغان ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇمايدىغان، ئىلىم ساختىپەزلىكى نومۇسلۇق ئىش ھېسابلانمايدىغان، ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ كۇرسى چۈشكەن، ئوقۇرمەن ئىرىزىسى ئەۋج ئالغان ئېچىنىشلىق بىر رېئاللىقتۇر. بۇ خىل بىنورمال رېئاللىقنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن تارتىپ نەشرىياتلارغىچە، پروفېسسورلاردىن ماگىستىرلارغىچە، ئۇنۋان باھالىغۇچىلاردىن تارتىپ ئۇنۋان كويىدا ئىلىم ئەخلاقىنى تامام ئۇنتۇغان ساختا تەتقىقاتچىلارغىچە ... ھەممىلا ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. بىز كۆرۈۋاتقان بۇ رېئاللىقتا ھېسسىي يازما، ماغزاپ يازما، ساختا يازما يامراپ كەتكەن بىر يازما خارابىلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ دېگەنلىك ئىنتايىن ئاز ساندىكى سۈپەتلىك ئىلىم تەتقىقاتى مەۋجۇدلۇقىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. سۈپەتلىك ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرى تېخىمۇ جىق بولۇشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ نەزەرىمدە، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرىدا ئىلىم چىرىكلىكى ۋە چاكىنىلىقىغا يول قويۇۋاتقانلار، ئىلىم تەتقىقاتىنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈۋاتقانلار مىللەتنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ دات بېسىشىغا يول قويۇۋاتقانلاردۇر؛ توغرىراقى، ئەۋلادلىرىمىزغا سېسىق، پور ئالما بېسىپ كەتكەن سىۋەت كەبىي خارابىلىشىۋاتقان «ئىلىم سۇپىسى» نى تەييارلاۋاتقانلاردۇر. بۇنداقلارنى ئىلىمنىڭ قاتىللىرى ، مىللەت ئەقلىنىڭ گۆركارلىرى دېمەي ئامال يوق .

تۈزۈلمىدىكى، ئىجتىمائىي سىستېمىلاردىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانغا ھەل بولمايدۇ. سەۋەبى، مەسىلىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر يەردە. ئۇنداقتا بىز ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالىشىمىز مۇمكىن؟ مەن ماكرولۇق كونترول، تۈزۈلمىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ناھايىتى ئۈمىدسىز بولساممۇ، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدا شەخسنىڭ كۈچى، ھەمكارلىقنىڭ قۇدرىتىنى ئاددىي چاغلىمايمەن؛ خەلقىمىزدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، تالانتلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاز بولسىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئويلاپ روھلىنىمەن. دېمەك، ئۈمىد بار دېگەن گەپ. ئەڭ مۇھىمى، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە دۇۋىلىنىپ كەتكەن مەسىلىلەرنى ھېس قىلىۋاتقان ئادەم يالغۇز مەنلا ئەمەس. ئاز ساندىكى مەسئۇلىيەتچان ـ سەگەك مۇھەررىر، نەشرىياتچى زىيالىيلىرىمىز، ھوشيار ئوقۇرمەنلىرىمىز مەسىلىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلار بىز بىلەن بىر سەپتە. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شوئارۋازلىق ۋابادەك يامرىغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 30 يىل ئۆتكەندە بۈگۈنكىدەك يۈكسىلىشىنى كىم ئويلىغان؟ باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئەزىزىي، ئەركىن ئىبراھىم قاتارلىق يېڭى شېئىرىيەت باشلامچىلىرى قوزغىغان يېڭى پىكىر ھەرىكىتىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار شېئىرىيىتىدە تۇتقان رولى زور بوپكەلدى . ئۇنىڭدىن باشقا، ئابلىمىت سادىق باش مۇھەررىرلىكىنى قىلغان ۋاقىتتىكى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ، ئەكبەر ھۈسەيىن باش مۇھەررىرلىكىنى قىلغان چاغدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ، 25 يىلدىن بۇيان قۇربان مامۇتنىڭ باش مۇھەررىرلىكى ۋە كېيىن ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ، ھەم يېقىنغىچە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى، پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۈستۈرۈش ۋە بىلىش تارىخىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى زور بولدى. دېمەك، كۆيىدىغان يۈرەك، دەۋر ئالدىدىكى بۇرچكارلىق بولسىلا ، قەلبلەرنى ماددىيلىقنىڭ كۈيلىرى يەپ تۈگەتمىگەن بولسىلا، ئىلىم ساھەيىمىزدە قىلغىلى بولىدىغان ئىش جىق؛ ئىمكانىيەتلەر پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كەتكىنى يوق .

مەن ماقالەمنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە پەن ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، پەن سۇبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە پەن كونتېكستىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىلىرىنى تەھلىل قىلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە پەن كونتېكستىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھازىرچە بىزنىڭ قۇربىتىمىز يەتمەيدۇ. تىرىشساق، ئىمكانىيەتلەرنى سەپەرۋەر قىلساق، پەن سۇبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەسىلە يېقىنقى 10 ـ 20 يىل ئىچىدە ھەل بولۇشى مۇمكىن. پەن سۇبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەل بولسا، تەبىئىي يوسۇندا پەن ئوبيېكتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرمۇ ھەل بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. بۇ دېگەنلىك ئىلىم ئەھلى ئۆزىگە، نەشرىياتچى ۋە مۇھەررىر ئىلمىي ئۆتكەلگە تەلەپنى قاتتىق قويسا، پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان تالانتلىق ياشلىرىمىز بولسا، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى مەسىلىلەر ئاستا بولسىمۇ، قىسمەن دائىرىدە بولسىمۇ ھەل بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. تۆۋەندە تىرىشساق پۈتۈنلەي قىلغىلى بولىدىغان، ئىمكانىيەتلىرىمىز يار بېرىدىغان ئىشلارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن .

**1 . ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ نەزەرىيە، مېتودولوگىيە قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش .** تۈنجى قەدەمدە قىلىدىغان مۇھىم ئىش سۈپىتىدە يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئەدەبىياتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، سىياسىيشۇناسلىق، ئېتىكا، ئېستېتىكا،

ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەلىرىدە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئالىملار يازغان نەزەرىيەگە، مېتودولوگىيەگە ئائىت كلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە بۇ پەنلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش لازىم. سەۋەبى، نەزەرىيە ۋە مېتودولوگىيە ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ جېنى. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى، بىزدە ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەلىرىدە ئاسپىرانت تەربىيەلەش ئورۇنلىرى ۋە خېلى كۆپ زىيالىينىڭ بولۇشىغا قارىماي، ھەتتا نوپۇزلۇق ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئىنسانشۇناسلىق نەزەرىيەسى كىتابلىرى ۋە مېتودولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارمۇ تېخى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى .

**2 . كىتاب سودىگەرلىرى ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇش.** ھازىر «مورتوم»، «غالىبىيەت»، «ئىزچىلار» قاتارلىق شىركەتلەر ۋە شەخسىي كىتابچىلاردىن ئەركىن ئىبراھىم، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، ئىمىنجان سەيدىن، ئېلى توختى، ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان قاتارلىق تىجارەتچىلەر كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بۇ، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەھۋال. بىز بۇ كىتابچىلارنى قوللىشىمىز، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇشى لازىم. بۇنداق دېيىشىمدە سەۋەب شۇكى، ھازىر نەشرىياتلار تىراژىنىڭ كەملىكىدىن سۈپەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرى بولسىمۇ نەشر قىلماس بولۇۋالدى. مەن شەخسىي كىتابچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەلىرىدىكى سۈپەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرىگە ئايانماي مەبلەغ سېلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلالىسا، بۇ، ئۇيغۇرنىڭ 21 ـ ئەسىر ئىدىيە تارىخىغا ئورنايدىغان كاتتا بىر تۆھپە بولىدۇ. ئالايلۇق، يالقۇن روزى ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئەسەد سۇلايماننىڭ ئەسەرلىرىنى دادىللىق بىلەن نەشرگە تەييارلىمىغان بولسا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئەسەد سۇلايمان ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئىلمىگە ھېرىسمەن ئۇيغۇر ياشلىرىغا بۇ دەرىجىدە تەسىر قىلالارمىدى؟ ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابچىلىرىمىزمۇ ھازىرغىچە نۇرغۇن ياخشى كىتابنى چىقاردى. مۇبادا بىر كىتابچى نوقۇل پايدىنىلا كۆزلىسە، ئىجتىمائىي ئۇنۇمنىڭ بىر مىللەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى رولىغا سەل قارىسا، كەلگۈسىدە خۇددى پۇل تېپىپ خەلققە پايدىسى تەگمىگەن خەسىس بايلاردەك ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بىز مۇسابايىفلار جەمەتىنى نېمىشقا ھازىرغىچە ئەسلەيمىز؟

**3 . بۇ ساھەدە توختاپ قالغان تالانت ئىگىلىرى قولىغا قايتا قەلەم ئېلىش.** ھازىر ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە تالانتلىق بىر زىيالىينىڭ يېتىلىپ چىقىشى ئىنتايىن تەس. خىلمۇخىل ئوبيېكتىپ چەكلىمە، قاتتىق مېھنەت قىلىشىغا قارىماي كېلىدىغان ئازغىنە كىرىم، ئوقۇرمەن كىرىزىسى ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ قىسىلىقى قاتارلىق تالاي ئامىل بۇ ئىككى ساھەدىكى زىيالىيلارنىڭ ئالدىغا سوئال بولۇپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلگەنسېرى ئادەمنىڭ ئازابى كۆپىيىدۇ. ماددىي كاپالەت بولمىسا تېخى بولمايدۇ، دىققەت چېچىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەن نەزەر دائىرىسى كەڭ ، بىلىمى چوڭقۇر زىيالىيلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى رەتكە سېلىۋالغان تەقدىردە قولىغا قايتا قەلەم ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. مەن بۇ توغرىسىدا ئويلانغىنىمدا، ئالدى بىلەن ئېسىمگە داۋۇد ئوبۇلقاسىم ، تاھىر ھامۇت قاتارلىق بىر قانچە تالانتلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى كېلىدۇ. خىلمۇخىل سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى روياپقا چىقارمايۋاتقىنىغا ياكى يېزىشتىن توختاپ قالغىنىغا بىر قانچە يىل بوپقالدى. مېنىڭچە، بۇ ئىككى ساھەدە يېڭى زىيالىيلىرىمىز يېتىشىپ چىققۇچە، ئالىلبۇرۇن تەييارلىقى پۈتكەن، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ بولغان زىيالىيلىرىمىز قولىغا قايتا قەلەم ئالسا، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەيىمىزگە يېڭى گۈلدەستىلەر قېتىلغان بولاتتى .

**4 . پىداكار ، تىرىشچان ، قۇربان بېرىشنى خالايدىغان بىر تۈركۈم ياشلار بولۇش.** پىكىر قىلىشنى خالايدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدە قۇربان بېرىشنى خالايدىغان بىر تۈركۈم تىرىشچان ياشلار بولۇشى كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئىككى ساھەنىڭ جاپاسى جىق، كىرىمى ئاز بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ساھە تەرەققىياتى بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى سۈپىتى، پىكرىي قۇۋۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان ، ئىلمىي ئەمگەككە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان، ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلغان بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ بولۇشى، پىداكارلىق كۆرسىتىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ۋىجدان پەنلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يەنىلا ۋىجدان ئىگىلىرىدە. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى شام كەبىي كۆيىدىغان يۈرەك .

**5 . ھەمكارلىق ئاساسىدا بۇ ئىككى ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ ـ تېرمىنلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش.** مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ ـ تېرمىنلارنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇنداق يازىدۇ: «بىر مىللەتنىڭ ئىستېمالىدىكى ئۇقۇملار ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرى تەرىپىدىن خاس مەۋقەدە يورۇتۇلمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي پىنى بولمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پىنى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي جېنى يوق بولغان بولىدۇ.» (ئابدۇقادىر جالالىدىن، 20 : 2003). ئەمما ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئەقەللىي تېرمىن ـ ئاتالغۇلارمۇ تېخىچە قېلىپلاشمىدى. جەمئىيەتشۇناسلىقنى بەزىلەر سوتسىيولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىقنى بەزىلەر ئانتروپولوگىيە، شېئرىيەتنى بەزىلەر پوئېزىيە دەپ ئاتىماقتا. بۇ خىلدىكى ھەر كىم خالىغىنىنى ئاتايدىغان بىنورمال ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى زىيالىيلار مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ تىلدا قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك. بىر پەنگە كىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تونۇشۇش لازىم. زىيالىيلار ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش، قورساق ئۆرۈشنى تاشلاپ ھەمكارلىششى لازىم. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاتالغۇ بېكىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ساقلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ھازىر بۇ ئىككى پەن ساھەسىدە بىزگە نىسبەتەن تالاي يېڭى ئاتالغۇ، ناتونۇش ئاتالغۇ بار. يەنە ھەر يىلى بىر مۇنچە يېڭى ئاتالغۇ چىقىۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزدە «ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» (ئۈچ تىلدا) نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئاتالغۇلارنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساندا ئايرىم بەت ئاجراتقان بولسا كاتتا ئىش بولغان بولاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزدىن ھەمكارلىقنى، كېڭىشىپ ئىش كۆرۈشنى؛ ھېس قىلىش، پىكىر قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالماي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇتەپەككۇر جون دېۋېينىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇش ئەھمىيەتسىزدۇر.»[20]

**6. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى، غەربنىڭ ھازىرقى زامان بىلىش تارىخىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش.** ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەيىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ ئىش بار: مېتودولوگىيە بىلەن تونۇشۇش، ئىدىيە ۋە نەزەرىيە بىلەن تونۇشۇش، مۇھىم مۇتەپەككۇرلار بىلەن تونۇشۇش. بۇ ئۈچ ئىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ ئاسپىرانتلىرىمىزنىڭ، قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشىدە ئورۇندىمىسا بولمايدىغان ئەقەللىي تەلەپ. ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى، ۋە مەيلى غەربنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى ھېچقانداق بىر مۇتەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەسى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى، ئۆگىنىلمىدى ۋە ياكى چالا ئۆگىنىلدى. ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئوقۇتۇش كافېدرالىرى قۇرۇلدى، ئەمما كارل ماركس خاتا چۈشىنىلدى ياكى پاخال قىلىۋېتىلدى؛ ئۇنىڭ كوممۇنىزم ۋە دىن ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەمەلىيەتتىن ئۆتمىگەنلىكى، ئۇنى چۈشىنىش باشتىن ـ ئاخىر ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۇيىئىستېمالىغا ئايلانغىنى ئۈچۈنلا ئۇيغۇرلاردا ئۇنىڭ 100 نەچچە يىلدىن بېرى ئىقتىسادشۇناسلارنى، جەمئىيەتشۇناسلارنى ئالدىرىتىپ كېلىۋاتقان باشقا نۇرغۇن نۇقتىئىنەزىرىگە سەل قارالدى (مەن يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ماركسنىڭ «كاپىتال» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ خۇرسەن بولدۇم. بۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك يۈزلىنىش). كارل ماركستىن باشقا بىزدە ئىسمى بىر قەدەر كۆپ تىلغا ئېلىنغان، ئەمما چالا ـ پۇچۇق چۈشىنىلگەن مۇتەپەككۇر فرىدرىخ نىچىشى بولدى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇنىڭ «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، لېكىن تۈزۈك ھەزىم قىلىنمىدى. گېرمانىيىلىك كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىر كارل ماركس بىلەن فرىدرىخ نىچىشىنىڭ ئورنىغا يۇكسەك باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەرقانداق بىر ئالىمنىڭ، مۇتەپەككۇرنىڭ سەمىمىيلىكىنى ئۇنىڭ فرىدرىخ نىچىشى ۋە كارل ماركسقا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بىز بۈگۈن ئاكادېمىيە سورۇنلىرىدا ئەڭ كۆپ مۇلاھىزە قىلىۋاتقان تېمىلارغا كارل ماركس ۋە فرىدرىخ نىچىشى سەۋەبچى بولغان.»(ۋ . ھېننىس، 1988: 162) كارل ماركس ۋە فرىدرىخ نىچىشىدىن باشقا يەنە سىگمۇند فروئىد ئىدىيەسىمۇ چۈشىنىلمەي، ئۆگىنىلمەي تۇرۇپ تىللاش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بۇ خىل بىنورمال يۈزلىنىش ھەققىدە يازغۇچى پەرھات تۇرسۇن مۇنداق يازىدۇ: «بىر نەرسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ تىللاشنىڭ لەززىتىدىن چۈشەنمەي تۇرۇپ تىللاشنىڭ لەززىتى شېرىن بولىدۇ. سەۋەبى، ئادەم ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى تىللىغاندا بىلمەسلىكتىن ئىبارەت توساقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تەمتىرەپ قالمايدۇ.»[21] مېنىڭ بۇ يەردە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان بىر نۇقتام شۇكى، بىر ئىدىيەنى ئۆگىنىش ئۇنىڭغا ئەل بوپكېتىش دېگەنلىك ئەمەس. بىز ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت ساھەلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى، غەربنىڭ بىلىش تارىخىدىكى مۇتەپەككۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن سىستېمىلىق تونۇشۇشىمىز كېرەك. بىز ئىبنى رۇشد، غەززالىيدىن تارتىپ مالىك نەبى، فەتقۇللا گۈلەنگىچە بولغان مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن، ھەم دېكارت، كانتتىن تارتىپ دېرىدا، فۇكاۋغىچە بولغان غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشۇشىمىز لازىم. بۇ ھال بىزدە «غەرب پەلسەپە تارىخى»(«ئىسلام پەلسەپە تارىخى» «مۇنبەر» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن نەشردىن چىقىپ بولدى)، «20 ـ ئەسىر ئىدىيە تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىنى كۈتىدۇ.

**7. كىتاب ئوقۇش، ئىزدىنىش ئۇسۇلىمىزنى ئىسلاھ قىلىش.** ھازىر بىزنىڭ مىللەت سانىغا نىسبەتەن ئاز ھېسابلانغان ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىدا بىر بولسا ئوقۇپلا قوپۇپ كېتىش، بىر بولسا ئوقۇغان نەرسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىش، بىر بولسا ياخشى كىتاب قەدىرسىز قېلىش خاھىشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەن نۇرغۇن كىتابخۇمار قېرىنداشىم بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا بەزىلەرنىڭ ھەرقانداق كىتابنى رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇپلا قوپۇپ كېتىدىغانلىقىنى؛ بەزىلەرنىڭ ئۆزى ئالاھىدە چوڭ بىلگەن بىر مۇتەپەككۇرنى ياكى ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى شەيئىلەرگە، ئوبيېكتىپ دۇنياغا ھۆكۈم چىقىرىشتىكى بىردىنبىر ۋاستە قىلىۋالىدىغانلىقىنى؛ بەزى «ياخشى كىتاب» ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ بىزدە ئاللىبۇرۇن چىقىپ بولغان ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشقا، ھەتتا بايقاشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى سېزىپ ھەيران قالىمەن. مەن ئويلايمەنكى، ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قوپۇپ كېتىش ئوقۇمىغانغا باراۋەر. كىتاب ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا خاتىرە قالدۇرۇشىمىز، چاتما تەسەۋۋۇر ۋە باغلاشقا ماھىر بولۇشىمىز، ئەڭ ئاخىرىدا

مۇستەقىل پىكىر قىلىپ ئوقۇغانلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ بىلىمىمىزگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. مېنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇلۇم ئۈچ: ئاۋۋال قىزىقىپ ئوقۇش، ئاندىن مۇلاھىزە قىلىش، چۈشىنىش ھەم سوئال قويۇش، ئاخىرىدا باغلاش ۋە تەتبىقلاش. ئەگەر ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش ئەلگەكلىرىدىن ئۆتكۈزمىگەندە، ئېرىشىدىغىنىمىز تېگىرقاش ۋە زېرىكىش بولىدۇ. بىزدە رومان، پوۋېست، ھېكايە ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەن ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەندىن كۆپ. بۇنى يامان ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنى چوقۇم ئوقۇش كېرەك. ئەمما، رومان ئوقۇش باسقۇچىدا توختاپ قېلىش بىر ياخشى ئوقۇرمەننىڭ سۈپىتى ھەم ئۆلچىمى ئەمەس، ھەم كىتاب ئوقۇشتىكى ئاخىرقى پەللە ئەمەس. پىكىر قىلىش ئۈچۈن بىز يەنە سۈپەتلىك، سەۋىيەلىك ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ۋە كلاسسىك كىتابلارنى ئوقۇشىمىز كېرەك. مەن جەمئىيەت تەكشۈرۈش داۋامىدا «ياخشى كىتاب» ئىزدەپ يۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇرمەننىڭ بىزدە ئالدىبۇرۇن يورۇقلۇققا چىققان بەزى ياخشى كىتابلارنى ئوقۇمىغانلىقىنى بايقىدىم. قانۇنلۇق نەشر قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ دىققەت قوزغىيالمىغان ياكى سەل قارالغان كىتابلار ئىچىدە چەت ئەللەرنىڭ پەلسەپەسى ۋە پىكرىي قۇۋۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»، «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ئوشو پەلسەپىسى»، «مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 100 مەشھۇر ئەسەر»، «غەربنىڭ تەپەككۇرى» قاتارلىق كىتابلار؛ پسىخولوگىيىگە دائىر ئەسەرلەردىن «ھاياتقا تەمسىل، قىسمەتكە ئاچقۇچ»، «قەلب خەرىتىسى»، «سىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز» قاتارلىق كىتابلار؛ سىياسىيشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن «مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم»، «سىياسىينىڭ رەزىللىكى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» قاتارلىق كىتابلار؛ ئىسلام دىنى ۋە پەلسەپەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن «قىسقىچە ئىسلام دىنى تارىخى» (ئىككى قىسىم)، «ئىسلامنىڭ سۈبھى ۋە ياشلىق دەۋرى» (ئۈچ قىسىم)، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى»، «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» قاتارلىق كىتابلار؛ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى»، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى پەلسەپە بەخلىرى» قاتارلىق كىتابلار؛ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگانىينىڭ «تارىخىي رەشىدىي»، ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخى»، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخى» قاتارلىق كىتابلار، ئىسرائىل يۈسۈپنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تارىخى»، يۈسۈپجان ياسىننىڭ «ئاتىللا»، سەئىدۇللا سەيپۇللايېۋنىڭ «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» قاتارلىقلار بار.

كىتاب ئوقۇش، ئىزدىنىش ئۇسۇلىمىزدىكى يەنە بىر مەسىلە، ئوقۇغان نەرسىگە پۈتۈنلەي ئەل بوپكېتىش ۋە ئوقۇغان نەرسىلىرىمىز ئاساسىدا خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىراش. كېرمانىيە پەيلاسوپى فرىدىرىخ نىچشې «خۇلاسىگە ئېرىشىش ــ تەسەللىيگە ئېرىشىش دېمەكتۇر» (conclusions are consolations) (فرىدىرىخ نىچشې، 1974:32) دەپ يازىدۇ. ئوقۇغان نەرسىمىز ھەرقانچە ئېسىل، قايىل قىلارلىق بولغىنى بىلەن شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم بولالمايدۇ. ئىجتىمائىيەت، ئادەمىيەت پەنلىرىدە مۇتلەق توغرا پىكىر بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، بەزىدە ئىسلام پەلسەپەسى ئوقۇغانلاردىن بەزىلەر غەربنىڭ ھەرقانداق قارىشىنى چەتكە قاقىدىغان؛ غەربنىڭ بەزى قاراشلىرىدىن، ئىدىيەلىرىدىن ئىلھام ئالغانلار ئۇيغۇرنىڭ بىلىش نەتىجىلىرىنى، ئىسلام ئىدىيەلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ ھال ئەدەبىيات، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولۇپ، ئوقۇرمەن تەسلىمچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئوقۇرمەن تەسلىمچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەم ئۆزىمىزگە جەلپكار بىلىنگەن نەرسىلەردىن قانداق مۇداپىئەلىنىشنىمۇ بىلىشىمىز، ھەم ئوقۇغان نەرسىلەرگە سوئال قويۇشىمىز كېرەك. مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆگەنگەندە «ئاۋۋال ئۆگىنىش، ئاندىن گۇمانلىنىش» پوزىتسىيەسىنى تۇتىمەن. لېكىن، بۇ دېگەنلىك چۈشەنمەي تۇرۇپ گۇمانلىنىش، بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلىشقا ئالدىراش ئەمەس.

### 8. نەشرىياتچىلار، مۇھەررىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋىجدانىي قەرز، تارىخىي يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن تونۇش.

ھەربىر مۇھەررىر تارىخ ئالدىدا، ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل نېسۋىسى ئالدىدا جاۋابكار. ئىلىم ھايانكەشلىكى ۋە ئىلىم چاكىنىلىقىغا يول قويۇۋاتقان بىر مۇھەررىر ئۆز ۋىجدانىنى سېتىۋاتقان نەشرىيات بەدىكىدۇر. ماغزاپ بىلىمنى، ۋاقتى ئۆتكەن بىلىمنى ۋە كۆچۈرۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان يازمىنى «تەتقىقات» دەپ كۆتۈرۈپ چىققان ئادەملەرنى ئىلىم ئوغرىلىرى، ئىلىم ماڭقۇرتلىرى دېيىش كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزدۇر؛ ئادەمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەرەققىياتىنىڭ كۈشەندىلىرىدۇر. بىلمىدىم، بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىش بىلەن تەڭ ژۇرنال چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆزىنى سەمرىتىش، چويقەتچىلىك پۇرسىتى دەپ چۈشەنگەن ئاز بىر قىسىم نەپسانىيەتچى مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىي قۇۋۋىتى، ئادەمىيەت ـ ئىجتىمائىيەت پەنلىرى تەرەققىياتىغا سېلىۋاتقان زىيىنىنى كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز «لەنەت تارىخى»غا قانداقراق بىر تەرزدە يېزىپ چىقارىكىن؟ بىلمىدىم، ئاغزىدىكى شوئارلارنى «مىللەتپەرۋەرلىك» دەپ چۈشىنىۋالغان، ئايرىمخانىلاردا ھاراق رومكىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ «خەلقنىڭ غېمىنى يەۋاتقان زىيالىيلىرىمىز» ئىلمىنىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان ئىشلارغا نېمىشقا سۈكۈت قىلىدىكىن؟ يەنە بىلمىدىم، بىزنىڭ نۇرغۇن قىزغىن، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىنكاس ئىقتىدارى ئۆلدىمىكىن؟ ئوقۇپلا قويۇپ كەتمەي ئاۋۋال پىكىر، ئاندىن ھەرىكەت قىلىدىغان، مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئوقۇرمەنلەر نەلەردە يۈرىدىكىن؟




## دېڭ شياۋپىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ئون تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇش

1. مىللىي دارامەت تەقسىماتىدىن ھەممەيلەن مەنپەئەتلەنسۇن.
2. جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەدەپ كەتسە، ئىنقىلاب قوزغىلىدۇ.
3. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىساق، ئىسلاھاتتا مەغلۇب بولغان بولىمىز.
4. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش مەسىلىنى ھەل قىلماي بولمايدۇ.
5. شەھەرلەرنى ھەر قانچە چىرايلىق ياسىۋالغان بىلەن يېزىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى مۇقىملاشتۇرالمىساق بەرىبىر.
6. ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرى ھەممىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىشى لازىم.
7. مائارىپ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىساق، چوڭ ئىشقا سەل قارىغان بولىمىز ـ دە، ئاخىرقى ھېسابتا تارىخىي جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قالىمىز.
8. جۇڭگودا مەسىلە چىقىدۇ دېيىلسە، ئۇ يەنىلا كومپارتىيەدىن چىقىدۇ.
9. ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشىغا باغلىق.
9. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كۆپىنىڭ مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، دوقال ـ كاشىلىلارغا ئۇچرىماي قالمايدۇ.

---

ۋاڭ جەي ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ 2009 ـ يىل 8 ـ دېكابىر سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە بېسىلغان. سۇلتانىي تەرجىمىسى. ئىلماج: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى

## «ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق» بوپقالسىچۇ؟

مەلۇم بىر ئۆلكە رەھبىرى گېزىتكە ماقالە يېزىپ، «مەسىلىلەرگە ئاۋام مەۋقەسىدە تۇرۇپ قاراپ باقايلى» دەپتۇ. بۇ گەپ توغرا قويۇلۇپتۇ ھەم شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. بۇ سۆز دۇرۇس ئېيتىلغان. ئەمما، بۇنى روياپقا چىقارغىلى بولارمۇ؟ مېنىڭچە، «ئەمەل ـ مەنسەپ ئاساس» بوپقالغان بۈگۈنكى كۈندە تەس جۇمۇڭ!

ئالايلۇق، ئاۋام دۈچ كېلىۋاتقان باللارنى ئوقۇتۇش قىيىنچىلىقى، داۋالىنىش قىيىنچىلىقى، ئۆي قىيىنچىلىقى، ئىشسىزلىق قىيىنچىلىقى ئاشۇ مەنسەپدارلارنىڭ بېشىغا كېپىپاقتىمۇ؟ ئاۋامنىڭ ئوقۇشسىز، ئىشسىز قالغان باللىرى بار، مەنسەپدارلارنىڭچۇ؟ بىز بۇرۇن باللىرى ئىشسىز قالغان مەنسەپدارلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغان. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدىكى

### ھەق گەپ ـ نەق گەپ

www.uyghurkitap.com

دىپلوماتىيە مىنىسترى جاڭ ۋېنتيەننى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ قىزى دىپلوماتىيە مىنىسترلىكىدە ماشىنىست ئىكەندۇق. دۆلەتتە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن زامانلاردا جاڭ ۋېنتيەن قىزىنى يېزىدا دېھقان بولۇشقا ئەۋەتىپ، قىيىنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنىكەن. بۇنداق ئىشنى ھازىر ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ داۋالىنىش بىلەن ئۆي مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى: مەنسەپدارلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى غېمى ئاللىقاچان تۈگىگەن. ئويلاپ باقامسىز: ئۆيىدە ھاۋا تەڭشىگۈچ، ھويلىسىدا گۈللۈكلىرى بار، ئالاھىدە داۋالىنىشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيدىغان مەنسەپدارلارنىڭ ئاۋامنىڭ ھال ـ كۈننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟

بۇنىڭلىق بىلەن مەن ئۇنداق مەنسەپدارلارنى «ئاۋام بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇش» نى خالىمايدۇ، «ئاۋام ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزۈش، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇش، ئاۋامنىڭ ھالىغا يېتىش نىيىتى يوق» دېمەكچى ئەمەس. مۇھىمى، ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدا ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن ئاۋام بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ كېتەلىشى بەسىي مۇشكۇل.

مىسالەن، مەنسەپدارلارنىڭ سىرتقا چىقىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭمۇ ئەسلىدە پۇقرالارنى مالال قىلغۇسى يوق. بىراق ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى مەنسەپدارلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ (بەلكىم ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى) مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن، كۈتۈۋېلىش تارماقلىرىمۇ تەييارلىقنى ئالدىنئالا قىلىپ بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇرغۇن ئىش خۇددى سەھنىدىكى ئويۇنغىلا ئوخشىغاچقا، مەنسەپدارلىرىمىز پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي ئىشلارنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

دوختۇرغا كۆرۈنۈش، كۆكتات سېتىۋېلىش ھەققىدە توختىلىپ باقايلى: ھازىر پۇقرالار مال باھاسىنىڭ ئۆرلىكى، دورىلارنىڭ قىممەتلىكىدىن «داد» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمما، مەنسەپدارلىرىمىز بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەرمۇ؟ ئۇلار دۇكان ـ ماگىزىنلارغا ئەزەلدىن كىرىپ باقمايدىغان، كۆكتات بازىرىغا بېرىپ باقمايدىغان تۇرسا، مالنىڭ سۈپىتى قانداق؟ ساختا مال قانداق بولىدۇ؟ كىملەر تارازىغا ھۈنەر ئىشلىتىۋاتىدۇ. مۇلازىمەت پوزىتسىيەسىدە مەسىلە بارمۇ ـ يوق؟ بۇنى نەدىن بىلسۇن!

چېقىلىدىغان، كۆچۈرۈلىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى. «پالانى باشلىقنىڭ ئۆيى چېقىلغۇدەك»، «پۇستانى باشلىقنىڭ ئۆيى كۆچۈرۈلگۇدەك» دېگەننى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ چۈنكى، مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيلىرى ساپلا شەھەرنىڭ ئوبدان يەرلىرىدە، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە پوست قويۇلىدۇ: كوچىدىكى شوپۇرلار ئۇنداق ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە سىگنال بېرىشكىمۇ پېتىنالمايدۇ. ھەممىمىز «شەھەردە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆچىيىپ كەتتى، يايمىچىلار كۆپىيىپ كەتتى...» دەپ ۋايساۋاتىمىز. ئەمما مەنسەپدارلار تۇرۇۋاتقان مەھەللىلەر ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا، مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيىنى كۆچۈرۈشى ھاجەتسىز. كۆچۈرۈشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ تېخىمۇ ئېسىل، تېخىمۇ ئازادە ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلىدۇ. ھازىر شەھەر كوچىلىرى قىستاڭلىشىپ كەتكەچكە، ئەركىن ـ ئازادە ماڭغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەمما، مەنسەپدارلار سىرتقا چىققاندا قاتناش ساقچىلىرى ئۇلار ئۈچۈن يول ئېچىپ بولغان، ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرى ئۆتىدىغان يول ـ كوچىلار ئالدىنئالا قامال قىلىنغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مەنسەپدارلار قاتناش قىستاڭچىلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار قاتناش قىستاڭچىلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان.

ھاسىلىكالام، ئۇلارنى ئاۋامنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇشنىڭ ئامالى بىرلا: يەنى ئۇلاردىكى ئالاھىدە ئىمتىيازنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. ئۇلارمۇ بازارغا كۆكتات سېتىۋالغىلى بېرىپ باقسۇن، دوختۇرخانىلاردا باشقىلاردەك ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نومۇر ئېلىپ باقسۇن، شۇ چاغدىلا ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆيىدىمۇ ئوقۇغۇسىز، ئىشسىز بالىلار بولسا ئىدى. ئاۋامنىڭ نېمە غەمدە ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلگەن بولاتتى.

---

چيەن يۈمىن ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2010 ـ يىل مارت (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **ھەزرەتئەلى تۇراق** تەرجىمىسى. تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازار ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسى مەنسەپدارلاردىن باشلىنىسكەن

جۇڭگو كومپارتىيەسى 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا: «پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ھەم بۇنداق مەسىلىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلتايلىرى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ خىزمەتكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى؛ ھەتتا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئەكسىچە، پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسىنى دەپسەندە قىلىدىغانلار چىقىۋاتىدۇ.

بېيجىڭ سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ياڭ دۇڭپىڭ ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 100 نەپەردىن ئارتۇق ئالىم ۋە باشلانغۇچ ئوتتۇرا، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى «پۇقرالىق ئېڭى ھەققىدە ئوقۇشلۇق» دېگەن تېمىدا سەككىز قىسىملىق دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. نەشردىن چىققان بۇ دەرسلىكلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئاتالغان تۆت قىسمى مۇنداق تۆت جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: پۇقرالار ئەخلاقى جەھەتتە: مېھرىبانلىق، كەڭ قورساقلىق، مىننەتدارلىق، دوستلۇق، ئەدەپ ـ يوسۇن، سەمىمىيلىك، مەسئۇلىيەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ھەمكارلىق ھەققىدىكى تېمىلار؛ پۇقرالار قىممەت قارىشى جەھەتتە: ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، سىياسىي ھەققانىيەت، تىنچلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەقىقەت ئىزدەش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ھەققىدىكى تېمىلار؛ پۇقرالارغا ئائىت ساۋاتلار جەھەتتە: دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت، دېموكراتىك سىياسىي، پارتىيە تۈزۈمى، ئەدلىيە ئادىللىقى، ئاممىۋى تۇرمۇش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتى ھەققىدىكى تېمىلار؛ پۇقرالارنىڭ ئىشتىراكچانلىقى جەھەتتە: پىكرىي مۇلاقات، نۇتۇق سۆزلەش،

مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشىش، پائالىيەت تەشكىللەش، سايلامغا قاتنىشىش، ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش، هوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، مەسئۇل تارماقلار ياكى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىش، تەكلىپ بېرىش ھەققىدىكى تېمىلار.

مېنىڭچە بۇ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تازا ماس كېلىدىغان، پۇقرالار تەربىيەسى قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەل شەرھلەپ بەرگەن ياخشى ئوقۇشلۇق. «هۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «هۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن باج يىغىدۇ»، «جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى»، «ھەققانىيەتنى قوغداش»، «دېموكراتىيەنى يولغا قويۇش» قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ ئاكتۇئال مەسىلىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما دەرسلىكتە بالىلارغا يېقىشلىق ھېكايىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چۈشىنىشلىك سۆزلەنگەن، ھەتتا قىزىقارلىق، جانلىق قىستۇرما رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سىناق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار مۇشۇنداق بىر دەرسلىكنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسىنى ئېلىمىزدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئومۇملاشتۇرۇشقا تەقەززا بولغانىدى. بىراق بەزى مەنسەپدارلار بۇ دەرسلىكلەرگە باشقىچە قاراشتا ئىكەندۇق. بۇ ھەم ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلار دەرسلىكنى تۈزگۈچىلەر بىلەن باراۋەر پىكىرلىشىپ، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدە توغرا نىيەت بىلەن تەكلىپ بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا بۇ دەرسلىكنى تارقىتىشتىن توختىتىش، تارقاپ بولغانلىرىنى دەرھال يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنى پېچەتلەپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، يۈز نەچچە مائارىپچىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىكار كەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان مائارىپ سىستېمىمىزدا پۇقرالار تەربىيەسىگە تۈزۈك ئورۇن بېرىلمىدى. بۇنىڭ دەردىنى ئەۋلادلارلا ئەمەس، ھەتتا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارمۇ تارتىۋاتىدۇ. دېمەك، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ پۇقرالىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر؛ مەنسەپدارلارنىڭ پۇقرالىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈر. 1980 - يىللاردىن باشلاپ كادىرلار تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا «تۆتلەشتۈرۈش» تەدبىرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىكى مەنسەپدارلارنىڭ مەلۇماتى ناھايىتى تېز ئۆستى. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى؛ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلارمۇ خېلى بار. ئۇلار مەكتەپلەردە كەسىپتىن، سىياسىيدىن، شۇنداقلا چەت ئەل تىللىرىدىن بىلىم ئالدىيۇ، ئەمما پۇقرالىق تەربىيەسى توغرىسىدا تەلىم ئېلىپ باقمىدى. شۇڭا مەنسەپدارلارنىڭ تولىسى پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسى ھەققىدە تۈزۈك بىر نېمە بىلمەيدۇ.

ھازىر ئىنتېرنېت تورى دەۋرىگە كىرىپ بولدۇق. شۇڭا مەنسەپدارلارنىڭ ئاشكارا سورۇنلاردىكى سۆز - ھەرىكىتى ئاۋامنىڭ نازارىتى ئاستىدا. بەزى مەنسەپدارلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئالايلۇق: جېڭجۇ شەھىرى شەھەر پىلانلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لۈجۈننىڭ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى مۇخبىرىدىن: «سىز پارتىيە تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلىمەكچىمۇ ياكى خەلق تەرەپتىمۇ؟» دېگەن سوئالى جاھانغا پۇر كەتتى. ئۇ مەنسەپدار ئاشۇ چاغدا ئېھتىمال خاتا سۆزلەپ سالغاندۇ. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ سوئالى ئېلىمىزدە هوقۇقنىڭ خەلققە مەنسۇپلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان مەنسەپدارلارنىڭ يەنىلا كۆرمىگىلىكىنى كۆرسەتتى. قارايدىغان بولساق، مەنسەپدارلار پۇقرالارنىڭ ھەق-هوقۇقىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايدىغان قەبىھە قىلمىشلارنىڭ پەقەت ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ پېڭشۇ ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «پېڭشۈنى قوشاققا قېتىش دېلوسى»، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شىفېڭ ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «مۇخبىرنى تۇتۇپ سولاپ قويۇش دېلوسى»، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىنباۋ شەھىرىدە يۈز بەرگەن «ۋاڭ شۇەينى تۇتۇپ سولاپ قويۇش دېلوسى» قاتارلىق ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر مۇنچە ۋەقە مۇنداق بىر ئورتاق مەسىلىنى، يەنى يەرلىكتىكى نۇرغۇن مەنسەپدارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بېكىتىلگەن پۇقرالىق هوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ هوقۇق يۈرگۈزۈشكە ھاكىملىق قىلىۋاتقىنى — يەنىلا ئاتام زامانىدىن قالغان «پۇقرانىڭ ئاغزىنى ئەتكەنلىك — كەلگۈسىگە تۇغان سالغانلىق» دەپ قارايدىغان قەدىمكى قارابىس — زالىم ئىدىيە ۋە «جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ئالتە ماددا» («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يولغا قويۇلۇپ، 1979 - ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) بىلەن دىكتاتورا ئىدىيەسى. يەنە كېلىپ بۇنداق ئىدىيە ھازىرقى زامان پۇقرالىرىنىڭ پۇقرالىق ئىدىيەسى بىلەن پەقەتلا سىغىشالمايدۇ.

دېمەك، مەنسەپ - ئىمتىياز دېگەنلەردىن مۇستەسنا ئاۋام گەرچە پۇقرالىق ئېڭى ھەققىدە سىستېمىلىق تەربىيە ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئىستىكىدە پۇقرالىق ئېڭىغا تەبىئىيلا يېقىن تۇرالايدۇ. ئەمما مەنسەپدارلار پۇقرالىق ئېڭى بويىچە ئاتايىن تەربىيەلەنمىسە، قولىدىكى هوقۇقنىڭ ئىمتىيازىدىن كېيىنكى تەمەننا ئەيلەپ، ھازىرقى زامان پۇقرالىرى قوبۇل قىلالمايدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.

گەپنىڭ پوسكاللىسى، مەنسەپدارلارغا پۇقرالىق ئېڭى بويىچە تولۇقلىما تەربىيە بېرىش تولىمۇ زۆرۈر بوپقالغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىبىر بىھۇدە توساق - كاشىلىلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسىگە ئائىت بىلىملەرگە دەرسلىكلەردىن ئورۇن بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا كەلگۈسىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەتىدىكى مەنسەپدارلار دەل بۈگۈنكى مۇشۇ بالىلار ئىچىدىن چىقىدۇ.

---

دېڭ دۇڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «يەن - خۇاڭ ئاتايشلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2010- يىل 3 - سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2010- يىل ئىيۇن (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## ئۇيغۇرچە تەرجىمە مۇھەررىرىدىن ئەسەرگە قوشۇمچە: «پېڭشۈنى قوشاققا قېتىش دېلوسى» ھەققىدە

گۇيجۇ ئۆلكىسى پېڭشۇ ناھىيەسىدىكى چىن جۇڭفېي ئىسىملىك بىر

مەمۇر 2006 - يىلى 15 - ئاۋغۇستتا «جىنيۈەنچۈەن. يېڭشۇ» دېگەن ماقالىدا بىر ھەجۋىي قوشاق يېزىپ، ئۇنى يانفونىدا دوست - بۇرادەرلىرىگە يوللاپ بەرگەنىكەندۇق. قوشاقتا ئاشۇ ناھىيىدىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى كىنايە قىلىنغان بولغاچقا، ئۇ، قولاقتىن - قولاققا يېتىپ ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈل ناھىيىگە تاراپ كېتىپتۇ.

قوشاقنىڭ «ئەل چايىدۇ بولىدۇل كەبىي يەراقلارغا، (ۋىيگېبىر ئاكام» (ۋىيگېبىر — ئامېرىكىنىڭ شەھۋەتنى قوزغىلىدىغان جىنسىي قۇۋۋەت دورىسى. بۇ يەردە سۆز ئويۇنى قىلىنىۋاتىدۇ. — ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىرىدىن) مەدەت بولغاچ تۆپىلارغا» دېگەن ئىككى مىسرادىكى «马» خېتى ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى ما پىڭ (كېيىن باشقا ناھىيىگە سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە يۆتكىلىپتۇ. ئەمما ئاز كۈن ئۆتمەي نۇرغۇن پارا ئالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قولغا ئېلىنىپتۇ) نىڭ فامىلىسىگە، «伟» خېتى ھاكىم جۇ ۋېينىڭ ئىسمىغا كېلىدىغان خەتكە ئوخشاپ قالغاچقا، 31 - ئاۋغۇستتا ساقچىلار چىن جۇڭفېينىڭ ئىشخانىسىنى تۇيۇقسىز ئاختۇرۇپ، كومپيۇتېرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە يانفونىنى مۇسادىرە قىپتۇ. ئاندىن چىن جۇڭفېينى كويزىلاپ ئېلىپ، ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە سولاپ قويۇپتۇ. ساقچىلار ئەتىسىدىن باشلاپ چىن جۇڭفېينى سوراق قىلىشقا كىرىشىپتۇ ۋە ئۆيىنى ئاختۇرۇپ كومپيۇتېرىنى مۇسادىرە قىلىپ، QQ نومۇرىنى پېچەتلەپتۇ. بىراق چىن جۇڭفېي ساقچىلار ئارتماقچى بولغان جىنايەتنى ھەرگىز بويىنىغا ئالماپتۇ. ئەمما ج خ ئىدارىسى 1 - ئۆكتەبىر چىن جۇڭفېينى «تۆھمەت چاپلاش جىنايىتى» بىلەن رەسمىي قولغا ئېلىپ، ناھىيىلىك سولاقخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. چىن جۇڭفېي سولاقتا ياتقان يىگىرمە نەچچە كۈندە ھەر كۈنى دېگۈدەك قوشاقتىكى ھەر بىر سۆزنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ھەققىدە سوراق قىلىنىپتۇ. 24 - ئۆكتەبىر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى چىن جۇڭفېينى «گۇناھسىز» دەپ قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى چىن جۇڭفېيغا ئەدلىيىلىك تۆلەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، تۆلەم ئەتىسىلا نەقلەشتۈرۈلۈپتۇ. بۇ، ئېلىمىزدە ئەدلىيىلىك تۆلەم ئەڭ تېز نەقلەشتۈرۈلگەن دېلو ئىكەن. ئەمما، ناھىيىدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە، ھەتتا تورلاردىمۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيىلمەپتۇ. مۇخبىرلار كوچىلاپ سورىغانىكەن، بەزىلەر: «بۇ دېلوغا ئۇلگە ئارىلاشقاچقا چىن جۇڭفېي گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى» دەپتۇ.

(www.baidu.com تورىدىن ئېلىندى)

## دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ چىقالىشىمىز ھازىرچە خام خىيال

«ھازىر جۇڭگودا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىرىمۇ يوق.» بۇ سۆزنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى شۇ جىخۇڭ ئەپەندى 12 - ئاپرېل ئوتتۇرا جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان «ئىلىم - پەن روھى ۋە ئەمەلىيەت» تېمىسىدىكى سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويدى («چاڭجياڭ گېزىتى» نىڭ 2010 - يىل 15 - ئاپرېل سانىدىن). شۇ جىخۇڭنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزى تالاي كىشىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى دېيىلىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ بىر جۇڭگودا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرالىغۇدەك ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىرىمۇ يوق. باشقىلارغا نىسبەتەن بولۇۋاتقان نوبېل مۇكاپاتى بىزگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايۋاتىدۇ. جۇڭگو ئالىي مائارىپىنىڭ كۈچ - مادارى ئېلىمىزنىڭ «چوڭ دۆلەت» لىك ئورنىغا تازا ماس كەلمەيۋاتىدۇ.

«ئامېرىكا ئاخباراتى ۋە دۇنيا خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق ئەڭ يېڭى خەۋەرگە قارىغاندا، دۇنيادىكى يۈز داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 52 - ئورۇنغا، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى 56 - ئورۇنغا تىزىلىپتۇ. دېمەك، ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت ھەتتا ئەللىكنىڭ ئىچىگىمۇ كىرەلمىدى دېگەن گەپ. گەپ تېخى بۇلا ئەمەس. شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مائارىپ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تۈزۈپ چىققان «2008 - يىلى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 500 ئۇنىۋېرسىتېت» ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئالدىنقى 200 نىڭ ئىچىگىمۇ كىرەلمەپتۇ.

پېقىر ئۆزۈممۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەيمەن. يېقىنقى يىللاردا مۇنداق ئويغا كېلىۋالدىم: ئېلىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلىرى يىلسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ؛ بىنا - ئىمارەتلىرى گويا بوي - بەستى تولىمۇ قاملاشقان كىيىم مودېللىرىدەك بارغانسېرى ئېگىزلەپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق مودېللاردىمۇ چىراي بولغىنى بىلەن بىلىم، روھ، ئۆزىگە خاس خاراكتېر بولمىسا دۇنياغا داڭدار مودېللاردىن بولالمايدۇ - دە! بىر قىسىم پروفېسسور - مۇتەخەسسىسنى تونۇيمەن. ئۇلارنىڭ نامى چىقىۋاتىدۇ - يۇ، ئەمما باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ۋاقتى چىقماي قېلىۋاتىدۇ. قىلىدىغىنى — ھە دېسىلا تېلېۋىزورغا چىقىش، سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش، چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇش، تورلۇق پائالىيەتكە قاتنىشىش. ئۇلار ئۈچۈن ئايروپىلان — خۇددى كوچىدىكى تاكسى؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغان ۋاقتى يەردە ماڭغاندىكىدىنمۇ جىق. پروفېسسور - مۇتەخەسسىسلەر بەئەينى سودىگەرلەردەك سودا ۋە مېھماندارچىلىق بىلەن بوپكېتىۋاتىدۇ؛ قوشۇمچە تاپاۋەت ئىزدەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئالىي مەكتەپلەر ئەمەل - مەنسەپ سورۇنىغا ئوخشاپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. مەسىلەن، باشقارما دەرىجىلىك بىر ئورۇننى 40 پروفېسسورنىڭ تەڭ تالاشقانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى بار. ئالايلۇق، مەكتەپ مۇدىرى شۇ جىخۇڭنىڭ دەرىجىسى مىنىستىرگە باراۋەر كېلىدۇ. ئىشقىلىپ ئىلىم سىياسىيغا بېقىنىپ جان ساقلايدۇ. ھەتتا ئىلىم بىلەن سىياسىينى ئايرىغىلى بولمايدۇ؛ ئىلىم يەنە كېلىپ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئېلىمىزدىكى تالاي دوكتورنىڭ ئەمەل - مەنسەپتە ئىكەنلىكى بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى. مەنسەپدارلارنىڭ دوكتورلۇقتا ئوقۇشى، ئۇلار يەنە بىر بالداق ئۆرلەشتە ئەسقاتىدىغان پەلەمپەي — شۇتا، خالاس. نىيەت شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا نەدىمۇ رايى بولسۇن؟ ئۇنداق ئادەملەر ياقىلىغان دېسسېرتاتسىيە قانچىلىك بولماقچىدى؟ شۇ جىخۇڭ: «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىلىرىنىڭ سانى جەھەتتە ئامېرىكا يالى ئۇنىۋېرسىتېتى

بىلەن تەڭ تۇرىدۇ» دېگەندەك قىلدى. دەرۋەقە، جۇڭگودىكى دوكتورلارنىڭ سانى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى؛ يەنە كېلىپ ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىلىرىنىڭ سانى جەھەتتىمۇ دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن ئۇنتۇپ قالمايلى: جۇڭگونىڭ دوكتور، ماگىستىرلىرىنى ئامېرىكىدەك تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئېتىراپ قىلمايدۇ.

شۇ جىنخۇئېنىڭ ئېيتىشىچە، پۇل بولسىلا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇپ چىققىلى بولارمىش. بىراق دۇنيا بانكىسىنىڭ ئالىي مائارىپقا مەسئۇل باشقۇرغۇچىسى جەمىل سەلمى (Jamail Salmi) دۇنيادىكى ھەر قايسى ئاساسلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقاپتۇ: پەقەت پۇل بولسىلا ئىش پۈتمەيدىكەن؛ دۇنيادىكى ئوقۇش پۇلى ئەڭ يۇقىرى جورجىي ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى، كېن يون ئىنىستىتۇتى، بوك كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋاسا ئىنىستىتۇتى ۋە ساراھ لاۋرېنس ئىنىستىتۇتى قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن ئەمەس ئىكەن.

جۇڭگودىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارمۇ پۇلدىن قىسىلىپ قالغان ئەمەس؛ ئۈچ قەۋەتلىك مەكتەپ ئاشخانىسىغىمۇ قوش لىفت ئورنىتالايدۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى باھالىتىش ئۈچۈن نەچچە ئون مىليون يۈەننى غىڭ قىلماي خەجلىۋېتەلەيدۇ؛ تەتقىقات خىراجىتىنى «ئوبراز قۇرۇلۇشلىرى» غا ئىككىلەنمەي ئىشلىتىۋېتەلەيدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەرمۇ پۇلدىن قىسىلىپ قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇلاردىكى ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ بەزىلىرى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىمۇ ھەم كونا ھەم قالاق. يېقىندا «سۇمۇرغ» تېلېۋىزىيىسىدىن مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇقتۇم: گېرمانىيەلىك بىر ئالىمنىڭ دېيىشىچە، گېرمانىيەگە ئوقۇشقا بارغان نۇرغۇن ئاسىيالىق ئوقۇغۇچى كونا ۋە قالاق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، يەنى «يۇمشاق دېتال» جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان؛ بىنا ـ ئىمارەت، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، يەنى «قاتتىق دېتال» لىرى كارامەت، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئىلىم مۇۋەپپەقىيىتى جەھەتتە گېرمانىيە مەكتەپلىرىنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر بىزدىكى قاتاردا يوق مەكتەپتىن بىر نەچچىنى قوشۇپلا قۇرۇپ چىققان «نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېت» لارغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى داڭدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس؛ ئۇلار ئارىسىدا ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئاشىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك؛ بىنا ـ ئىمارەتلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ئەمما، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ساپاسىز ـــ قارا قورساقلارمۇ ئاز ئەمەس. قۇرۇلغىنىغا 900 يىل بولغان ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىنا ـ ئىمارەتلىرى گەرچە كونا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا تەلىم ئالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داڭدارلاردىن بولۇپ چىقتى. مەسىلەن، يەتتە دۆلەتنىڭ 11 نەپەر پادىشاھى، 47 نەپەر نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى، 19 دۆلەتنىڭ 53 نەپەر رەئىس جۇمھۇرى ۋە باش ۋەزىرى (بۇ، ئەنگلىيەنىڭ 25 نەپەر باش ۋەزىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ 13 نەپىرى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىرىستىئان ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان)، 12 نەپەر دانىش، 86 نەپەر باش ئېپىسكوپ ۋە 18 نەپەر كاردىنال دەل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. خوش، ئۇنداقتا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنياغا مەشھۇر شەخستىن زادى قانچىنى تەربىيەلەپ چىقالىدى؟

بىز جۇڭگولۇقلار ھە دېسىلا «ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر» دەيمىز. دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ يىل 28 ـ فېۋرال چاقىرىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا 2020 ـ يىلىدىن بۇرۇن دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىر نەچچىنى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىمىز جاكارلاندى. بۇ ھال بىزنىڭ بۇرنىمىزنىڭ ئۈچىنىلا كۆرىدىغان، گەپ بىلەن شەھەر ئالىدىغان يەڭگىلتەكلىكىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت خىيالىغا كەلگەنچە قۇرۇپ چىققىلى بولىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن زامان تىرىشىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزۈم بىر جۇڭگولۇق بولغىنىم ئۈچۈن، ئېلىمىزدە دۇنيا تونۇغىدەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بولۇشىغا تەشنامەن! ئەمما ـ زە، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ چىقىش، بىز ئۈچۈن ھازىرچە خام خىيالدەك قىلىدۇ.

---

خۇجىنلياڭ ئىمزاسىدىكى بۇ مۇلاھىزە «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى »نىڭ 2010 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما »ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىل ئىيۇن (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىلار سەمىگە

1. «بالام مەكتەپ تەۋسىيە قىلىۋاتقان تەكرارلاش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ئۆگەنسە مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسۈپ قالىدۇ» دەپ ئويلامسىز؟ بىراق، بىلىڭكى، ئۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى قولنىڭ ئۇچىدا ئۇرۇپ ـ سوقۇپ تۈزۈپ قويغان كىتابلار. شۇڭا، ئۇنى ھەتتا ئاشۇ نەشرىياتنىڭ مۇھەررىرلىرىمۇ باللىرىغا ئېلىپ بېرىشنى خالىمايدۇ.

2. دەرسلىك كىتابلاردا سەرخىل مەزمۇنلار ئاز، بىمەنە نەرسىلەر جىق.

3. بالىڭىز «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسىدە ياخشى بولسا، ھەر ھالدا بۇنىڭغا سەل قارىماڭ، قارىغاندا بالىڭىز ئەڭ بولمىغاندا سەرخىل يازغۇچى بولالمىغۇدەك.

4. بالىڭىزنىڭ «ماتېماتىكا»، «فىزىكا»، «خىمىيە» دەرسلىرىدىكى نەتىجىسى ياخشى بولسا، بۇ ئەلۋەتتە پەخىرلەنگۈدەك ئىش. ئەمما، بالىڭىزنىڭ ئۆگەنگەن ئاشۇ نەرسىلەرنى چوڭ بولغاندا ئاساسەن ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

5. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھە دېسىلا بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىۋاتىدۇ.

6. سياسەت، ئىدىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە ئوقۇشلۇقلىرىنى تۈزۈۋاتقانلارنىڭ ئىدىيەسى گادىر ماچمىكىن دەيمەن.

7. ئەسلىدە بالىگىزغا ھەر كۈنى كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىدىن تەلىم بېرىۋاتقانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى دۇرۇس ئەمەس.

8. بالام ئالىي مەكتەپكە كىردى دەپ ئالدىراپ خۇش بوپكەتمەڭ، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى كۈنلىرى ئاساسەن دىگۈدەك مۇھەببەتلىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. يامان يېرى: ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كۈنى دەل ئىشسىزلار توپىغا قوشۇلغان كۈندۇر.

9. بالىگىزغا ھەقىقي بىلىم ۋە قابىلىيەت ئۆگىتىدىغىنى يەنىلا جەمئىيەت.

10. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھوقۇقدارلىرى ئىچىدە مەسئۇلىيەتچان بىلىم ئىگىلىرى، ئىستىبداتلىق باشقۇرۇش مۇتەخەسسىلىرى ئاز، بىلىمسىز ــ سامان قورساق بيۇروكراتلار كۆپ.

11. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاينىپ كەتكەن بىنورمال مۇئەللىملەر تولا؛ ئۇلار بالىگىزغا ھەتتا بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرستىشى مۇمكىن.

12. كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ مەكتەپ قۇرۇشى ھەرگىزمۇ بالىگىز ئۈچۈن ئەمەس، دۆلەت ئۈچۈن ئەمەس، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئەمەس، پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈنلا.

13. مائارىپىمىزدا كىشىلىك ھايات ۋە ئىنسانىي سۆيگۈگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئىنتايىن ئاز. بار دېگەندىمۇ تەشۋىقاتىنىڭكىسى بىر خىل، ئەمەلدىكىسى باشقىچە. شۇڭا بالىگىز ئەتە ـ ئۆگۈن پۇل دېسە دۈم چۈشىدىغان مەككار ــ نەپسانىيەتچى بولۇپ چىقسا، ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەڭ.

14. ئانا تىل ئۆگىنىش چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندىنمۇ مۇھىم ئىدى. ئەپسۇس، بالىلىرىمىز ئىنگلىزچىنى جېنىنى تىكىپ قويۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىشكە مەجبۇر.

15. «ۋاجرا سۇترا»، «توينىزم قەسىدىلىرى» ئەسلىدە جۇڭگولۇقلار ئۆگەنمىسە بولمايدىغان كىلاسسىك ئەسەرلەردىن ئىدى. ئەمما، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، بالىگىز ئۇ ئەسەرلەرنى بىر ئۆمۈر قولىغا ئېلىپمۇ باقمايدۇ.

16. بالىگىزنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىنگلىز تىلى دەرسىدىكى نەتىجىسى ئىزچىل 95 نومۇردىن چۈشمىسە، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇنى ئامېرىكىلىق بالىلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ، دېيىشكىز بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلەپ زۇۋانىنى ئۇقتۇرمىقى بەسىي مۇشكۈل؛ ھەتتا بەزىلىرى ئىنگلىز تىلىنى كېيىن بىر ئۆمۈر ئىشلىتەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

17. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى شۇنچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ پۇلدىن ئوقۇغۇچىلارغا ياكى ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىدىغىنى بەكمۇ ئاز.

18. بالىگىز مەكتەپ ئاشخانىسىدا قاچىسىدىكى ئاشنىڭ يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى تۆكىمدۇ؟ ھەببەللى، بۇنى بالىلاردىن ئەمەس، مەكتەپتىن كۆرۈڭ، چۈنكى مەكتەپ بالىلاردا ئەجىر ـ مېھنەتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈشكە ئازراقمۇ ئېرەنشمەيۋاتىدۇ.

19. ئاسپىرانتلار مائارىپنىغۇ دېمەيلا قوياۋۇڭ.

20. بالىگىزمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش بەختىيار ھاياتنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا قادىر بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

21. بالىگىزمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ماتېرىيالىزم بويىچە تەربىيەلىنىۋاتىدۇ. بىراق، ماتېرىيالىزمنىڭ ھەممىسىلا چىن ھەقىقەت بوپكېتىشى ناتايىن، يەنە كېلىپ پەن ـ تېخنىكا ناھايىتى يۈكسەلگەن ئەللەرمۇ ماتېرىيالىزمنى ھەقىقەت دەپ قارىمايدۇ. بارلىققا كەلگىنىگە نەچچە ئون يىللا بولغان ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشى بىلەن قىممەت قارىشى سىستېمىسىنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتكىنى بىلەن، بىز ئۈچۈن بىرەر سىستېمىنى بىمالال تۈزۈپ بەرگىنى يوق. شۇڭا بۈرۈن ئۆتكەن ھەم پىششىق بىلىدىغان قەھرىمانلار، ئۇلۇغلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەسلىدە كۆپتۈرۈپ توقۇپ چىقىلغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز.

22. بىز ئۆگەنگەن تارىخنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزگەرتىلگەن نەرسىلەركەن ئەمەسمۇ!

23. دەرسلىك كىتابلاردا ھە دېسىلا لىن زېشۇ، چى جىگۇاڭ، سىماگۇاڭ، خەن جۇئيەن، بەي جۈيى، سۇدۇڭپۇ قاتارلىقلارنى ئۇنداق تارىخىي شەخس، بۇنداق تارىخىي شەخس دەپ تىلغا ئالىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئىخلاسمەن بۇددا مۇخلىسلىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئەھكام ـ ئەركانلىرىنى تەۋرەنمەي ئادا قىلغۇچىلاردىن ئىدى. رېژىسسور بۇددا دىنىنى چۈشەنمىگەنلىكى ۋە لىن زېشۇدىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن «ئەپيۇن ئۇرۇشى» ناملىق كىنونى قاملاشتۇرۇپ ئىشلىيەلمىگەن.

24. كۈنگزى مەدەنىيىتى بارا ـ بارا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي روھىي ئېقىمىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئاساسىي ئېقىم غەرب دېموكراتىيەسى بىلەن بىرىكىش نۇقتىسىنى تېپىپ، ئاخىرى يېڭى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدۇ. تەيۋەن بىلەن سىنگاپور بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

25. مەكتەپلەردىكى ئايىغى چىقماس باھالاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شەكلىۋازلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قاتلىمى نادانلىق ۋە چىرىكلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن.

26. بۇگۈنكى كۈندە جاڭ بولىڭغا ئوخشاش ھەقىقىي مائارىپشۇناسلاردىن بىرىمۇ قالمىدى.

27. ئىلىم ـ پەنمۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ھەقىقەت ئەمەس؛ يەنە كېلىپ ئىلىم ـ پەننىڭ ئەسەبىي كامالىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ چېكى يوق، بالاخور نەپسى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن بايلىق تەلەپ قىلىپ، مۇھىتنى ۋەيران قىلماقتا، بۇ ھال ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانلارنى ھالاكەتكە باشلاپ بارىدۇ. ئىنسانلار شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاداققىي قارارگاھىنى ئۆز قەلبىدىن ئىزدىمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

28. مائارىپىمىزدا دىنىي تەربىيەگە پەقەتلا ئورۇن بېرىلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا ئەقەللىي دىنىي ساۋاتلارمۇ يوق.

29. كىشىنى ھەممىدىن بەكرەك ئېچىندۇرىدىغىنى يۇقىرىقىلارلا

ئەمەس؛ يەنە تېخى... مۇبادا يەر تەۋرەپ قالسىزە...، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ جۇمۇڭ!

---

ئەي سېپىپى ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «ئاتا - ئانىلار ئەنجۇمەنى» گېزىتىنىڭ 2010- يىل 16 - مارت سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2010 - يىل ماي (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى ئاسىمجان ئابلىمىت. ئىلماچ: خېجەك (خوتونسومۇل) ناھىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## پۇلنى قانداق تاپقۇلۇق؟

مېنى ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسۇن، دەپسىلەر. نېمىنى سۆزلىسەم بولاركىنتاڭ؟ سىلەرچۇ؟ قانداق گەپنى ئاڭلىغىڭلار بار؟ ھە راست! سىلەرنى قانداق پۇل تېپىشنى ئۆگەنسەك دەۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. دۇرۇس، پۇل تېپىشنىڭ ئەلمى - تەلمى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقاي.

پۇل تېپىشتا ئالدى بىلەن ھېساب - كىتابنى بىلىش كېرەك. دېسەم - دېمىسەم سىلەر بۇنىڭغا ئۇستا. ئەمما، مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ھېساب - كىتابنى قىلىپ باققان بولۇشۇڭلار ناتايىن.

**بىرىنچى، تەن ساقلىق — پۇل تاپقانلىق.** ھازىر داۋالىنىشقا پۇل سۇدەك كېتىدىغان بوپقالدى. 10 مىڭ يۈەنلەپ، 100 مىڭ يۈەنلەپ پۇل تاپقانلارمۇ دوختۇرخانىغا بىر قېتىم كىرىپ- چىقسىلا قاقسەنەم بوپكېتىدۇ. شۇڭا، ساقسىزلىق نامراتلىقىمىزغا باشلامچى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. 20 نەچچە ياشتا قان بېسىمى، 40 نەچچە ياشلاردا سەكتە - پالەچ بوپقېلىۋاتقانلىقىمىز نەسەۋەبتىن؟ بۇ، ھاراق - تاماكىغا، قورساققا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىزدىنمۇ - قانداق؟ سۈيۈق - سەلەكتىن بىزىپ مال باقماي گۆش، قىچا تەرمەي ياغ يەۋاتقانلىقىمىزدىنمۇ - قانداق؟ ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشقا سەل قاراۋاتقانلىقىمىزدىنمۇ - قانداق؟ باللارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن ئۇششاق - چۈششەك ئەخلەت يېمەكلىكلەرگە سۇيەت - ساپاسىغا قارىمايلا دۇم چۈشۈپ يەۋاتقانلىقىدىنمۇ - قانداق؟ قاراپ بېقىڭلار: يېزا - بازارلارنىڭ ئاسمىنىدىكى قاپقارا ئىس - تۈتەكلەرگە؛ زەھەرلىك ئىس پۇرقۇپ تۇرغان سانجاق - سانجاق تۇرخۇنغا؛ دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان زەھەرلىك گازلارغا! ئەنە ئۇ يەرلەردە ئەسكى - تۈسكى يېغقۇچىلار ساماندەك. دۇرۇس! تاغدەك ئەخلەتلەردىن پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئەمما، مەينەت ھاۋا، بېسىق سۇلار ئادەملەرنى كېسەل قىلىۋېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى پايدا - زىياننى ھېسابلاپ باقتۇقمۇ؟

**ئىككىنچى، باللارنى ئوبدان تەربىيىلىگەنلىك — پۇل تاپقانلىق.** «يوقسۇللار باللىرىنىڭ چوڭ بولۇشىدىن قورقىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. چۈنكى، بالاڭ ئوبدان ئادەم بولسا، يانچۇقۇڭ پۇل كۆرۈپ ھاللىنىسەن؛ ئەكسىچە بولسا، بېشىڭغا بالا بولۇپ، تاپقان - تەرگىنىڭ سورۇلىدۇ. بەزىلەر باللىرى بىلەن كارى يوق شەھەر قاتراپ پۇل تاپىدۇ. ئەمما ئۇنداقلار تاغارلاپ پۇل تاپقىنى بىلەن، باللىرىدىن بىرەرسى يا زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالسا، يا تۈرمىگە كىرىپ قالسا كۆرۈڭ، ئۇنداق ئائىلىنىڭ تۈگىشىكىنى شۇ. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيىسىدە ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىمىغۇلۇق. ئەگەر ئۇلار قىزىلكۆز - ھارامزادە بوپقالسا يۇرت - قوۋمى ۋە ئۆز بۇرادەرلىرىگە ساختىپەزلىك قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ساختىپەزلىك قىلىدۇ، گېپى كەلگەندە ئۇلارنى دوغا تىكىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇنداق ھارامتاماقلارنى ئۆز كۆڭلىگىنى ئۆزۈڭ ئال، دەپ باقساڭچۇ؟ بىكار! چۈنكى، ئۇنداق سالپى - ساياقلاردىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ، ھەزەر ئەيلەيدۇ. چاكىنالىقنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا «كۆيۈمى يوق ئادەم پالاكەتتىن ئۆرە كەلمەيدۇ» غان تۇرسا، ئىشى ئېقىش تاپامتى؟ شۇڭا، سىرتلاردا نان تېپىپ يېيەلمەي، ئۆيدە تەييار تاپ بولۇپ يەپ ياتىدۇ. ئۆيىمىزدە ئۇنداق بالاخور - ھارامتاماقتىن بىرى بولسا، تاغدەك دەپىنە - دۇنيا تاپقىنىمىز بىلىنمۇ ئۇنىڭغا دال بولمايدۇ - دە!

**ئۈچىنچى، مودىكەشلىكتىن ھەزەر ئەيلىگەنلىك — پۇل تاپقانلىق.** يېڭىدىن يېڭى مودىنى ھەمىشە سودىگەرلەر پەيدا قىلىدۇ، بىدىكلەر تارقىتىدۇ. سىزنى دەيدەيگە سېلىپ ئون يۈەنلىك كىيىمنىڭ ئورنىغا مىڭ يۈەنلىك كىيىمنى ئېلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىككىسى ئوخشاشلا كىيىم. ئۇلار بۈگۈن «قوش قاپاق چىرايلىق» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقسا، ئەتىسى «بادام قاپاق مودا» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۈگۈن قىزىل چاچنى ماختىسا، ئەتىسى يېشىل چاچنى داڭلايدۇ. مۇبادا ئۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپلا قالدىڭىزمۇ، بولدى! قىلتاققا چۈشكىنىڭىز چۈشكەن: يانچۇقىڭىزنى كولىغىنىڭىز كولىغان.

**تۆتىنچى، ئاددىي - سادىدا ياشىغانلىق — پۇل تاپقانلىق.** «ئاز يەپ، ئاسان تىرىل» دېگەن گەپتە تىرەن پەلسەپە ۋە ھېكمەت بار. ئەمەلىيەتتە باي - باياشات ئۆتكەن ئائىلىلەر چاندۇرمىغنى بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ؛ «تۆگە قانچە، يېغرى شۇنچە»؛ ئادەم قانچە ئېگىزدىن يىقىلسا شۇنچە قاتتىق چۈشىدۇ. شۇڭا، باي - باياشات ياشىغانىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى، باش ئاغرىقى بار. باي - زەردارلارنىڭ بىرەر ۋاق غىزانى «قايناقسۇ ئىچ كۆڭلۈڭ تىنچ» دەيدىغانلاردەك ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يېيەلىشى ناتايىن. مەسىلەن، بايلارنىڭ باللىرى توققۇزى تەل، غەمسىز ئۆسكەنلىكى ۋەجىدىن بەڭباش كېلىدۇ؛ باي ئائىلىلەر ھە دېسىلا جىنايەتچىلەرنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق - تە! چىقىدىغان نەپ بايلاردا تۇرسا، جىنايەتچىلەر نامراتلارغا كۆز تىكەمتى؟! دېمەك، ئارامخۇدا كۈن ئالغانلىقنىڭ ئۆزىمۇ پۇل تاپقانلىق. چۈنكى، ئارامخۇدا ياشىيالايدىغانلار قوغدىغۇچى ياللاشقا، بۆرە ئىتلارنى بېقىشقا، قورۇق تاملىرىنى ئېگىز چىتلاشقا پۇل خەجلەپ يۈرمەيدۇ. بايلارنىڭ پۇلى كۆپ، قورسىقى بەك توق بولغاچقا (ئورۇقلاش، چىنىقىش كۇلۇبلىرىنىڭ) ئەزالىق كارتىسىنى سېتىۋېلىپ، ھەر كۈنى چىنىقمىسا، ئورۇقلىمىسا بولمايدۇ. بىراق سىزچۇ؟ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى چاپىسىز، قاترايسىز، تەرلەيسىز. شۇڭا، بۇنىڭغا يانچۇق كولاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ ئۆزى پۇل تاپقانلىق بولماي نېمە؟

**بەشىنچىدىن، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، كۆپرەك پىكىر قىلغانلىق — پۇل تاپقانلىق.** بۇ گەپنى 50 ياشتىن تۆۋەنلەرگە قارىتىپ دەۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ئېسى جايىدا كېلىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بايقىشىمچە، ھازىر

www.uyghurkitap.com

تولا ئادەمنىڭ پۇل تاپالماسلىقى، تاپقاندىمۇ چىڭ تۇتالماسلىقى ئاسان ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كېتىشتىن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى ئىش ـ ئوقەتتە ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ دۇكان ـ ماگىزىنلاردا ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ دوختۇرخانىلاردا ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ خىزمەت ئىزدىگەندە ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى پارىخور ـ خىيانەتچى مەنسەپدارلار راست گەپ قىلمايدىغان بولغاچقا، ھەتتا «ئارقا ئىشىك» لەردىمۇ ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شەھەرلەرنى باشلامچى قىلدۇ، يېڭىلىقنىڭ تولىسى ئالدى بىلەن شەھەرلەردە پەيدا بولىدۇ. سەھرالار شەھەرلەرگە قارىغاندا بىر ـ ئىككى قەدەم ئارقىدا ماڭىدۇ؛ سەھرالىقلار قاقباشلىقتا شەھەرلىكلەرگە يەتمەيدۇ. ئۈستىسى بىلەن ئېلىشقان يىگى شاگىرتتىن ئېغىز ـ بۇرنى قانىمىغان كىم بار دەيسىز؟ بۇ، ئالەم ـ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن دېگەندەك خەۋەر تاپالمايۋاتقاننىڭ كاساپىتى. شۇڭا تەۋسىيەكى، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە شىشخال شىرەسىگە چاپلىشىۋالماي، ئانچە ـ مۇنچە كىتاب ئوقۇپ قويايلى. ئاقىل ـ دانىشلار بىلەن دىدارلىشىپ تۇرايلى. ھە دېسىلا «قىر ـ چاپ» كىنولىرىنى كۆرۈۋەرمەي، ئىلىم ـ ماھارەت ئۆگىتىدىغان پىروگراممىلارنىمۇ كۆرۈپ قويايلى. پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، قانۇن، سىياسەتكە ئائىت كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇپ باقايلى. تۇرلۇك ئۆگۇت ـ تەشۇىقاتتىكى گەپلەرنىڭ «ئەركەك ـ چىشىسى» نى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىۋالايلى. شۇنداق قىلالىسىڭىز، «جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز» قالمايسىز؛ بىھۇدە زىيان ـ زەخمەتلەردىن ساقلىنالايسىز.

دېگەنلىرىم تەس ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار. ھەممەيلەننىڭ پۇل تاپالىشىغا تىلەكداشمەن. كۆپ پۇل تاپقىلى بولمىسا، ئازراق تاپساقمۇ ھېساب. مۇھىمى، كىشىلىك دۇنياسىدا پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىقنى تاپالساقكەن، دېگەن ئىستەكتىمەن!

---

خەن شاۋگۇاڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «گۇاڭجۇ گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2008 ـ يىل دېكابىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئەلجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى. تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## «خەلق ئاممىسى» زادى كىم؟

خەلق ئاممىسى دېگەن بۇ سۆزنى كىچىكىمىزدىلا بىلەتتۇق. ھازىرمۇ ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. لېكىن خەلق ئاممىسى زادى كىم؟ ئۇ زادى قانداق ئادەملەر؟ بۇنىڭدا ھە دېسىلا گاڭگىراپ قېلىۋاتىمىز.

خەلق ئاممىسى بەزىدە «خەلق» دېيىلسە، بەزىدە «ئامما» دېيىلىدۇ، بەزىدە «خەلق ئاممىسى» دېيىلىدۇ. خۇددى ئادەمنىڭ ئىسمىغىلا ئوخشاش. ئىسىم دېگەننى تولۇق ئاتىسىمۇ، يېرىم ـ يارتا ئاتىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، مەنىسى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

خەلق ئاممىسى ناھايىتى سىرلىق، ئۇنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدۇ. مىسالەن، سەن ئۆزۈڭنى «خەلق» دەپ ئاتامسەن؟ ياق؛ مەن ئۆزۈمنى «خەلق» دەپ ئاتامدىمەن؟ ياق! ئىشەنمىسەڭ كوچىغا چىقىپ سوراپ باق، ھېچكىممۇ ئۆزىنى «مەن خەلق» دېمەيدۇ.

ئەمما، خەلق ئاممىسى ناھايىتى نوچى، ناھايىتى قۇدرەتلىك، چۈنكى «خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ» ـ تە!

«ياشىسۇن خەلق!» دېگەن شۇئار ئاغزىمىزغا رام. قارىغاندا خەلقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىغان ئوخشايدۇ.

«خەلق ئاممىسى نەپكە ئېرىشسۇن» دەيدىغان گېپىمىز بار. بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىشتا ئۇنى «خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتايمىز. قارىغاندا خەلق ھەر دائىم نەپكە ئېرىشىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ. «ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايمەن» دېگەن گېپىمىز بار. قارىغاندا خەلق ئاممىسى ھەممىنىڭ دوستانە مېھىر ـ مۇھەببىتىگە نائىل ئوخشايدۇ.

خەلق ئاممىسى بەك ھورۇندەك قىلامدۇ ـ قانداق؟ چۈنكى خەلقنىڭ نۇرغۇن ئىشنى باشقىلار قىلىپ بېرىدىكەن ئەمەسمۇ! شۇنداقتە، «خەلقنىڭ چاكارى» لىرى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ»، «ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىرايدۇ»، «مەن خەلققە ۋاكالىتەن...» مۇنداق، مۇنداق... «خەلق نامىدىن سىزگە تەشەككۇر ئېيتىمەن»... دېگەنلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانسىز؟! ھەببەللى! خەلق نېمىنى ئويلىغان بولسا، خەلقنىڭ ۋەكىللىرى ئۇنى خەلققە ۋاكالىتەن بېرىپ قىلىپ بېرىدۇ.

يەنە كېلىپ سىز مەيلى قەيەرنىڭ خەلق ئاممىسى بولماڭ، ئىشلىرىڭىزنى بىرى ھامان سىزگە ۋاكالىتەن بەجا كەلتۈرۈۋېرىدۇ. قۇلاق سېلىڭ: «مەن پۈتكۈل ناھىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن...»، «مەن پۈتكۈل شەھەر خەلقى نامىدىن...»، «مەن پۈتكۈل ...» دېگەن سادالارغا! ئىشقىلىپ نەگىلا بارماڭ سىزگە ئىگە بولىدىغان ۋەكىل چىقىدۇ.

«خەلق ئاممىسى» دېگەن بۇ سۆز چوقۇم ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلانسا كېرەك، چۈنكى نۇرغۇن نەرسە بۇ سۆزنى چېكىسىگە گۈل قىلىپ قىسىۋالىدۇ:

قوشۇلساڭ «خەلقنىڭ ئاۋازى» دېيىلىدۇ؛ ئۆكتە قوپساڭ «خەلقنىڭ ئورتاق دۈشمىنى» گە ئايلىنىسەن ـ دە، «خەلق ئۇرۇشىنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزى» غا غەرق قىلىنىسەن.

ھۆكۈمەتنى «خەلق ھۆكۈمىتى» دەپ، سوتنى «خەلق سوتى» دەپ، دوختۇرخانىنى «خەلق دوختۇرخانىسى» دەپ، ناخشا ئېيتىدىغانلارنى «خەلق سەنئەتكارى» دەپ، دەرس ئۆتىدىغانلارنى «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دەپ، ساقچىنى «خەلق ساقچىسى» دەپ، پۇلنى «خەلق پۇلى» دەپ ئاتايمىز. بۇرۇنلاردا باغچىنى «خەلق باغچىسى»، ئاشخانىنى «خەلق ئاشخانىسى»، مېھمانخانىنى «خەلق مېھمانخانىسى» دەيتتۇق تېخى!

بىراق خەلق ئاممىسىنىڭمۇ ھەمىشە يۈزى يورۇق بولۇۋەرمىگەچكە، بەزىدە ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىدەك تەربىيە ئېلىشىغا توغرا كېلىدىكەن.

دائىم «بۇ ئىش خەلق ئاممىسىنى تەربىيەگە ئىگە قىلدى» دېگەننى ئاڭلاپ تۇرىمىز؛ خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىلىدىغانلىكى نەرسىلەر، مەيلى ئۇ ھېكايە بولسۇن، شېئىر بولسۇن، كىنو ياكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بولسۇن ئالدى بىلەن «تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورايمىز.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزى سەل ـ پەل ئاجىزمۇ، ئەيتاۋۇر،

بەزىدە ئۇچۇق كۆرسە، بەزىدە تۇزۇك كۆرمەيدىكەن. شۇڭا بەزىدە «خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزى روشەن» دېسەك، يەنە بەزىدە «ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاما» دەيمىز. ھالبۇكى، «كۆزى روشەن ئاما» نى «مۇتلەق كۆپ ساندىكى» ئىبارىسى بىلەن، «ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاما» نى «قىسمەن» ئىبارىسى بىلەن سۈپەتلەپ ئېيتىمىز. خەلق ئاممىسى قايسى چاغلاردا ئېنىق كۆرەلەيدۇ؟ قايسى چاغلاردا «ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەي» قالىدۇ؟ «خەلق ئاممىسى» نىڭ ئۆزىمۇ دېگەندەك ئاڭقىرالمىسا كېرەك. بىراۋنىڭ كېسىلى بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭدا شۇ كېسەلنىڭ ئەمەس، دوختۇرنىڭ دېگىنى ھېساب - تە!

«خەلق ئاممىسى قوبۇل كۆرمەيدۇ» دېگەن گەپكە قارىغاندا، خەلق ئاممىسىغا گەپ يېگۈزمەك تەس ئوخشايدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا «خەلق ئاممىسى» دېگەن زادى كىم؟

ھا، ھا، ھا، بولدى، سورىمايلا قويۇڭ! خەلق ئاممىسى بۇنى «ھەرگىز ماقۇل كۆرمەيدۇ».

---

لىن چى ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل سېنتەبىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان.

# دەۋرىمىز تۇرمۇشىغا تېز سىزما

## خەۋپ ئىچىدىكى ھايات

تېلېۋىزورنى ئاچتىم: ساقچى - ئوفىتسېرلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى يانفون ئۇچۇرى ئالدامچىلىرى بىلەن قانداق ئېلىشىشنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ. يەنە بىر قانالغا يۆتكىدىم: بىر مۇتەخەسسىس يېڭى پەيدا بولغان 100 يۈەنلىك ساختا پۇلنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىن تەلىم بېرىۋېتىپتۇ. يەنە قانال يۆتكىدىم: بانكا كارتىسىدىكى پۇلنىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بوپكەتكەنلىكى، ئاپتوماتىك بانكىدىن پۇل ئالغاندا ئوغرى كۆزلەردىن ئېھتىيات قىلىش، مەخپىي شىفىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن پەخەس بولۇش لازىملىقى سۆزلىنىۋېتىپتۇ. ئۆي ئېلىم - سېتىمغا ئائىت دەۋا - دەستۇرلار مۇلاھىزە قىلىنىۋېتىپتۇ، ئادۋوكات توختامدىكى ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر خەت، ھەر بىر پەش - چېكىتنىمۇ ئانالىز قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىۋېتىپتۇ...

بولدى بەس! ھەممىنى بىلىۋالدىم، ھەممىنى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك كاللامغا يېزىۋالدىم. مىننەتدارلىقىمدىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ تېلېۋىزورغا تەزىم بەجا كەلتۈردۈم.

دېمەك، خەتەر ئىچىدە ياشاۋېتىپتىمىز. ھەممە ياقتا مەرسىيە كۈيلىرى ياڭراۋېتىپتۇ! ھەم ھوشيارلىق بىلەن، ھەم غەزەپ - نەپرەت بىلەن ئۈركۈگەن ئادەمدەك قىل ئۈستىدە جان ساقلاۋېتىپتىمىز.

ھاياتىمىز مۇنداق - زار ئىچىدىمكەن!؟ ناۋادا گالۋاڭراق بوپقالغان بولساق قانداق ياشار بولغىدۇقكىنتاڭ؟ شۇنچىۋالا كۆپ قىلتاق، قاپقان - تۇزاق، پايلاپ تۇرغان ئوۋچىلاردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلار ئىدۇق - ھە؟! ئىشقىلىپ بىلەلمىدىم.

لەتىپە

بىر ئوغرى ئوغرىلىغان پۇلغا تاماكا ئاپتۇ. دۇكانچى ئۇنىڭغا ساختا تاماكا ساتالىغانلىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ - دە، تاماكا ساتقان پۇلغا مېۋە ئاپتۇ. ئەسلىدە باققالنىڭ تارازىسىغا ھۈنەر ئىشلىتىلگەنىكەندۇق. باققال مېۋە ساتقان پۇلغا گۆش ئاپتۇ. قىزىق يېرى، قاساپ گۆشلىرىگە سۇنى ئوكۇل قىلغانىكەندۇق. ئۇ، گۆش ساتقاندا ئەمدىلا پۇل ساناي دەپ تۇرۇشىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بوپقالغان «فورمىلىقلار» ئۇنىڭغا جەرىمانە قويۇپتۇ. «فورمىلىقلار» جەرىمانىگە كەلگەن پۇلغا دورا ئاپتۇ. ئەمما ئۇ ۋاقتى ئۆتكەن دورا ئىكەن. دورىپۇرۇش دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرسا، خوتۇنى «ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ» دەپ تېلېفون قىپتۇ...

---

ۋاڭ كەيلىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «چايكا» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل 9 - سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل نويابىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# مەۋھۇم ھاياجان ۋە كەمسىنگەن غەزەپ

ئافرىقىلىق نېگىرنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئوباما ئۇيلىمىغان يەردىن ئامېرىكىغا رەئىس جۇمھۇر بولۇپ سايلاندى. ئوبامانىڭ مەسلىھەتچىسىنى مەخسۇس زىيارەت قىلغاندا بولۇنغان گەپلەر يېقىندا جۇڭگو ئىنتېر تورلىرىدا ئېلان قىلىنىۋىدى، ئوبامانىڭ سايلىنىشىدا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ مەسلىھەتچىنىڭ «كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان رەئىس جۇمھۇرمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن پەرىزى بەزى جۇڭگولۇقلارنى ئاجايىپ ھاياجانغا سېلىۋەتتى.

پەرەز دېگەن بەربىر پەرەز. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلارنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن گەپ بولۇنغانىدى. مەسىلەن، «ئامېرىكىدىكى پوكۇنى شەھەرنىڭ باشلىقى جۇڭگولۇق پۇشتىدىنمىش»، «بۇ نۆۋەتلىك نوبېل خىمىيە مۇكاپاتى ساھىبى ئالىمىمىز چيەن شۈسېننىڭ جىيەنىمىش»؛ «پۇستانى تەنھەرىكەت تۇرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونىنىڭ خوتۇنى جۇڭگولۇقمىش...» ۋاھاكازالار. شۇ سەۋەبلىك بەزى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىمىز ئاشۇ چېمپىيوننى ھەتتا «بىزنىڭ كۈيئوغۇل» دەپمۇ ئاتىدى.

جۇڭگولۇقلار جاھانغا قاپاق كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك قۇدرەت تاپقاچقا خۇاشىيا ئەۋلادلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكى، چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خۇاشىيا ئورپاقلىرى ئىچىدىمۇ خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك تەسىرى چوڭ ئەربابلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ھەممە ئىنتىلىدىغان «ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى» لىق سەلتەنەت تەختىنىڭمۇ خۇاشىيا ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغانلىقىنى ھېس قىلغان جۇڭگولۇقلار ئەلۋەتتە ھاياجانلىنىدۇ - دە!

جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياجانلىنىشى ئەلمىساقتىن قالغان. تالاي خان - پادىشاھ ئۆزلىرىنى «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دەپ ئاتاپ، كىبىرى - تەممەنادىن ئۆزىنى دۇنيادا بىر سانىغان ئەمەسمىدى؟! فېئوداللىق جۇڭگودا بەزىلەر: دىيارىمىز دېگەن دۇنيانىڭ

«مەركىزى»؛ پادىشاھ دېمەك ــ «تەڭرىقۇت» دېمەك؛ شۇڭا، جاھان ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا باش ئۇرمىقى بەرھەقتۇر، دەپ قارىغانىدى. ئۇلار سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى بېسىپ كىرگەندىلا ئاندىن سەل ـ پەل ھوشىنى تاپتىيۇ، ئەمما «بالىسى ئاتىسىنى ئۇرغان نەدە بار؟» دەپ ھەسرەت چېكىشتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرى قەد كۆتۈرۈپ خوجايىن بولغان بىز جۇڭگولۇقلار بىر مەھەل جاپالىق كۈرەش قىلغان بولساقمۇ، ئەمما سىرىقتال كۆڭۈلدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق. ھالبۇكى، يەتمىش پۇشتىمىزدىن ئۇدۇم قالغان «روھىي غالىبىيەتچىلىك» بىزنى «دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بولۇش» تەمەسىگە مۇپتىلا قىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلەت دەرۋازىلىرىمىز چەت ئەللەرگە ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتۇق. بۇنىڭ بىلەن بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ «بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق» لىقىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، «چوڭ دۆلەت» مىز، «باش كۆتۈرۈپ چىقىشىمىزغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالدى» دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلغىلى تۇردۇق. بۇنداق ھاياجان كۆپىنچە ھالدا ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئەقلىنى گال، ھۆكۈمىنى چولتا قىلىپ قويىدۇ. خۇددى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئەينى يىللاردىكى «تەسىرىمىز قانداقراقتۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە دېيىلگەنىدەك، ئەجنەبىيلەرنىڭ قۇرۇق ماختاشلىرىدىن خۇدىمىزنى يوقىتىپ قويۇپ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئاغزىدا ماختاپ، كۆڭلىدە كەمسىتۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغۇدەك دەرىجىدە بىخۇدلىشىپ كېتىۋاتىمىز. سەنشيا توسمىسى پۈتكەندىن كېيىن چەت ئەل مېدىيەلىرى ئۇنى «دۇنيا بويىچە 1 ـ توسما» دەپ قويىۋىدى، ھاياجاندىن تېرىمىزگە سىغماي قالدۇق. ھالبۇكى، دۇنيا تەبىئەت فوند جەمئىيىتى (WWF) نىڭ بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، چاڭجياڭ دەرياسىدا قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ياكى قۇرۇلىدىغان توسمىدىن 46 سى بار ئىكەن؛ شۇڭا، چاڭجياڭ دەرياسى دۇنيادىكى توسما ئەڭ كۆپ دەريا ھېسابلىنىدىكەن. بۇ توسمىلار تاتلىق سۇ ئېكولوگىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەچكە، دۇنيا بويىچە 21 دەريا ـ ئېقىننىڭ ئېكولوگىيەسى شۇ ۋەجىدىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ؛ بۇنىڭدا چاڭجياڭ دەريا ۋادىسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بىز خەق «دۇنيا بويىچە 1 ـ توسما» نىڭ شۆھرىتىدىن مەست ـ ئەلەس يۈرۈۋەرمەي، چاڭجياڭ ۋادىسى ئېكولوگىيەسىنى بۇزۇشتىمۇ «دۇنيادا بىرىنچى» ئىكەنلىكىنى يادىمىزغا كەلتۈرۈپ قويساق يامان كېتەمتى؟!

ئەجنەبىيلەرنىڭ يالغان ماختاشلىرى يەتمىگەندەك، ئۆزىمىزمۇ سەلتەنەتلىك شان ـ شەرەپلەرنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى ئالەم ـ جاھانغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئارقىلىق ھاياجان تەقەززايىمىزنى قاندۇرماقتىمىز. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېقىندا دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ «دۆلەت ساغلاملىق دوكلاتى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىكى «دۆلەت مەسئۇلىيەت كۆرسەتكۈچى» بويىچە تىزىلغان تەرتىپتە ئايرىلاپ تەكشۈرۈلگەن ئۇلگە 45 دۆلەت ئىچىدە جۇڭگو 1ـ ئورۇندا، ئامېرىكا بولسا 45 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئەمما بۇ دوكلات «سەنلۇ ـ ئۈچ مارال (三鹿) سۈت پاراشوكى ۋەقەسى» دىن كېيىن ئېلان قىلىنغاچقا، ئۇ، ھاياجان ئىچىدىكى كۆلكە سادالىرىمىزغا كۆڭۈلسىز سايە تاشلىغاندەكمۇ بولدى. يېقىندا ئېلىمىزدە «قىرغۇچى ـ 10» بەلگىلىك كۆرەشچى ئايروپىلان دۇنياغا كېلىۋىدى، چوڭ ـ چوڭ مېدىيەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئايروپىلاننى «ئۇنداق ئىلغار»، «مۇنداق قالتىس» دەپ «جاھاندا بىر» قىلىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇق دەبدەبە بىلەن ئۇرغۇتۇلغان بۇ ھاياجانلىرىمىز ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، ئاكادېمىك بەي چۇنلىنىڭ ماقالىسىدە «دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بۇ ئايروپىلانىمىز تېخنىكىلىق جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ «قىرغۇچى ـ F ـ 22»، «قىرغۇچى 35 ـ F» بەلگىلىك ئايروپىلانلىرىدىن بىر ئەۋلاد كېيىن تۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، ھاياجانلىنىشقا ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرۇپتۇ. گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزكى، بىز خەق ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالقىشلىرىغا بەك ئامراق بولغىنىمىز بىلەن، ئۇلارنىڭ تىل ـ تەنقىدلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمىز. شۇڭا بەزىدە ھاياجانلىرىمىز تەبىئىيلا غەزەپكە ئايلىنالايدۇ. مۇبادا بىرەر ئەجنەبىي قولىمىزغا ياقمايدىغان ياكى چىشىمىزغا تېگىدىغان گەپنى قىلىپ قالغان بولسا، بىر توپ «مىللەتپەرۋەر» غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «جۇڭگوغا ھاقارەت كەلتۈردى» دەپ ئۆكتە قوپىمىز. ئادەتتە، كۈچلۈكلەر تەمكىن، كەڭ قورساق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپكەتمەيدۇ. ئەمما، ئاجىزلارنىڭ زەئىپ كۆڭلى تەنقىد، ئەيىبلەش دېگەنلەرنى ئاسان كۆتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى ئاجىزلارنىڭ پىسخىكىسىمۇ ئاجىز كېلىدىغان بولغاچقا، «غۇرۇر» دىن ئىبارەت بۇ نىقاب بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىز روھىنى نىقابلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىسقىسى، بىزدىكى غەزەپ بىلەن ھاياجان بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل روھىي ھالەتتەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەنبەسى بىر. تۆت چوڭ كەشپىيات، بۈيۈك تاڭ سەلتەنەتى، كاڭشى، چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق ئۇرغۇتقان ھاياجانلىرىمىز بىلەن يېقىنقى دەۋردىكى مەغلۇبىيەتلىك تارىخ ئۆرلەتكەن غەزەپلىرىمىز ئەمەلىيەتتە تومۇرداش. دېمەك، بىزدىكى تۇيغۇ ئاشۇ ئىككى تۈرلۈك ئامىلنىڭ چاڭگىلاشما تۇغۇندىسى. ئىشقىلىپ ھەم مەنمەنچىلىك قىلىش ھەم ئۆزىنى كەمسىتىش، ھەم ئەجنەبىيلەرنى چەتكە قېقىش ھەم ئۇلارغا چوقۇنۇشتەك گادىرماش خاھىشلار ئارىسىدا پىرقىراپ يۈرۈۋاتىمىز: «مىللەتپەرۋەرلىك» ئىدىيەسىنىڭ ھاياجانلىق غىدىقلاشلىرى نەتىجىسىدە «جۇڭگونى ھاقارەتلىدى» دەپ غەزەپلىنىمىز ـ يۇ، ئەمما ئەجنەبىيلەرگە قارىغۇلارچە، ھەتتا ئەقىلسىزلەرچە چوقۇنىمىز. كورېيەدە 26 يىل ياشىغان بىر ياپون كورېيەلىكلەرنىڭ پەسكەش ئەپت ـ بەشىرىسىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قامچىلايدىغان «ئەجەل سىرتىمقى ئالدىدا كورېيەلىكلەرگە تەنبىھ» ناملىق كىتابنى يازغانىكەن، نەشىردىن چىقار ـ چىقمايلا تالاشتا قاپتۇ. ئاشۇ كىتابنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كورېيەلىكلەر ئارىسىدا «ئۆزى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش»، «ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپتۇ. قىسقىسى، كورېيەنىڭ نامرات، قالاق ھالەتتىن زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىش تارىخى «تىل ـ تەنبىھتىن قورقمىغان ئەللا روناق تاپالايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى

www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھايات ۋاقتىدا: «جۇڭگو 21 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا ئاندىن ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلەيدۇ» دېگەنىدى. مېنىڭچە، بۇ يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كامالەتنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى «تەرەققىيات» ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ بولۇپ، روھىي ھالەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، قىزىققان ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇمىزنى سوغۇققان روھىي ھالەتكە ئايلاندۇرۇش — دەۋرىمىز مەدەنىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچلىرىدىندۇر!

---

شېن جى ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل فېۋرال (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان.

# ھەر كاللىدا ھەر خىيال

▲بىر مەنسەپدارنىڭ ھايات ۋاقتىدا قانچىلىك خۇشامەتچىنىڭ يالاقچىلىقىدىن ھۇزۇرلانغانلىقىغا قاراپلا، تارىخنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ شۇنچىلىك قامچا ۋە لەنەت - نەپرەتنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ بىر جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقتا قانچىلىك يالغان ۋە لاپنى توقۇغانلىقىغا قاراپلا، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە شۇنچىلىك جەبىر - جاپا ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى قالدۇرغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

▲«ئۆلگىنىڭ كۈچى چەكسىز» بولىدۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن پۇقرادىن بىرنى تاپساقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى يۈكسىلىدۇ؛ پاك - دىيانەتلىك مەنسەپداردىن بىرنى تاپساقلا مەنسەپدارلاردىكى چىرىكلىكنى پاك - پاكىز تۈگەتكىلى بولىدۇ؛ ئىشسىز قالغاندىن كېيىن ئوغۇشلۇق ئىش تاپالىغان ئۆلگىدىن بىرەرسى چىقسىلا مىليونلىغان ئىشسىزنىڭ مەسىلىسى ھەل بوپكېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

چاكىنا رېژىسسورلار «ئۆلگىلىك تىياتىر» لارنى دەل مۇشۇنداق مەقسەتتە ياساپ چىقىدۇ.

▲«تارىخ قارشى» خىلمۇ خىل بولغىنى بىلەن، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى پەقەت بىرلا.

▲بەزىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «ئەسلىگنى ئۇنۇتما» دېگەن گەپنىڭ مۇنداق ئىككى قاتلاملىق مەنىسى بار: بىرى، «ماۋۇ تارىخنى ئېسىڭدە تۇت» دېگىنى؛ يەنە بىرى، «ئاۋۇ تارىخنى ئۇنتۇپ كەت» دېگىنى. قىسقىسى، ماۋۇ تارىخنى ئېسىڭدە تۇتۇشتىن مەقسەت، ئاۋۇ تارىخنى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

بۇنداق «تارىخ قارشى» غا پەقەت دىمىقىمنى قېقىپلا قويىمەن.

▲جۇڭگودا نەچچە ئون مىليون ئادەم مائارىپ تۈزۈلمىسىدە چاتاق چىققانلىقىنى بىلىدۇ؛ نەچچە مىليون ئادەم مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدۇ؛ نەچچە 100 مىڭ ئادەم قانداق ئىسلاھ قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قارىغاندا ئىسلاھاتنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق ئىسلاھ قىلىش لازىملىقىنى بىلمەيدىغانلار بىر نەچچىلا ئادەم بولسا كېرەك. ئەمما - زە، ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچى دەل ئاشۇ بىر نەچچەيلەننىڭ قولىدا.

بۇمۇ ئېھتىمال «دۆلەت ئەھۋالى» مىزنىڭ بىر كارتىنىسى بولسا كېرەك.

---

دۇڭ دۇڭ ئىمزاسىدىكى بۇ پارچىلار «فېليەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2009 - يىل سېنتەبىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل ئۆكتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# مەنسەپدارلار ۋە كوچا ئاپتوبۇسى

## چەت ئەلدە

بىر كۈنى فىنلاندىيە رابى ئۆلكىسى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسى ستوف كوت ناشتىدىن كېيىن كۈندىكىدەك كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن خىزمەتكە مېڭىپتۇ. ئۇ باش بېكەتتىن چىققاچقا بوش ئورۇن جىق ئىكەندۇق. ستوف كوت ئۇدۇل كەلگەن بىر ئورۇنغا ئولتۇرۇپلا سومكىسىدىن شۇ كۈنلۈك گېزىتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئاپتوبۇس ئالتىنچى بېكەتتە توختىغاندا 60 ياشتىن ئاشقان بىر ئايال چىقىپتۇ. ئەمما ئاپتوبۇستا بوش ئورۇن قالمىغاچقا، موماي تۇتقۇچقا ئېسىلغىنىچە ستوف كوتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. ستوف كوت گېزىتكە بەك بېرىلىپ كېتىپ، مومايىنى پەقەتلا بايقىماپتۇ. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشىدىغاندا ئۆزىنىڭ باياتىن بىخەستەلىك قىلغانلىقىنى بايقاپ، ھېلىقى مومايدىن ئەپۇ سوراپتۇ. مومايمۇ «ھېچقىسى يوق» دەپتۇ. بىراق، ياندىكى بىرەيلەن بۇ كۆرۈنۈشنى يانفونىدا سۈرەتكە تارتىۋالغانىكەن. ئۇ ئاشۇ كۆرۈنۈشنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شۇ كۈنى چۈشتە بىر مىنۇت ئۈچچۈرىسىدىكى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، جەمئىيەتتە شۇ ھامان «باج تاپشۇرغۇچىلار مۇشۇنداق بىر تاش يۈرەك مەمۇرنى بېقىۋاتىمىزمۇ» دېگەن غۇلغۇلا قوزغىلىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ستوف كوت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ «سوئال - سوراقلار» غا نەق مەيداندا جاۋاب بېرىپ، كوچا ئاپتوبۇسىدا گېزىت بىلەن بوپكېتىپ، ئۆرە تۇرۇپ قالغان مومايىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ ۋە ئاۋامدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئەمما، كىشىلەر ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى قوبۇل كۆرۈش تۈگۈل، تېلېفوندا تۈشمۇ - تۈشتىن ئەيىبلىگىلى تۇرۇپتۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى «ئەخلاقسىز — ساختا مۆتىۋەر»، «ئۇنىڭ ئەل - جامائەت بىلمەيدىغان باشقا ئەخلاقسىزلىقلىرىمۇ بارمۇ - تېخى!» دېيىشىپتۇ. ئەل - ئاۋامنىڭ بېسىمى ئاستىدا بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەن ستوف كوت ئۈچىنچى كۈنى مەنسىپىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ.

## جۇڭگودا

بىر كۈنى مەلۇم ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىر ياردەمچىسى ناشتىدىن كېيىن ئىشقا بېرىش ئۈچۈن كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپتۇ. (ئۇنىڭ مەخسۇس پىكاپى شۇ كۈنى بۇزۇلۇپ قالغانىكەن). نازىر ياردەمچىسىمۇ ئاپتوبۇسقا باش بېكەتتىن چىققاچقا، ئاپتوبۇستا نۇرغۇن بوش ئورۇن بار ئىكەن. نازىر ياردەمچىسى ئالدى تەرەپتىرەك بىر ئورۇندا ئولتۇرغاندىن كېيىن سومكىسىدىن شۇ كۈنلۈك گېزىتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئاپتوبۇس ئالتىنچى بېكەتتە توختىغاندا 60 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي چىقىپتۇ. ئەمما ئاپتوبۇستا بوش ئورۇن قالمىغاچقا، بوۋاي تۇتقۇچقا ئېسىلغىنىچە

www.uyghurkitap.com

نازىر ياردەمچىسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. بوۋاينىڭ ئۈستىبېشى بەك ئاددىي بولغاچقىمۇ ياكى ئۇ نازىر ياردەمچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالغاچقىمۇ، نازىر ياردەمچىسى ئۇنىڭغا يىرگەنگەندەك ئالىيىپ قاراپتۇ. بوۋاي ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىغا كېتىپتۇ. بىر مەنسەپدارنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرغانلىقىدىن ھەيران قالغان بىرەيلەن بۇ كۆرۈنۈشنى يانفوندا سۈرەتكە ئېلىۋېلىپ، ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى چۈشتە ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ كۆرۈنۈشنى «سىياسىي ساھەدىكى يېڭى ئىستىل: ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىر ياردەمچىسى كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەتتا «ھۆكۈمەت ماشىنىسى خىراجىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نازىر ياردەمچىسىنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىدا ئىشقا بېرىپ ـ كېلىۋاتقانلىقى بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى نامايان قىلدى؛ بۇ، جەمئىيەتتە ھەر ساھەنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ» دېگەندەك بايانلار كىرگۈزۈلۈپتۇ. ئەتىسى ئۆلكە گېزىتى «بىر نازىر ياردەمچىسىنىڭ ئۆگىنىش ئېڭى» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا: دەۋرىمىز رىقابەت دەۋرى، ھەممىمىزدە توختاۋسىز ئىلگىرىلەش ئېڭى بولۇشى كېرەك. نازىر ياردەمچىسىنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرۇپمۇ گېزىت كۆرۈشى بىز ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەردى» دەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى نازارەتنىڭ ئىچكى يىغىنىدا نازىر ياردەمچىسى نازىرنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ.

ئاڭلىشىمىزچە، ستوف كوت فىنلاندىيە گىراژدانلىقىدىن ۋاز كېچىپ جۇڭگو نوپۇسىغا ئۆتۈش نىيىتىگە كەپتۇدەك؛ ئۇ ھازىر ھەدەپ جۇڭگونىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقۇدەكمىش.

---

يويۇمىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل يانۋار (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان.

## تىلاۋەتنىڭ كۈچى

بىر زەنجىرسىمان رېستوران تىكساستىكى كىچىك بىر بازاردا قاۋاقخانا ئاچماقچى بوپتۇ. يەرلىك دىنىي جەمئىيەت بۇ پىلاننى توسۇش نىيىتىدە جامائەتنى پەرۋەردىگاردىن بۇ قاۋاقخانىنى ئاچقۇزماسلىقنى تىلەپ، تىلاۋەت قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ.

قاۋاقخانا پۈتۈپتۇ. ئەمما تىجارەت باشلايدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ھەپتىسى تۇيۇقسىز چاقماق چۈشۈپ، ئۇ قاۋاقخانىغا ئوت كېتىپتۇ.

دىنىي جەمئىيەت بىلەن جامائەت تىلاۋەتنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بوپتۇ. بىراق، قاۋاقخانا خوجايىنى سوتقا «قاۋاقخانىغا قارغىش تېگىپ ئوت كەتتى» دەپ دىنىي جەمئىيەت ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ.

سوتتا دىنىي جەمئىيەت قاۋاقخانىغا تىلاۋەت ۋەجىدىن چاقماق چۈشكەنلىكىنى تەن ئالماي، «بۇ بالا ـ قازاغا دىنىي جەمئىيەت جاۋابكار ئەمەس» دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ.

سوتنىڭ بۇنداق غەلىتە دېلوغا تۇنجى قېتىم يولۇقۇشى ئىكەندۇق. شۇڭا سوتچى مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇ دېلوغا قانداق ھۆكۈم قىلىشنى راستىنلا بىلەلمەي قالدىم. شۇنداقتىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ باياناتلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، دەۋاگەر، يەنى قاۋاقخانا خوجايىنى تىلاۋەتنىڭ قۇدرىتىگە شەكسىز ئىشىنىدىكەن، لېكىن جاۋابكار، يەنى دىنىي جەمئىيەت پەقەتلا ئىشەنمەيدىكەن!

---

يۈن گۇاڭ تەرجىمە قىلغان بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىلى يانۋار (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان.

## زۇڭلى جېنىدا سەۋەنلىكىنى تونۇپ تۈزەتكەن يەردە، مائارىپ تارماقلىرى نېمىشقا تەۋرەپ قويمايدۇ؟

زۇڭلى ۋېن جياباۋ يېقىندا شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان «مائارىپ بۈيۈك پىلانىدا ئوقۇتقۇچىلار ئاساس» ناملىق ماقالىسىدە تاغ جىنىسلىرىنى پېترولوگىيەلىك تۈرگە ئايرىشنىڭ دېگەندەك ئىلمىي بولماي قالغانلىقىنى بايقاپ، ئاگېنتلىق باش مۇھەررىر ئىشخانىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردىن ئاشكارا ئەپۇ سورىدى. ئادەم دېگەن بەربىر ئادەم، ئەۋلىيا ئەمەس؛ سەۋەنلىكتىن خالىي بولمىقى تەس. لېكىن، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ زۇڭلى ۋېن جياباۋ بۇ جەھەتتە بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ئۈلگە ئۆگىنىش ئۈچۈن تىكلىنىدۇ، بولمىسا قىممىتى بولمايدۇ. كىم ئۆگىنىدۇ؟ ئاساسلىقى ھۆكۈمەت، بولۇپمۇ مائارىپ تارماقلىرى ئۆگىنىشى كېرەك.

جۇڭگو مائارىپىدىن چاتاقلا ئەمەس، ھەتتا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۈلگىدىن «بولۇپمۇ مائارىپ تارماقلىرى ئۆگىنىشى كېرەك» دەيمىز. زۇڭلى ۋېن جياباۋنىڭ گېپى بويىچە مائارىپىمىزدا مۇنداق «ئىككىگە ماسلىشالماسلىق» مەسىلىسى ساقلىنىۋاتىدۇ: «مائارىپىمىز، بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە؛ ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ».

مائارىپىمىزنىڭ نەتىجىسى يوق ئەمەس، بار؛ لېكىن ئۇ قانداق نەتىجە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقىدەك «ئىككى ماسلىشالماسلىق» نى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ؛ بۇ «ئىككى ماسلىشالماسلىق» تىن كەلگەن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زور زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدۇ.

زىيان زادى قانچىلىكتۇ؟ نوبېل مۇكاپاتىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا زادى نېسىپ بولمايۋاتقانلىقى بۇ سوئالنىڭ توغرا جاۋابى، خالاس.

قانچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئىلىم ـ پەن تاجىدىكى تەڭداشسىز گۆھەر ئىكەنلىكىگە ھەرگىز كۆز يۇمالمايمىز. نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، بىر دۆلەتنىڭ دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى ئورنىنى بىۋاسىتە دەلىللەيدۇ. ھالبۇكى، ئېلىمىز دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما نوبېل مۇكاپاتى ساھىبىدىن ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ چىقمىدى.

روشەن سىلىشتۇرما بولۇۋاتقىنى، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قومەدەك چېچىلىپ كەتكەن ئۈچ مىليون جۇڭگو مۇھاجىرى ئاللىقاچان ئىلىم ساھەسىگە سەككىز نەپەر نوبېل مۇكاپاتى ساھىبىنى تەقدىم ئېتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئىلىم - پەن تالانتىنى دۇنياغا نامايان قىلدى.

بىز ئىنسانىيەتكە چوڭ - چوڭ تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز كېرەك ئىدى؛ بۇ ھەم قولىمىزدىن كېلەتتى. لېكىن نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۇنداق قىلالمىدۇق؟ بۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان باھانىمىز تولا. ئەڭ يېڭى باھانىنى نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ياڭ جېنىڭ ئەپەندى: «بىرى، دۆلەت ئىلىم - پەنگە يېتەرلىك مەبلەغ سالمايۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى، جۇڭگونىڭ ئىلىم - پەن ئەنئەنىسى گەۋدىلىك ئەمەس» دېگەندەك ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى.

ياڭ جېنىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ جاۋابى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدىكى جۇڭگو مائارىپى ۋە ئىلىم - پېنىدە نېمە ئۈچۈن يۈكسەك پەللە يارىتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ياڭ جېنىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ دەل ئاشۇ دەۋرنىڭ ۋەكىللىك مەھسۇلى. ئاشۇ دەۋر يېتىشتۈرگەن قويۇق ئىلمىي ساپا ۋە ئىجادىي روھ بولمىغان بولسا، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ياڭ جېنىڭ ئەپەندىنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەس بولغىيدى؟!

ئاشۇ دەۋرنىڭ شارائىتى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن خۇاشيا ئەۋلادلىرىدىن يەنە لى جېڭداۋ ۋە سۈي چېمۇ بار. «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يېڭى جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكى تۆھپىكار، كاتتا ئەربابلارنىمۇ ئاساسلىقى ئاشۇ دەۋر ياراتقان.

خوش، ئۇ قانداق دەۋر ئىدى؟ ئۇ بىر ئازاب - ئوقۇبەتلىك دەۋر ئىدى؛ دەھشەتلىك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئېگىزىغان دەۋر ئىدى؛ ھازىرقى زامان ئىلىم سىستېمىسى ئەمدىلەتىن شەكىللەنگەن، «ئۇزاق مۇددەتلىك ئىلىم-پەن ئەنئەنىسى» دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان دەۋر ئىدى.

ئۇ دەۋردىكى مائارىپ ۋە ئىلىم - پەنگە ئائىت كاتتا ئەسەرلەر سامان قەغەزگە يېزىپ قالدۇرۇلغانىدى. ئۇ دەۋردىكى كاتتا پېداگوگ، يېتۈك ئالىملارنىڭ كۆپى بوران ئۇچۇرۇپ تۇرغان كەپىلەردە، سەرسان- سەرگەردانلىقتا ياشىغانىدى. ئۇ دەۋر نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر سەلتەنەتلىك مۆجىزىلەرنى ياراتالىدى؟ چۈنكى ئۇ دەۋردىكى مائارىپ ئىدىيەسى دۇنياۋى ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى بىلەن ھەمنەپەس ئىدى؛ ئۇ دەۋردىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى دۇنياۋى ئىلغار مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن تومۇرداش ئىدى.

ئىدىيە بىلەن تۈزۈلمە ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېمەكتۇر. دۇنياۋى ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىگە يۈرەكلىك ياندىشالىغاندىلا، خۇاشيا ئەۋلادلىرى ئىلىم- پەن ئىختىراسىدا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتكە ئۆتتۈرۈپ قويمايدۇ. بۇنى تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بولغان.

ئېلىمىزنىڭ ئۇنۇۋېرسال دۆلەت كۈچى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولالمايۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشەندۈرسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. مەسىلە نامراتلىقتا ئەمەس، ئىلىم - پەن ئەنئەنىسىنىڭ كەملىكىدىمۇ ئەمەس، بەلكى مائارىپ ئىدىيىمىز بىلەن مائارىپ تۈزۈلمىمىزدە. زوڭلى ۋېن جياباۋنىڭ قالاق ئەنئەنىنىڭ چۈشەكلىرىنى دادىل پاچاقلاپ، مائارىپ تۈزۈلمىسى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى باھالاش ئىدىيەسى قاتارلىقلاردا يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىش ھەققىدىكى تەكىتلىمە بايانلىرى دەل نۆۋەتتىكى ھالىتىمىزگە قارىتا نىشانلىق قويۇلغان.

قىسقىسى، مائارىپىمىز ئېغىر خاتالاشتى؛ يەنە كېلىپ خاتالىقنى بويىنىغا ئالماي خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مائارىپ تارماقلىرىمىز جۇڭگو مائارىپى بىلەن دۇنياۋى ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور پەرقىنى كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنى «تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق» دەپلا قارايدىغان مائارىپ تارماقلىرىمىز ھە دېسىلا «غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان» لىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى ئۆزى ماختاش ئارقىلىق ئەل - ئاۋامغا ئۆزىنىڭ ئىزچىل ۋە ئەبەدىي توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

زوڭلى مائارىپ توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەۋاتىدۇ؛ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، مائارىپ ئۈچۈن ئالدىراۋاتىدۇ. ئالدىراۋاتقىنى يالغۇز زوڭلىلا ئەمەس، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىمۇ ئالدىراۋاتىدۇ. چۈنكى، زوڭلىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشى مائارىپتىن غەم يەۋاتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مائارىپقا پىكرى بار»، ئەمما مائارىپ تارماقلىرى تېخىچە ئويغانمايۋاتقان، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنى پەردازلاپ، ئۆزىنى ئۆزى «قالتىس» دەپلا يۈرۈۋاتقان تۇرسا، باشقىلارنىڭ ئالدىرىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟

زوڭلى چېغىدا سەۋەنلىكنى تونۇپ تۈزەتكەن يەردە، مائارىپ تارماقلىرى نېمىشقا تەۋرەپ قويمايدۇ؟ مائارىپ تارماقلىرى تەنقىد-تەنبىھلەرنى قوبۇل قىلماقتا يوق، ھە دېسىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋاتىدۇ؛ ھەتتا «زوڭلىدىنمۇ توغرىمىز!» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. دېمەك، مائارىپ تارماقلىرى پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىدىن تۈزۈك بىر ئەپۇ سوراشقا قەرزدار. قىسقىسى، مائارىپنى ئىسلاھ قىلماي، ھەتتا مائارىپ ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا چىقارماي بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب مائارىپ تارماقلىرىنىڭ «كەچۈرۈڭلار» دېگەن سۆزىدىن باشلىنىشى كېرەك!

---

شياۋشۇ ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «سۇمۇرغ بايانى» ژۇرنىلىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل دېكابىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېرىلگەن. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى **نۇرشاد مەمتىلى**. تىلماچ: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگۈچى: سېيىت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)؛ سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي (تەكلىپلىك)



## تەپەككۇر كۆزى

▲ ئالدىغا قارىغان — باتۇر، ئارقىسىغا قارىغان — قورقۇنچاق، ئىككى يېنىغا قارىغان — ئېھتىياتچان.

— تۇرسۇن قاسىم

▲ كۆز ئالدىدىكى نەپ ھەممە ئادەمنىڭ نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۈيغۇرزادە

▲ بىرى، دوختۇرخانىدا، يەنە بىرى، مەسچىت ياكى قەبرىستاندا خۇدا ئەڭ كۆپ يادلىنىدۇ.

— يۈسۈپجان مۇھەممەت

▲ رەقىبىڭ ئاجىز بولسا، باتۇرلۇقىڭمۇ چاغلىق.

— ھەسەنجان يۈسۈپ

▲ كۆلۈپ تۇرۇپ ئاچچىقلانساڭ بوشاشسەن، ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ كۆلسەڭ زەھەرخەندىسەن.

— غولام تۇرسۇن

▲ دۇنيا ئايالالار بىلەن گۈزەل، ئەرلەر بىلەن قۇدرەتلىكتۇر.

— ئىسكەندەر ئەھمىدى

▲ ھالقىلىق پەيتتە بىر قارارغا كېلەلمىسەڭ، ئۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىسەن.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

▲ تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردە خام ئەشيا كۆپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ھۈنەر-تېخنىكا.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

▲ مەڭگۈ ياش تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن چىرايلىق قېرىش مۇمكىن.

— ئامانۇللا ھىزبۇللا

▲ ئەل-جامائەت ئالدىدا ئۇسال بولماي دېسەڭ، بىرى، خۇشامەتنى ئاز قىل، يەنە بىرى، غەيۋەتنى.

— ئابدۇرەھمجان مۇھەممەت تىرەن

▲ ئاۋۋالقى ئايالىڭغا بەگ بولساڭ، كېيىنكى ئايالىڭغا قۇل بولىسەن.

— تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

▲ شائىر — يۈرىكىگە ئوت كەتكەن كىشىلەردۇر.

— ئابدۇللاجان ئابدۇلئەھەد

▲ ھايۋان يەپ سەمرىيدۇ، گەپ ئايلىنىپ.

— ئەخمەتجان مەتىمىن (بولاق)

▲ ئادەم ئازابلانغاندا ھەممە دۈشمەن كەبىي كۆرۈنىدۇ، خۇشھال بولغاندا ھەممە دوست كەبىي كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ھەممىشە دوست بىلەن دۈشمەننى ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز.

— مېھرىنسا ئابلىمىت

▲ ئىشكنى ئەتسەڭ ئۆيۈڭ، ئېغىزىڭنى ئەتسەڭ ئۆزۈڭ خاتىرجەم ياشايسەن.

— ئابلىز روزى

▲ نېمىشقا باشقىلار سېنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟ چۈنكى سەنمۇ شۇلاردەك ياشىدىڭ-دە!

— مەھمۇتجان يانتاق

▲ ئىشتان كوسارغا قاراپ يۈزلەندى، كۆڭلەك باغىرداققا قاراپ.

— ئەمەتجان رىشىت تىكەن

▲ بىر كۆڭلۈك نەتىجەڭنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى كەيپىياتىڭغا باغلىق.

— سۇرىيەدىن ھەنىپىدىن

▲ دۇنيانىڭ سىرى شۇكى، بىكار ياتساڭ كۈن ئۆتمەيدۇ، مەدىرلىساڭ ئىش مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

▲ ئىككى خىل كىشى بىلەن ئەبەدىي مۇناسىۋەت قىلما، بىرى، سېنى قارىلىغان كىشى بىلەن، يەنە بىرى، ئاتاڭنى خارلىغان كىشى بىلەن. بۇنداقلاردىن يەنە تېخىمۇ كۆپ يامانلىق كېلىشى تۇرغان گەپ.

▲ ھاياتتا بىر نەرسە كەمدەك ياشايسەن، ئېرىشكىنىڭ باشقا ئادەم، سېغىنغىنىڭ باشقا ئادەم.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

▲ بىر ئادەمنىڭ پاكىزلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، بىرى، تىرنىقىغا قارا، يەنە بىرى، چىشىغا.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇلتېكىن

▲ئۈششۈق ئادەمگە گەپ قىلغانلىق — ھەرىنىڭ ئۇۋىسىنى كوچىلىغانلىق.

— مۇھەممەتجان توختى

▲ تەۋەككۇلچىلىك قىمارغا ئوخشايدۇ، يا ئۇتىسەن، يا ئۇتتۇرىسەن.

— مۇھەممەتھۇسەين روزنەمەت

▲ خورازنىڭ سوقۇشۇشى باز-باز بىلەن بىلىنىدۇ، قىزلارنىڭ ھىيلىسى ناز بىلەن.

— تۇردى ھامۇت

▲كۆز كۆرگۈچى، دىل تونۇغۇچىدۇر.

— ئىمام مىجىت خەنجىرى

▲سىناقتىن ئۆتمىگەن دوستۇڭغا پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرساڭ، بىر بولسا پۇلۇڭدىن، بىر بولسا دوستۇڭدىن، يەنە بىر بولسا ھەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

— ئابدۇشۇكۇر قاسىم

▲ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەرھۇمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش.

— مۇھەممەتتۇرغۇن ئىسمائىل




ئۇيغۇر ئېلېكترون لۇغەتچىلىك كەسپىنىڭ باشلامچىسى، ياش كارخانىچى ئابدۇللا ئىرپان


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊
主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىل 4 ـ سان (ئومۇمىي 304 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)
باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۇەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：6元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـــ 58 باھاسى: 6 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوبزورچى يالقۇن روزى